# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان

# ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

(3)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-1490-X

ISBN 7-5373-1490-X
（民文）定价：12.00 元

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا
# دائىم ئۇچرايدىغان ئاتال-
# غۇلارغا ئىزاھات

(3)

تۈزگۈچىلەر: ئەھمەد دەرۋىش
مۇنەۋۋەر ئابلىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔古典文学常用名词解释. 3/艾买提·戴尔维什,米娜瓦尔·阿不里孜编. —喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.6
ISBN 7—5373—1490—X

Ⅰ.维… Ⅱ.①艾…②米… Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学:古典文学—词汇—维吾尔语—(中国少数民族语言) Ⅳ.I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 058975 号

责任编辑:图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对:拜合提亚尔·加苏尔

维吾尔古典文学常用名词解释(3)

编者:艾买提·戴尔维西
米娜瓦尔·阿不里孜

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本　7.75 印张　1 插页
2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月第 1 次印刷
印数:1 —— 3080　定价:12.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات (3)

تۈزگۈچىلەر: ئەھمەد دەرۋىش
مۇنەۋۋەر ئابلىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 7.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3080 —— 1

ISBN7 — 5373 — 1490 — X
باھاسى: 12.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇرلار تارىختا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىلىك مۇنبەت زېمىندا ياشىغان قەدىمكى خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن جاھانشۇمۇل ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقىنى يارىتىپ، دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مانا شۇ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ يىراق ئۆتمۈشتىن باشلانغان بۈيۈك ئەدەبىيات بولۇپ، ئۆز ھەقدارلىرى مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەل، مىللەت، تائىپىلەر، دىنىي ئېتىقادلار ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ يۈرۈشلەر بىلەن باغلانغان. ھالبۇكى، بۇ «بۈيۈك ئەدەبىيات» ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەشھۇر ۋەقەلەر، ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلار، جۇغراپىيىلىك ماكان- زامان، شەرت - شارائىتلار، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆچمەس ئىش- پائالىيەتلىرى، دىنىي توقۇنۇش، ئىچكى - تاشقى مالىمانچىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر… قاتارلىق تولىمۇ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق دىنىي ئېتىقاد يۆتكىلىشى، تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقلار، شۇنىڭدەك تارىخنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە يېڭىلىنىپ بېرىشى ئارقىسىدا كۆپلىگەن كەشپىياتلار، تارىخىي نام - ۋەقەلەر، جۇغراپىيىلىك جاي - ئاتالغۇلار، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىممەتلىك پائالىيەتلىرى، ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى… ئاتالغۇ ياكى نام سۈپىتىدە ئابستراكتلىشىپ كەتتى

ياكى پۈتۈنلەي ئۈنتۇلۇپ تارىختىن ئۆچۈپ كېتىشتەك پاجىئەگە يولۇ-
قۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە
بىر بوشلۇق ھاسىل قىلدى. بۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى
ئۆگەنگۈچىلەرگە ئەمەلىي قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق مە-
سىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوت-
سېنتى ئەھمەد دەۋرىش بىلەن مۇنەۋۋەر ئابلىزلار بۇ بوشلۇقنى تولدۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە
تەتقىقات جەريانىدا ئىرىشىپ ئىزدىنىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەت-
لەش - پىششقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا
دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىنىڭ1998- يى-
لى 1 - تومىنى، 2002 - يىلى 2 - تومىنى تۈزۈپ قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، كەڭ كىتابخانلار
ۋە كەسىپداشلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئې-
رىشتى. بۇ قېتىم ئاپتورلار ئىككى يىل ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئال-
دىنقى كىتابلارنى تۈزۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە - ساۋاقلا-
رنى يەكۈنلەش ئاساسىدا بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. كىتاب ئۆز ئىچىگە
ئالغان مەزمۇنلار بويىچە دائىم ئۇچرايدىغان نام - ئاتالغۇلار، جۇغراپى-
يىلىك ناملار، تارىخىي مەشھۇر ئورۇنلار ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخس-
لەر قاتارلىق تۆت چوڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
ئاتالغۇ - تېرمىنلار، شۇنداقلا بەزى قەدىمكى خارابىلەرنىڭ ئورنى،
جايلىشىشى، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت - ئالاقىسى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر
مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى، تەسىرى قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك
تارىخىي مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى، دى-
نىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخىي شەھەر، مەشھۇر ئورۇن-
لارنىڭ ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە
رولى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تارىخىي تۆھپىسى، قەبرىگاھى، قويۇق
رىۋايەت تۇسىگە ئىگە شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى، تەسىرى قاتارلىقلارغا

ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە شەرھى خاراكتېرلىك ئىزاھات بېرىلدى.

بۇ كىتاب يۇقىرىقى ئىككى كىتابنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا نەزەردىن چەتتە قالغان «ئاتالغۇ» لارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر، بىر قەدەر ئەتراپلىق «ئىزاھات» ىدىن تەركىب تاپقان.

## مۇندەرىجە

### I دائىم ئۇچرايدىغان نام - ئاتالغۇلار

ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى كالېندارچىلىقىدا ئاي- پەسىللەر،
كېچە - كۈندۈز ۋە سائەتلەرنىڭ بايانى........ 1
ئاتالىق ........ 2
ئاچارى ........ 2
ئاسانكى نايۇت ........ 2
ئالتە بىلىم ........ 2
ئالىپ ئاتالغۇسى توغرىسىدا ........ 3
ئامىتائايۇس ........ 10
ئايخان........ 10
ئەرەب رەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 13
ئەستۇپ ........ 15
ئەسلى كۆڭۈل ........ 16
«ئەلمىساق» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى........ 16
ئەنەتكەك........ 19
ئەھرەمەن ........ 19
باراناس ........ 20
بەش ئانتىراش ........ 20
بەش ئەقىدە ........ 21
بەلگە ........ 21
بودى كۆڭۈل ........ 21

بۇدساتۋا ........................................ 22
بورخان ........................................ 22
بوز تەڭرى........................................ 22
بۇرساڭ ........................................ 22
بىرنەچچە خىل ئۇردا ناملىرى توغرىسىدا ........................................ 23
پوئېتىكا........................................ 24
پراتىكا بۇت ........................................ 25
تابغاچ ئاتالمىسى ........................................ 25
تابغاچ يۇداسى ........................................ 25
تاش قورال دەۋرى........................................ 26
تامغا ۋە بۇيان ........................................ 27
تەۋارىخى جاهان كۇشاي........................................ 28
تارىخۇل تەۋارىخ........................................ 29
تەزمىن ........................................ 29
تەشبىھۇل ئىتىراف ........................................ 29
تەززاد ........................................ 30
توكسىن ........................................ 31
تويىن ........................................ 31
تۆت ماهاراج ........................................ 31
تۆت بۇرخان ........................................ 31
تۆت موهتاجلىق........................................ 32
جىن ........................................ 32
چىنتاماني ........................................ 32
خەمسە ۋە خەمسىچىلىك........................................ 32
دادخاھ ........................................ 40
درماكشمى........................................ 41
دارماچاكىر........................................ 42
ديان ........................................ 43

دىئونۇس ........................................ 43
رەھىل ........................................ 43
زەھھاك ........................................ 44
سادۇ ........................................ 44
ساماتسو ........................................ 45
سانسار ........................................ 45
سەرەتان ........................................ 45
سەردابە ........................................ 45
سەرمۇنشى ........................................ 46
سەيد ........................................ 46
سۇترا ........................................ 46
سۇدۇر (سۇتۇر) ........................................ 46
شارىر ........................................ 46
شاستىر ........................................ 47
شامان دىنى ئەقىدىسىدىكى تۆت رەڭ چۈشەنچىسى ........................................ 47
شەببەرەك ئەييار ........................................ 47
شەرھۇل ۋەقايى ........................................ 47
شەھىدۇللا ........................................ 47
شىرچاي ........................................ 47
شىراۋاك ........................................ 48
فەزا ........................................ 48
قاتار ........................................ 48
قارۇشتى يېزىقى ........................................ 49
قاغان ........................................ 49
قۇان ........................................ 51
قۇرۇق ........................................ 52
كاتتا تۆرە ........................................ 52
كارساپان ........................................ 52

كافۇر ........................................................... 53
كرېست ھەققىدە.................................................. 53
كۆكئارت داۋىنى ............................................... 55
كۆك بۆرە ۋە ئۇران ............................................. 55
گۆشەنىش ......................................................... 61
مانتال.............................................................. 61
ماھابۇتى دەرىخى ............................................... 62
ماھاپارى نىرۋان ................................................. 62
ماھاساتۋا ......................................................... 62
ماھاكالپ ........................................................... 62
ماھايانا ............................................................ 63
ماھايانا، ھىنايانا ................................................. 63
مەتلەئ .............................................................. 63
مەزەللەت .......................................................... 63
مەقامەت جەۋھىرى............................................... 64
مەقتەئ .............................................................. 64
مەنسىز ............................................................. 64
مەھمۇز ............................................................. 65
مەي - شاراب..................................................... 65
موتىف ۋە ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى ............................... 68
مۇئەسسە........................................................... 72
مۇختەسەر ۋەقايى ................................................ 73
مۇشەررەپ ......................................................... 73
مۆچەل ۋە مۆچەل يېشىنى ئاددىي ھېسابلاش ................... 73
مىزان ............................................................... 74
مىفتاھۇل ئەدەب .................................................. 74
نامو بۇت، نامو دراما، ناموساڭ؛ نامو بۇددايا، نامو دارمايا،
نامو ساڭگايا ...................................................... 74

نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى........................ 75
نوم.................................................................. 85
نوم بەلگە .................................................... 85
نوملايمەن .................................................... 85
نىرۋانا .................................................... 85
هىرىس قىلىش .................................................... 85
ئون پەرھىز .................................................... 86
ئون تەرەپتىن .................................................... 86
ئون تۇرلۇك پرامىت.................................................... 86
ئۇپاسى، ئۇپاسانچ .................................................... 87
ئۆچكەن - تىنچلانغان .................................................... 87
ئۆچمەنلىك، نەپرەت قاتارلىق بەلگىلەر.................................... 87
ئۇچ ئەتئۆز .................................................... 88
ئۇچ ئوغا .................................................... 89
ئىپتىدائىي تەپەككۇر .................................................... 89
ئىتا .................................................... 90
ئىچاندىك .................................................... 92
ئىسرا ۋە مىئراج .................................................... 92
ئىستىقامەت .................................................... 93
ئىككى هارۋا (ئىككى سال دېيىشكىمۇ بولىدۇ) .................. 94
ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت .................................................... 94
ئىلمى فىقھە .................................................... 94
ئىنانچ .................................................... 94
ياكشا .................................................... 94
يەلۋى.................................................... 94
يەھۋە .................................................... 95
يۇسەگۇ .................................................... 95
يۇكسەك توغرا تۇيماق .................................................... 95

## II مەشھۇر جۇغراپىيىلىك نام - ئورۇنلار

«باغراش» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........................ 97
بېھىستۇن ........................................................ 100
«توخولا» دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............ 101
تۇيۇق ........................................................ 103
تۇمەن دەرياسى ........................................................ 106
چاڭچېك — سەددىچىن ........................................ 106
سايرام كۆلى ........................................................ 107
كۇرۇڭ كۆل ........................................................ 111
مىڭئۆي ........................................................ 111
ئۇرۇمچىنىڭ يازلىق ۋاقتى ........................................ 111

## III تارىختىكى مەشھۇر شەھەر ۋە جايلار

ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئەسى ........................ 113
ئەجدىھا شەھىرى توغرىسىدا ........................................ 118
بارچۇق ........................................................ 119
بۇيلۇق ........................................................ 121
بېشبالىق شەھىرى ........................................ 121
تەتەراغى ئالتۇن تۇغ قاراخان شەھىرى خارابىسى ھەققىدە ...... 130
دۇنياغا مەشھۇر موزېي شەھەر — خىۋە ........................ 132
راۋاق خارابىسى ........................................ 142
سوغۇن سامۇر شەھىرى ........................................ 145
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ........................ 148
شەرقىي پايتەخت — ئاقسېپىل شەھىرى ........................ 149

قارا قاش ........................................ 152
قەدىمكى شەھەر — بىربالىقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ...... 153
قەدىمكى بىر قىسىم دەريا ۋە يۇرت ناملىرى ................ 154
قىزىل دەرياسىنىڭ نامى .............................. 155
«كېرىيە» دېگەن نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ...... 158
لوپنۇر كۆلى ........................................ 164
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سافار خانلىقى ..................... 167
«ئۇدۇن» دېگەن نام توغرىسىدا ......................... 168
ئۇچتۇرپان ........................................ 174
«يەكەن دەرياسى»نىڭ نامى .......................... 175

## IV مەشھۇر شەخسلەر

ئابدۇرەھمان جامى .................................. 179
ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە خاقانلىرى ..................... 182
ئەلچى ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ «ساياھەتنامە»سى .............. 192
ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد .......................... 199
تابارى ۋە ئۇنىڭ «تارىخى ئەل تابارى» ناملىق ئەسىرى...... 199
جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ......................... 202
شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ھۈسەيىن بايقارا ................ 212
«غەرىبى» تەخەللۇسلۇق شائىرلار ....................... 214
قۇرىغارخان ئانا قوشاقلىرى ............................ 220
مىرزا ھەيدەر كورەگان ................................ 223
ھىرىدوتوس ۋە ئۇنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى............. 229
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ھۈۋەيدا....................... 230

**پايدىلانغان ماتېرىياللار** .......................... 233

# I دائىم ئۇچرايدىغان نام ـ ئاتالغۇلار

**ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى كالېندارچىلىقىدا ئاي ـ پەسىللەر، كېچە ـ كۈندۈز ۋە سائەتلەرنىڭ بايانى**

1. ھەمەلدە: كۈن 12 سائەت، تۈنمۇ 12 سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلىي تۆت يېرىم قەدەمدۇر.

2. سۈردا: كۈن 13 سائەت، تۈن 11 سائەت بولۇپ، سايە ئەسلىي ئىككى يېرىم قەدەمدۇر.

3. جۇزادا: كۈن 14 سائەت، تۈن 10 سائەت بولۇپ، سايە ئەسلىي ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.

4. سەرەتاندا: كۈن 15 سائەت، تۈن توققۇز سائەت، سايە ئەسلىي بىر يېرىم قەدەم بولىدۇ.

5. ئەسەدتە: كۈن 14 سائەت، تۈن 10 سائەت بولۇپ، سايە ئەسلىي ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.

6. سۈنبۈلەدە: كۈن 13 سائەت، تۈن 11 سائەت، سايە ئەسلىي ئۈچ يېرىم قەدەم بولىدۇ.

7. مىزاندا: كۈن 12 سائەت، تۈن ھەم 12 سائەتتۇر. سايە ئەسلىي تۆت يېرىم قەدەم بولىدۇ.

8. ئەقرەبتە: كۈن 11 سائەت، تۈن 13 سائەت بولۇپ، سايە ئەسلىي ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.

9. قەۋستە: كۈن 10 سائەت، تۈن 14 سائەتتۇر. سايە ئەسلىي توققۇز يېرىم قەدەم بولىدۇ.

10. جەددىدە: كۈن توققۇز سائەت، تۈن 15 سائەتتۇر. سايە ئەسلىي ئون يېرىم قەدەم بولىدۇ.

11. دەلۋىدە: كۈن 10 سائەت، تۈن 14 سائەت، سايە ئەسلىي سەككىز يېرىم قەدەم بولىدۇ.

12. ھۇتتا: كۈن 11 سائەت، تۈن 13 سائەتتۇر. سايە ئەسلىي ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.

ھەمەل، سۈر ئايلىرى 31 كۈندىن؛ جوزا ئېيى 32 كۈن، سەرەتان، ئەسەد، سۈنبۇلە ئايلىرى 31 كۈندىن؛ مىزان، ئەقرەب ئايلىرى 30 كۈندىن؛ قەۋس، جەددى ئايلىرى 29 كۈندىن؛ دەلۋە، ھوت ئايلىرى 30 كۈندىن بولىدۇ.

## ئاتالىق

«ئاتالىق» ئاتا ئورنىدا تۇرغۇچى كىشى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ قەدىمكى زاماندا تۈرك، تاتار قوۋملىرىدا خانلارنىڭ يېنىدا مەسلە-ھەتچى سۈپىتىدە تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنۋانى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋەسىي، مۇرەببى (پەرۋىش قىلغۇچى)، مۇئەللىم دېگەن مەنى-لەردىمۇ ئىستېمال قىلىنغان.

## ئاچارى

بۇ ئاتالغۇ سانسكرىتچە [Acarya] دىن كەلگەن بولۇپ، «ئۇس-تاز»، «ھەزرەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ئاسانكى نايۇت

«ئاسانكى» سانسكرىت تىلىدىكى asamkhyeya (چەكسىز ۋا-قىت) دېگەن سۆزدىن، «نايۇت» سانسكرىت تىلىدىكى nayuta (ھېسابسىز، سانسىز) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ ئىككى سۆز مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ، «سانسىز ۋاقىت، ھېسابسىز دەۋر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

## ئالتە بىلىم

بۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى «18 ئالەم» دىكى ئالتە بىلىمنى كۆرسە-

تىدۇ. ئۇ كۆز بىلەن كۆرۈش بىلىمى، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش بىلىمى، بۇرۇن بىلەن پۇراش بىلىمى، تىل بىلەن تېتىش بىلىمى، بەدەن بىلەن سېزىش بىلىمى، كۆڭۈل بىلەن ئۇقۇش بىلىمىدىن ئىبارەت.

## ئالىپ ئاتالغۇسى توغرىسىدا

«ئالىپ» سۆزى قەدىمكى دەۋر قەھرىمانلىق داستانلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مەشھۇر يېگانىسى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەيسەر خاقانى ئافراسىياپنى «ئالىپ ئەرتۇڭا» دەپ ئاتىغان. مۇشۇ كىتابنىڭ 1- توم 59 - بېتىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: «ئالىپ — باتۇر، قەھرىمان. باتۇر يېغىدا بىلىنەر، ئالپاڭ جاڭجالدا.» شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟
ئېيسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

يەشمىسى: «خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە - پارەت بولماقتا.»

«پەلەك ئۆچىنى ئالغان» ، «ئەمدى يۈرەك يىرتىلغان» دەرىجىگە بارغۇدەك مۇسىبەت ئېلىپ كەلگۈچى ئالىپ ئەرتۇڭا زادى كىم؟

ئۇلۇغ شائىر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ غەزنەۋىيلەر سۇلتانى سۇبۇك تېكىننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي (مىلادىيە 997 — 1030 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان «شاھنامە» ناملىق داستانىدا ئافراسىياپنى «تۇران پادىشاھى» دەپ ئاتىغان. دوكتور ئەسئەت سۇلايمان «تارىم قوۋۇقى

چېكىلگەندە» ناملىق ئەسىرىدە ئىران مەنبەلىرىدىن نەقىل كەلتۈ-
رۈپ، «Turan» ئاتالغۇسى بىلەن «Turuk» ئاتالغۇسىنىڭ يىلتىزى-
نى ئىراننىڭ قەدىمكى پادىشاھلىرىدىن فېرىدوننىڭ (Fereedon) ئىك-
كىنچى ئوغلى تۇر (Tur) دىن تۇرلىنىپ چىققانلىقىنى، «تۇران»
دېگەن بۇ زېمىن فرانسىيە ئالىمى ئەلى مازاھىرى ئەپەندىنىڭ چۈشەن-
دۈرۈشى بويىچە يېپەك يولىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن يىراق شەرق
ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايونلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ
يەنە مۇشۇ ئەسىرىدە مەنبەلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «خۇددى تاجىك
ئالىمى باباجان غافارۇپ يازغاندەك ‹ بارلىق شەرقىي ئىران قوۋملىرى
كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىي قىس-
مىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇلار يالغۇز تاجىكلارنىڭلا ئېتنىك تەركىبىنى
ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان
مىللەتلەرنىڭمۇ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. شۇنداق ھۆكۈم
قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا شەرقىي ئىران
قوۋملىرى بىلەن يايلاق ھاياتى كەچۈرگەن تۈرك قەبىلىلىرى بىر -
بىرىگە يېقىن قوشنا بولۇپ كەلگەن. ›
شۇ سەۋەبتىن ئىران ئەدەبىياتىدا فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» نام-
لىق ئەسىرى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىران مەنبەلىرىدە تۇران
ئۇقۇمى بىلەن تۈرك ۋە تۈركىي ئۇقۇملىرى بىر - بىرى بىلەن
گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنغان.
فىردەۋسىمۇ مۇشۇ ئەندىزە بويىچە تۇران پادىشاھى ئافراسىياپنى
تۈركلەرنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئىراد-
لىقلارغا قارشى قىلىپ قويىدۇ» دەپ يازغان.
لى يۇڭ ئەپەندى بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ھەققىدە: «ئافراسىياپ
ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ رىۋايەتلىرى ئىران ئەدەبىيا-
تىدىن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا كۆچۈش، تارقىلىش (ئەلۋەتتە، بۇ
جەريان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ
تۈركلىشىش جەريانى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى) جەريانىدا

باش تېما ۋە سۇژېت قۇرۇلمىسىدىن ئېستېتىك قاتلاملىرىغىچە بولغان تەرەپلەردە تامامەن قايتا ئىجادىيەت جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. مىلادىيە X — XI ئەسىرلەردە ئافراسىياپ ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پارچىلىرى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا يازما خاتىرىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇن بۇ رىۋايەتلەر ئېھتىمال تۈركىي قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىل تارقىلىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. يىراق قەدىمكى زامان ئىران ئەپسانىلىرىدا قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك ۋە ھالاكەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تامامەن سەلبىي تۈس بېرىلگەن ئافراسىياپ تۇران قوۋملىرى (Turanians كەڭ مەنىدىكى تۈركىي قوۋملىرىنىڭ يەنە بىر قەدىمكى ئاتىلىشى) ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇر سەركەردىسىگە، ئۇلۇغ پادىشاھىغا ھەمدە جەڭگە ماھىر ھەربىي قوماندانىغا ئايلاندى، شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد مەدھىيىلىشىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى» دەيدۇ.

ئافراسىياپنىڭ نامى ۋە قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىسلامىيەتتىن خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەر گەۋدىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشى داۋامىدا دەسلەپ «تۇران» ، كېيىنچە «تۈرك» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانىغا ئايلانغان. «ئالىپ ئەرتۇڭا» دەپ مەدھىيىلەنگەن بۇ قەھرىماننىڭ نامى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى X — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا شەرقىي ئىراندا مەيدانغا كەلگەن زورۇئاستىر (Zoro — astra) دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ «زەمياد ياشت» (zamyad — yasht) بابىدا رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان ئافراسىياپ مۇقەددەس زورۇئاستىر تەرىپىدىن ئىرانلىقلارغا بەخشەندە قىلىنغان «ئىلاھىي نۇر» نى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. «ئاۋېستا» نىڭ «زەمياد ياشت» بابىدا بۇ ھالەت مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

[ئىلاهى نۇر] پاك تەبىئەتلىك زورۇئاستىرغا،
ھەم ئارىيان (ئىران) قوۋمىگە مەنسۇپ،
قارا نىيەت تۇرانى فەرەڭراسىيان (ئافراسىياپ)،
فەرراخ كارتى دەرياسىدىن [ئىلاھى نۇر]نى تارتىۋالماقچى بولىدۇ،
لېكىن ئۇنىڭ كىيىم سېلىپ، دەرياغا سەكرىگەنلىكىنى كۆردى.
فەرەڭراسىيانىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
[ئىلاھى نۇر] تېزلىك بىلەن -
فەرراخ كارتى دەرياسىدىن سەكرەپ چىقىپ،
خىسراۋ كۆلىگە شۇڭغۇدى.

دېمەك، يۇقىرىقى پاكىت ۋە بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئافراسىياپ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان شىر يۈرەك قەھرىمانى بولۇپ، «ئالىپ»لىق مەرتىۋىسىگە لايىق كىشى بولغان. «ئالىپ»لىق سۈپەتمۇ ئەنە شۇنداق ھەم شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان، ھەم باتۇرلۇق - قەھرىمانلىق خىسلەتلىرىگە ئىگە بولغان قەھرىمانلارغا بېرىلىدىغان نام بولىدۇ.

«ئالىپ» نامى توغرىسىدا يەنە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»دىمۇ مۇھىم مەلۇماتلار بار. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» تېكىستىنىڭ جەنۇب تەرەپ قۇرىدا: «(5)··· ئالتۇن - كۈمۈش ئىسگىنى بۇڭسۆز قوتاي ئانچا بىرۇر؛ تابغاچ بۇدۇن سابى سۇچىگ ئاغىسى يىمشاق ئەرمىس، سۇچىگ سابىن يىمشاق ئاغىن ئاراپ ئىراق بۇدۇنۇنىغ ئانچا ياغتىر ئەرمىس. ياغارۇ قۇنتۇقتا كىسرە ئانىيغ بىلىگ ئانتا ئۆيۈر ئەرمىس.»

(6) ئەدگۈ بىلىگ كىسىگ ئەدگۈ ئالىپ كىسىگ يورۇتماس ئەرمىس. يەشمىسى: (5)··· تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوۋغىلىرى ئېسىل ئىكەن. تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. (ئۇ-

لارغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن. (6) ياخشى، ئەقىللىق كىشلەرنى، ناھايىتى باتۇر كىشلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن.

مۇشۇ تاشنىڭ شەرق تەرىپىگە: «(3)… ئوقسىز كۆك تۈرك (ئىتى) ئانچە ئولۇرۇر ئەرمىس. بىلگە قاغان ئەرمىس، ئالىپ قاغان ئەرمىس، بۇيۇرۇقى يەمە بىلگە ئەرمىس ئەرىنچ. ئالىپ ئەرمىس ئەرىنچ؛» يەشمىسى: ئىگىسىز قالغان كۆك تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئۇلار دانا خاقان ئىكەن. باتۇر خاقان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك. يەنە مۇشۇ تاشنىڭ شىمال تەرىپىگە: «(2) (كول) تىگىن ئول سوڭۇسدە ئوتۇز ياشايۇر ئەرتى؛ ئالىپ شالچى (ئاق - ئا) تىن بىنىپ ئويلايۇ تەگدى. ئەكى ئەرىگ ئۇدشىرۇ سانچىدى. قارلۇقوغ ئۆلۈرتىمىز، ئالتىمىز؛ ئاز بۇدۇن ياغى بولتى؛ قارا كولتە سۇڭۇشتىمىز. كول تىگىن بىر قىرىق ياشايۇ ئەرتى؛ ئالىپ شالچى ئاقىن بىتىپ بىتىپ (3) ئوپلايۇ تەگدى.» يەشمىسى: كۆلتېگىن بۇ قېتىمقى جەڭدە 30 ياشلاردا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. قارلۇقلارنى ئۆلتۈردۇق. ئۇلارنى قولغا چۈشۈردۇق. ئاز خەلقى بىزگە دۈشمەن بولدى. (ئۇلار بىلەن) قارا كۆلدە جەڭ قىلدۇق. ئۇ (چاغدا) كۆلتېگىن 31 ياشتا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ (3) جەڭگە ئېتىلىپ كىردى دەپ يېزىلغان.

تېكىستتىكى بايانلار ۋە يۇقىرىقى قاراشلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، قەدىمكى دەۋرلەردە قەھرىمانلارغا بېرىلىدىغان «ئالىپ» نامى ئادەتتىكى كىشلەردىن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل دەرىجىلىرى جەھەتتىنمۇ پەرقلىق بولغان كىشلەرگە بېرىلىدىغان ئالاھىدە نام بولۇپ، ئۇ قەھرىمانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى بولغان.

قەدىمكى دەۋرلەردە قەھرىمانلىق نامىنى بىلدۈرىدىغان «ئالىپ»

سۆزىدىن باشقا، يەنە «سۆكمەن» دېگەن ئاتالغۇمۇ قوللىنىلغان. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ 1 - توم، 578 - بېتىدە بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ كېلىپ: «سۆكمەن — باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلارنىڭ بىرى. مەنىسى: جەڭدە سەپلەرنى يارغۇچى قىران كىشى» دېمەكتۇر، دەپ يازىدۇ.

دېمەك، «سۆكمەن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسىدىن قارىغاندا ئۇمۇ باتۇرلارغا بېرىلىدىغان نام بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ناملارغا ئېرىشكەن كىشىلەر ئالاھىدە باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقىدىن باشقا، «ئالىپ» ئۇنۋانىدىكى كىشىلەردىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان قەھرىمانلارغا بېرىلىدىغان نام بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا، دۈشمەنىنىڭ كەلگەنلىكىدىن سۆز ئېچىلغاندا: «كەلگىنى ئالىپ (قەھرىمان) ئىدى» دېيىلگەن بولۇپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ چوڭ ئەمەلدارى مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

«ئالىپ» سۆزى ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلىدا داۋاملىق ساقلىنىپ قالغانىنىڭ سىرتىدا، ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا سۈپەت بولۇپ قوشۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئالىپ ئارسلان، ئالىپ تىكىن... دېگەنلەردەك.

ئالىپلىق روھ ۋە ئالىپلىق چۈشەنچىسى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ۋە ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ئۇرۇش، زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ياكى ئۆز قوۋمىنى قوغداش ۋە زېمىنلىرىنى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش قاتارلىق ئۇرۇشلاردا ئالىپلارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولغان. ئالىپلار ئۇرۇشتا ئۆز جاسارىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى تەشكىللەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، سەپنى مۇستەھكەملەپ، بىرلىككە كەلگەن يېمىرىلمەس سەپ تۈزۈش، ئۇرۇشتا باشقىلارنى «سۆكمەن» لىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش، مۇۋاپىق دەرىجىدە تارتۇقلاش ئارقىلىق قوشۇننىڭ

ھەيۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىنى يارىتقۇچىلىق رولىنىمۇ ئوينىغان. قەھرىمانلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى باش قەھرىمان ئالىپلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالىپلىق، بىلىگلىك (بىلىملىك) بولۇش بىلەن ئۆز شۆھرىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېڭىدا ۋەتەننى قوغداش، ئەل - يۇرتنىڭ ئاسايىشلىقىنى مەڭگۈلۈك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە جەڭگە تەييار تۇرۇش ئىستىكى بولغان. ئۇلار ئالىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇرۇشقا ستىخىيىلىك تۈستە ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق يوسۇندا قاتنىشىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قەدىمكى دەۋردە قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەيدىغان «ئەرىز قاغىز» دېگەن سۆزمۇ بار بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«25. ogoz kagan bir ariz
26. kagaz kixi ardi
235. ···qarigda
236. bir baduk kagiz ar bag bar ardi»

يەشمىسى: «25. ئوغۇز خاقان بىر
26. باتۇر ئادەم ئىدى.
235. لەشكەرلەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى.
236. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىدى.»

«ئەرىز قاغىز» ئالىپ ۋە سۆكمەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش سەپلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى باتۇرلۇق، يۈرەكلىكلىك ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى بىلەن ئۇۋ يەرلىرىدە ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان، مەلۇم مۇشكۇلاتلاردا ئۆزىدىكى تەۋەككۇلچىلىك روھى بويىچە ئىش ئېلىپ

بارىدىغان ئادەملەرنى كۆرسەتكەن. بۇ خىل روھنىڭ قەدىرلەشكە ئەر-
زىيدىغان بىر تەرىپى، كېيىن پەيدا بولىدىغان جەڭگىۋار ئۇرۇشلاردا
ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئاساس تىكلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.
مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاندىكى بۇ خىل روھ ئۇنىڭ
كېيىنكى ئالىپلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ يېتىلىشىنى مۇھىم ئىجتىمائىي
ئاساسقا ئىگە قىلغان. ئوغۇز خاقان مۇشۇ خۇسۇسىيىتى ئارقىلىقلا
مۇشەققەتلىك ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ نۇسرەت قازى-
نىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدىن
كېيىن، «ئالىپ» دېگەن بۇ سۆز بۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر
ئارىسىغا «باتىر»، «ماتىر» شەكىللىرىدە ئۆزلەشكەن. بۇ سۆز شۇ
دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان چۆچەك ۋە
قىسسىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. بۇ سۆز ھازىرقى تۈركىي
تىل ئادەتلىرىمىزدىكى «جەسۇر، پالۋان، كۈچلۈك، قورقماس» دې-
گەن مەنىلەرنى بېرىدىغان قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «ئالىپ» ۋە
«سۆكمەن» سۆزلىرى بىلەن تەڭداش مەنىلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

### ئامىتائايۇس

بۇ، بۇرخان نامى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى amaitayus
(چەكسىز ياشىلىق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ئۇ غەربتىكى شادلىق
دۇنياسىنىڭ ئىلاھى دېيىلىدۇ.

### ئايخان

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى باش قەھرىمان ئوغۇز خاقاننىڭ ئانى-
سىنىڭ ئىسمى. ئېپوس ۋەقەلىكىدىن قارىغاندا ئايخاننىڭ ئېرىنىڭ
كىم ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئايخان كىشىلەر شادلىققا مۇيەسسەر
بولغان قۇتلۇق بىر كۈندە ئوغلى ئوغۇزخاننى تەۋەللۇت قىلىدۇ.
ئايخاننىڭ ئىسمىنى باشقىلار نېمە ئۈچۈن «ئايخان» دەپ ئاتىغانلىقى،

ئۇنىڭغا بۇ ئىسىمنى كىم قويغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. لېكىن،
بىز «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىت قە-
دىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان تارىخىي باس-
قۇچلىرى ئىكەنلىكىنى بىرقەدەر ئىلمىي بولغان پاكىتلار بىلەن مۇ-
ئەييەنلەشتۇرگەن ۋە بۇ باسقۇچلاردا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى تۇتېم ئېتىقادى-
دىن ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرسى بولغان شامان دىنى ئەقىدى-
لىرىگە ئېتىقاد قىلىنىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۇرگەن ئىكەنمىز، ئايخان-
نىڭ ئىسمىنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى مۇشۇ مەزمۇنلاردا ئىزدەشكە بولى-
دۇ، دەپ قارايمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىپتىدا-
ئىي ئىنسانلاردا تۇرلۇك ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى بولغان. ئىنسانلار-
نىڭ بىلىش چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئېتىقاد ۋە
ئۇنىڭدىكى مۇراسىم - ئادەتلەرمۇ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان.
لېكىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئېتىقادنىڭ ئۇزلۇكسىز ئالمىشىپ تۇرۇش
ھادىسىلىرى جەريانىدا ئىلگىرىكى بىر خىل ئېتىقادنىڭ مەلۇم بىر
خىل ئالاھىدىلىكى كېيىن پەيدا بولغان يەنە بىر خىل يېڭى ئېتىقادقا
مەلۇم جەھەتتىن ماسلىشىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. «ئوغۇزنامە» ئې-
پوسىدا بۆرە تۇتېم ئېتىقادى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان
ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ تەڭلا ئىپا-
دە قىلىنىشى بۇ ھالەتنى مەلۇم جەھەتتىن چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بىز
چۈشەنمەكچى بولغان «ئايخان» (ئاي تەڭرى) ئىسمىنىڭ ئېپوستا
تىلغا ئېلىنىشى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى-
نىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قەدىمكى دەۋردە ئاتا - بوۋىلىرى-
مىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتلى-
رىدا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ
تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. بولۇپمۇ پەسىلنىڭ ئال-
مىشىپ تۇرۇشىدا قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى ئالاھىدە
رول ئوينىغاچقا، ئۇلار تۇرمۇشتىكى باياشاتلىق ۋە نامراتلىق، شادلىق

ۋە قايغۇ قاتارلىقلارنى ئاسمان جىسىملىرىغا ۋە ئۆلارنىڭ ھەرىكىتىگە باغلاپ چۈشەنگەن. قۇياشنىڭ كۈندۈزى يەر - زېمىننى ئىسسىتىشى، پەسىل ئالمىشىشتىكى مۇھىملىقى، ئۆزلۈكسىز ھالدا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىپ بىر كۈننى ھاسىل قىلىشى، ئاينىڭ كېچىنى يورۇتۇشى قاتارلىق ھادىسىلەر ئۆلارنىڭ قۇياش ۋە ئايغا بولغان چوقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئاشۇ ئۇلۇغ خاسىيەتلەرنى ۋە سىرلىق چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بۇ جىسىملارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى قىلىپ قويىدىغان ئادەت پەيدا بولغان. گەرچە قۇياش (كۈن) ، ئاي، يۇلتۇز دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كېلىش مەنبەسى بىر خىل نام - ئۇقۇم سۈپىتىدە ئىنسانلارغا ئومۇملىشىشى ھەققىدە تەپسىلىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ مەلۇم شەيئى - ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەرگە ئات قويۇش ئادىتىنىڭ ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ، ئويلىنىپ، كېڭىشىپ ئەمەس، بەلكى تاسادىپىي ھادىسىلەر ياكى شۇ شەيئىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغاندا، شۇ نەرسە ئايان بولىدىكى، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا تۇرلۇك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئاشۇ ئاسمان جىسىملىرىنى شۇ نام بىلەن ئاتىغان. ئىپوستىكى «ئايخان» دېگەن ئىسىم قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدىكى ئىلاھىي قىياپەتكە، سېھىرلىك تۈسكە ئىگە بولغان ئاينىڭ ئىسمىغا ئوخشىتىپ قويۇلغان خاس ئىسىم بولغان. ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى ئىلاھىي ئايالىدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىنىڭ «كۈن» دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇشۇ مەنىدە بولغان. كۈن ۋە ئاي باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا قارىغاندا سىرلىق، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى، ھاياتلىقتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇنى تەڭرى (خۇدا) ، شاپائەتچى چۈشەنچىسىدە تونۇپ، ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئاقساقاللارنىڭ نامىنىمۇ شۇ نەرسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ھال ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھا-

زىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «خان» نى قوشۇش ئادىتى بار ئىدى. بۇ نۇقتا قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ شۇنداقلا ئانىلىق ئۇرۇقى جامائەدىن ئاتىلىق ئۇرۇقى جامائەگە ئۆتۈشتىكى ئىجتىمائىي باسقۇچنىڭ قالدۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئەرەب رەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئەرەب رەقىمى (1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9، 0) نى قەدىمكى ھىندىستان خەلقلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي ئىجاد قىلغان.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللار ئەتراپىدا ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر ئونلۇق سىستېمىسىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ۋېدا دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1400-، 543 - يىللار) گە كەلگەندە، ئارىيانلار رەقەمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولىنى بىلگەن ھەمدە بەزى ئاددىي رەقەملەرنى ئىجاد قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە ھىندىستاندا بىر يۈرۈش رەقەم مەيدانغا كەلگەن، ئەمما ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزىش ئۇسۇلى بىردەك بولمىغان. بۇنىڭ ئىچىدە تىپىكرەك بولغىنى پولومىن شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىردىن توققۇزغىچە بولغان ھەربىر رەقەمنىڭ مەخسۇس بەلگىسى بولغان. ھازىرقى رەقەملەر ئاشۇ رەقەملەردىن كېلىپ چىققان. لېكىن شۇ چاغدا «0» (نۆل) رەقىمى تېخى پەيدا بولمىغان. «0» رەقىمى گۇپتا ئىمپېرىيىسى (مىلادىيە 300 — 500 - يىللار) دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، «شۇنيا» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بەلگىسى بىر چېكىت ( « . » ) بولغان، ئۇ كېيىنچە كىچىك چەمبەر «0» گە ئۆزگەرتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىردىن نۆلگىچە بولغان بىر يۈرۈش رەقەم مۇكەممەللەشكەن. بۇ قەدىمكى ھىندىستان خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھىندى رەقىمى ئالدى بىلەن سىرىلانكا، بىرما، كامبودژا قاتار-
لىق ھىندىستانغا قوشنا ئەللەرگە تارقالغان. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ
ئاخىرى، VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق
ئۈچ قىتئەگە تارقالغان. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە
ئەگىشىپ، ئەرەبلەر قەدىمكى يۇنان، رىم، ھىندىستان قاتارلىق دۆ-
لەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىپ، بۇ
دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلغان.
مىلادىيە 771 - يىلى ھىندىستان ئاسترونومى، ساياھەتچى ماۋكاشۇن
ئاباسىلار سۇلالىسى (مىلادىيە 750 — 1258- يىللار) نىڭ پايتەختى
باغدادنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزى ئېلىپ بارغان ھىندىستان ئاسترونو-
مىيە كىتابى «شىدخانتا» نى خەلىپە مەنسۇر (مىلادىيە757 — 775-
يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غا تەقدىم قىلغان. بۇ كىتابنى تەرجىمان
ئىبنى ئىبراھىم پاسار (مىلادىيە 796 — 806 - يىللار) تەرجىمە
قىلىپ، تەرجىمىسىگە «شىندې، شىندې» دەپ ئات قويغان. بۇ
كىتابتىكى ئىزاھ بېرىلگەن ھىندى رەقەملىرى ئەرەبلەر تەرىپىدىن
قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلگەن. ئەرەبلەر بۇ رەقەملەرنى «ھىندى
رەقىمى» دەپ ئاتىغان.

ئەرەب ماتېماتىكا ئالىمى خارەزمى (تەخمىنەن مىلادىيە
780 — 850 - يىللار) بىلەن ھەيبارس ھىندى رەقىمىنى ئالدى
بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاسترونومىيە جەدۋىلىدە قوللانغان. ئارقىدىن
ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېساب بەلگىسى بولغان 28 ھەرپىنى پەيدىنپەي
تاشلىۋېتىپ، ھىندى رەقىمىنى كەڭ كۆلەمدە قوللانغان ۋە ئىشلى-
تىش جەريانىدا ھىندى رەقىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى مۇكەم-
مەللەشتۈرگەن.

ئەرەبلەر ھىندى رەقىمىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى غەربكە
تونۇشتۇرغان. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارەزمى «ھىندى رەقەملىرى-
نى ساناپ ھېسابلاش ئۇسۇلى» نى ئېلان قىلىپ، ھىندى رەقەملىرى
ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى شەرھلىگەن. «ئىنتېگرال ۋە تەڭ-

لىملەرنى ھېسابلاش ئۇسۇلى» خارەزمى ھىندى رەقەملىرىنى غەربكە تونۇشتۇرغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ XII ئەسىردە ئەنگلىيىلىك ئادېرا تەرىپىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ھىندى رەقىمى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە كېلەڭسىز رىم رەقىمىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ياۋروپاغا تارقالغاندا، بەزىلەرنىڭ، بولۇپمۇ خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. لېكىن، ئەمەلىيەت ھىندى رەقىمىنىڭ رىم رەقىمىدىن زور ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئىتالىيىلىك لېيناردۇ 1202 - يىلى ھىندى رەقىمىنى غەربكە تارقاتقان مۇھىم ئەسەر «ھېسابلاش كىتابى» نى بېسىپ تارقاتقان. XIV ئەسىردە جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ياۋروپاغا تارقىلىپ، ھىندى رەقىمىنىڭ ياۋروپادا كېڭىيىشى ۋە قوللىنىلىشىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن.

غەربلىكلەر ئەرەبلەر ئارقىلىق تارقالغان ھىندى رەقىمىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەينى چاغدا قەدىمكى ھىندىستانلىقلارغا سەل قاراپ، ھىندى رەقىمىنى ئەرەبلەرنىڭلا تۆھپىسى دەپ تونۇغان، شۇڭا بۇ رەقەم ھازىرمۇ خاتا ھالدا «ئەرەب رەقىمى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## ئەستۇپ

«ئەستۇپ» بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى stupa (روھ مۇنارى؛ ئېگىز ئورۇن؛ پەزىلەت توپلانمىسى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆز دەسلەپتە جەسەت كۆمۈلگەن گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا، تاش قاتارلىقلاردىن چىقىرىلغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتەتتى. كېيىن رەسمىي ياسالغان مۇنارنى كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇددا دىنىدا راھىبلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار قازا قىلسا، ئۇلارنىڭ جەسەت كۆلىنى دەرىجىسىگە ئاساسەن مۇنارنىڭ مەلۇم قەۋىتىگە قويۇش بەلگىلەنگەن. ئەستۇپ راھىبلارنىڭ ئەنە شۇ جەسەت كۆلى قويۇلىدىغان مۇنارنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەسلىي كۆكۆل

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا قوللىنىلغان «تۆزكى كۆكۆل» خەنزۇچىدا 本心 دېيىلگەن. ئەسلىي كۆكۆل بۇددىزىم ئاتالغۇسىدۇر.

## «ئەلمىساق» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى

تىلىمىزدا «ئەلمىساق» دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار. بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە «ئالەم بىنا بولغان چاغ، ئالەم بەرپا بولغان كۈن» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، ئەلمىساقتىن بېرى [يەنى 开天辟地以来] قاراڭ: («ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 731 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى). «ئەلمىساق» ئاتالغۇسى تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسلىي ئەرەبچە «كۈن» (天) مەنىسىدىكى «يەۋم» سۆزى بىلەن، «ئەھدە» (条约,公约,盟约,信条) مەنىسىدىكى «مىساق» (ئەرەبچىدە «ئى» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئەرەبچە ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇ «يەۋم + ئەل (ئەلفلام) + مىساق= يەۋمۇلمىساق) ئوقۇلۇپ، «ئەھدە كۈنى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتاتتى. «يەۋمۇلمىساق» ئەرەبچىدىمۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا بىرىكمە تەركىبىدىكى «يەۋم» (كۈن) سۆزىنى تاشلىۋېتىپ، «مىساق» (ئەھدە) سۆزىگە ئەرەبچىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى «ئەل» (ئەلىف لام) نى قوشۇپ، «ئەلمىساق» دېيىشمۇ، ئاشۇ «ئەھدە كۈنى» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، «ئەلمىساق» ئاتالغۇسى كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە بولغان دىنىي رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىغا، ئاندىن جانلىق تىلدىن ئەدەبىي تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر سۆزلۈكىگە مەنسۇپ بولغان دىنىي ئاتال-

غۇلار ئىچىدىكى «روزىمىساق» سۆزى (قاراڭ: «قۇرئان كەرىم» [ئۇيغۇرچە]، 164 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى) ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «ئەلمىساق» ئاتالغۇسىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، «روزىمىساق» ئاتالغۇسى تىلىمىزغا پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇ «كۈن» مەنىسىدىكى «روز» سۆزى بىلەن «ئەھدە» مەنىسىدىكى «مىساق» سۆزىدىن تۈزۈلگەن پارسچە ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، پارسچىدىمۇ«روز+ى (تەلەپپۇزدا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ئىزافەت قوشۇمچىسى)+مىساق= روزىمىساق» ئوقۇلۇپ، «ئەھدى كۈنى» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. جانلىق تىلىمىزدا «روزىمىساق» ئاتالغۇسىنىڭ ئەمەس، بەلكى «ئەلمىساق» سۆزىنىڭ ئۈزلىشىپ كەڭرى ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكى ئۆز زامانىسىدا ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ پارس تىلىنى ۋاستە قىلمايمۇ ئۇيغۇرچىغا بىۋاستە قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

«ئەلمىساق» ئاتالغۇسى چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە «ئەلمىساق، روزىمىساق، مىساق» دېگەن شەكىللەردىن باشقا، بەزى نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە يەنە «مىساق كۈنى» دەپمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «مىساق كۈنىدە بىر بۆلەك قوۋمنى كۆردى» («ئۇ» مىساق كۈنى بىر بۆلەك خەلقنى كۆردى [«قىسەسۇل ئەنبىيا»، بۈيۈك بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسى نۇسخىسى، 19 - بەت، يۇقىرىدىن 8 - قۇر]). دېمەك، «مىساق كۈنى» دېگەن سۆز «ئەھدە كۈنى» مەنىسىدىكى ئەرەبچە «يەۋمۇل مىساق»، پارسچە «روزىمىساق» ئاتالغۇسىنىڭ ئۆز زامانىسىدا تۈركىي تىلدىكى تولۇق ئاتىلىشى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەمدى مەزكۇر «ئەھدە كۈنى» مەنىسىدىكى ئاتالغۇ «ئەلمىساق» قانداق بولۇپ «ئالەم بىنا بولغان چاغ» ئۇقۇمىدىكى سۆز بولۇپ قالغان؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن ئاشۇ «ئەلمىساق»قا ئائىت دىنىي رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«... خىتابى ھەزرەتى ئىلاھى (يەنى جانابىي ئاللادىن خىتاب) بولدىكى، ئى ئادەم، سەنى كىم ياراتتى؟ ھەزرەتى ئادەم ئەيدىلەر:

سەن ياراتتىڭ، پەرۋەردىگارىم سەندۇرسەن. خىتابۇ رەببىلئەرباب (تەربىيىچىلەرنىڭ تەربىيىچىسى — ئاللانىڭ خىتابى) كېلدىكى، بەندە بولساڭ مەڭا سەجدە قىل دېدى. دەرھال سەجدە قىلدىلار، فەقىرلىك يۈزلەرىنى سەجدەلىك تۇفراققە قويدىلار. خىتاب كېلدىكى، سەندىن ئەھد پەيمانلار ئالۇرمەن، تائانى بىرلەن (ئۇنىڭ بىلەن) ئارادەكى دوستلىغ مەھكەم بولۇپ، ئىشق بائىسى (سەۋەبى) پەيدا بولدى ۋە مەنى بىرلەن (مېنىڭ بىلەن) فەرزەندلەرىڭنى (پەرزەنتلىرىڭنىڭ) ئاراسىدا بىر زەۋق - شەۋق پەيدا بولسۇن. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بەجانىدىل قەبۇل قىلدىلەر. ھەزرەتى ھەق جەللۇئەلا (ئۇلۇغ ئاللا) قارا سۇق (قارا سىياھ) نى كېلتۇرۇپ، فەرمان بولدىكى، بىر ئاق تاش كېلتۇردىلەر ياقۇتدىن ئېردى. ھەزرەتى ئادەمدىن تا نەفھى سۇرغىچە (ئادەم ئالەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى قىيامەت سۇنايى چېلىنغۇچە) بولادۇرغان ئادەمنى (ئادەملەرنىڭ) روھىنى ھازىر قىلدىلار... مىساق كۇنى ئۇشال كۇندۇر (ئەلمىساق ئاشۇ كۇندۇر). بۇ ئەھدنامەنى بىتىپ، موھر باسىپ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى (قارا تاشنىڭ) ئاغزىغە قويدىلەر» (قاراڭ: «قىسەسۇل ئەنبىيا»، 80 -، 81-، 83- بەتلەر، 1895 - يىلى تاشكەنت نەشرى).

بۇ رىۋايەتتە، مىساق كۇنى (ئەلمىساق) دە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللا بىلەن ئەھد- پەيمان تۈزۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا بەندىلىك قىلىپ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، لىۋانلىق مەشھۇر تارىخشۇناس ئەلى ھەسەنى خەربۇتەلى ئۆزىنىڭ «بەيتۇللانىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئاشۇ كۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا سەجدە قىلغان جاي ھەققىدە توختىلىپ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام (ئاللاغا) سەجدە قىلغان جاي ئالەم بىنا قىلىنغان جايدۇر» دەپ يازىدۇ. بۇ جۈملە ئەرەبچىدە «مۇسەللە ئادەم ئەلەيھىسسالام (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىگاھى) ۋە ھۇۋا (ئۇ) مەۋزىئولخەلۇق، يەنى خەلق ئېتىش مەيدانى، يارىتىش جايى) دېيىلگەن بولسا، خەنزۇچىغا دەل مەنىسى بويىچە: «阿丹礼拜的地方,即开天辟地的地方» دەپ تەرجىمە

قىلىنغان. (« تارىخۇلكەئىبە» ، ئەرەبچە، 183بەت، بېيروت، 1976- يىل نەشرى)؛ (« 天房史话,第 176 页,世界知识出版社 1987 年出版 »)

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى «ئەلمىساق» ئاتالغۇسى ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئالەمنىڭ بەرپا قىلىنىشى شەرھلىنىدىغان دىنىي رىۋايەتتىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئەھدە كۈنى» ، يەنى مۇسۇلمانلارمۇ، ناسارالارمۇ، يەھۇدىيلارمۇ ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى دەپ قارايدىغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا ئەھدە تۈزۈلگەن كۈن دېگەن بولىدۇ. ئەمدى، ئىسلام دىنى چۈشەنچىسى بويىچە شۇ كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلغان ئورۇن«ئالەم بىنا بولغان جاي» ( 开天辟地之地 ) دەپ قارالغاچقا، مەزكۇر «ئەھدە كۈنى» (ئەلمىساق) نىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالدا«ئالەم بىنا بولغان چاغ (كۈن ۋاقىت) » ( 开天辟地之时 ) نى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

### ئەنەتكەك

بۇ، سوغدى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى ھىندىستاننى كۆرسىتىدۇ. ئەنەتكەك تىلى بولسا سانسكرىت تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئەھرەمەن

ئەھرەمەن (بۇ ئىسىم ئاھۇرمەن شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ) ئىران ئەپسانىلىرىدا قاراڭغۇلۇق، يالغانچىلىق، زۇلۇم ۋە يامانلىق ئىلاھى، دۇئالىستىك پەلسەپىگە ئىگە بولغان ئىرانلىقلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن، دۇنيانى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى كۈچ ئىككى بولۇپ، بىرى، ياخشىلىق، نۇر ۋە يورۇقلۇق خۇداسى ئافۇرمەزدە (ھۇرمۇزد)؛ يەنە بىرى، ئەھرە مەندۇر. «شاھنامە» دە بۇ ئىككى كۈچنىڭ كۈرىشى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىل قىد-

لىنغان. ئادەملەر ئۆز مىجەزى ۋە ئەسلىي نەسەبىگە قاراپ يا ئۇ، يا بۇ كۇچكە ياردەم بېرىدۇ.

### باراناس

بۇ، شەھەر نامى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى varanasi (دەريا ئەگىپ ئۆتكەن شەھەر) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. مەزكۇر شەھەر گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇددا مۇرىتلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

### بەش ئانتىراش

بۇ ئاتالغۇ سانسكرىتچە Pancanantarya ، خەنزۇچە 逆五 دېيىلىدۇ. ئانانتىراش سانسكرىتچە anantarya دىن كەلگەن. بەش ئانانتىراش بولسا بەش تۈرلۈك ئىنتايىن ئېغىر گۇناھنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا بۇ خىل گۇناھنى سادىر قىلغانلار توختاۋسىز قىينىلىدىغان دوزاخ (سەككىز چوڭ دوزاخنىڭ سەككىزىنچىسى) قا چۈشىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھىنايانا بۇددىزمى (1) ئانىسىنى ئۆلتۈرۈش، (2) ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش، (3) ئارخاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، (4) راھىبلار گۇرۇھىغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئۇلارنى پارچىلاش، (5) يامان نىيەت بىلەن بۇددانىڭ تېنىنى رەخىملەندۈرۈش قاتارلىقلارنى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بولسا، (1) بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇش، نوملار ۋە بۇددانىڭ ھەيكەل - رەسىملىرىنى كۆيدۈرۈش؛ (2) شىراۋاك، پراتىكا بۇتلارغا ۋە ماھايانا بۇددىزمىغا قارا چاپلاش؛ (3) راھىب ۋە راھىبەلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش، باغلاش، راھىبلىقتىن ۋاز كېچىشكە ياكى دىندىن يېنىشقا مەجبۇرلاش؛ (4) ھىنايانا بۇددىزمى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلىغان گۇناھلاردىن بىرنى ئۆتكۈزۈش؛ (5) سەۋەب - نەتىجە تەلىماتىغا

ھاقارەت قىلىش، دائىم 10 خىل يامانلىق بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆزى يامان ئىش قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىپ يامان ئىش قىلدۇ-رۇش قاتارلىقلارنى بەش تۈرلۈك ئېغىر گۇناھ ھېسابلايدۇ.

### بەش ئەقىدە

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» تېكىستىدە bish chahshapit دەپ يېزىلغان. مەزكۇر بىرىكمىدىكى chahshapit سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى ئەقىدە، پەرھىز دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بەش ئەقىدە گۇناھسىز بولۇش، ۋۇجۇد پاكلىقى، ئېغىز پاكلىقى، يامان ئىش قىلماسلىق، شاد يوقسۇل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

### بەلگە

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بەلگۇ» ، خەنزۇچىدا 相 ، سانسكرىتچىدا Laksana دېيىلىدۇ. ئۇ كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن، كۆڭۈل قاتارلىقلار بىۋاستە سېزىدىغان ئوبيېكت، يەنى بىلىشتىكى تەسەۋۋۇر دەپ قارىلىدۇ.

### بودى كۆڭۈل

سانسكرىتچە bodhicitta ، خەنزۇچە 菩提心، دېيىلىدۇ. بو-دى bodhi 菩提 دىن كەلگەن، كۆڭۈل بولسا citta نىڭ مەنەن تەرجىمىسى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا «تۇيماق» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ bodhi نىڭ مەنەن تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

بودى بولسا بارلىق دھارمالارنىڭ چىنلىقىنى ئەينەن تۇيغان - بىلگەن ۋە كىشىلەرنى نىرۋان قۇتۇلۇشىغا يېتەكلەپ بارالايدىغان ئە-قىل - پاراسەتنى كۆرسىتىدۇ. بودى كۆڭۈل ئىدىيە ياكى روھىي جەھەتتىكى ئويغىنىشنى، يەنى بۇددالىق، بۇدساتۋالىق سالاھىيەتكە ئىنتىلىدىغان روھىي ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

## بۇدساتۋا

بۇ ئاتالغۇ تېكىستلەردە «بودىستۋ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سانسكرىتچە Bodhisattva دىن كەلگەن. مەنىسى: بورخان بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن «ئۇلۇغ نىيەت تۇرغۇزغۇچى». ئەسلىدە بۇ ئاتالغۇ ساكيامونى تېخى بۇددالىققا يەتمىگەن چاغدا ئۇنىڭ نامى بولغانىدى. كېيىن ماھايانا ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۇرگۈچىلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ قالغان. بۇدساتۋا بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ساكيامونى دەرۋىشلىك قىلىپ يۈرگەن، تېخى بۇددىغا ئايلانمىغان چاغلاردا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. كېيىن بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرگۈچىلەرمۇ «بۇدساتۋا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

## بورخان

«بورخان» يورۇقلۇق تەڭرىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈركىي مىللەتلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمى «تەڭرى بورخان» دەپ ئاتالغان؛ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە «تەڭرى مانى بورخان» دەپ ئاتالغان. قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە بولسۇن، بورخان ئىنسانلارغا شولا چېچىپ، قۇت ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئۇلۇغلانغان.

## بوز تەڭرى

بوز تەڭرى (تۇپراق تەڭرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۈيۈك تەڭرىلەرنىڭ بىرى. ئەپسانىدا، ئۆتۈكەن تېغىدىن 500 يول يىراقلىقتا بىر ئېگىز تاغ بار. ئۇنىڭ ئۈستى تاقىر بولۇپ، «بوز تەڭرى» دېيىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## بۆرساك

بۇددا دىنى ئاتالغۇسى «بۆرساك» سانسكرىت تىلىدىكى

بۇددا راھىبلىرى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن (buddha — sangha
بولۇپ، (راھىب) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، خەنزۇچىدا 佛僧
دېيىلىدۇ.

## بىرنەچچە خىل ئوردا ناملىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە قەدىمىي ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل خانلىقلىرىنىڭ مەمۇرىي مەركەزلىرىدىكى خان ئوردىلىرىنىڭ بىرنەچچە خىل نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەرنى «ئوردۇ كەنت» ، ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇننى «قۇز ئوردا» دەپ ئىزاھلىغان. مەھمۇد قەشقەرى «ئوردۇ كەنت» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتىدا يەنە: «ئوردۇ كەنت— خان تۇرىدىغان شەھەر دېمەكتۇر» دېگەن ھەمدە «قۇز ئوردۇ» نى «تەسكەي ئوردا» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا «كونا ئوردا» ، «ئارا ئوردا» ، «ئارقا ئوردا ياكى ئاق ئوردا» ، «ئوردا ئالدى» ۋە «يورۇق ئوردا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئورۇنلار ھازىرمۇ مەۋجۇت.

«يورۇق ئوردا» توغرىسىدا يولداش ئابلىمىت روزى «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابىدىكى «ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ 〈تۈركىي تىللار دىۋانى〉» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا مۇنداق كۆرسەتكەن: «〈يورۇق ئوردا〉— بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت بار: قەشقەر شەھىرىدىن 85 كىلومېتىر يىراقلىقتا يېڭىسار قەلئەسىگە يېقىن بىر جاي بولۇپ، بۇ يەر XI ئەسىردىكى خوتەن يولى. بۇ يەر خوتەن بۇددىستلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جەڭگىۋار قوشۇن بىلەن ئارسلان تىكىن ۋە قاغان يىگىتلىرى تۇرىدىغان ھەربىي پايتەخت قىلىنغان. ئارسلان تېكىن ئوردىسى ئەتراپىغا سان-ساناقسىز ئاق چېدىر-بارگاھلار تىكىلگەن، بۇ جايىنى〈يورۇق ئوردا〉 دەپ ئاتىغان» . ئىمام

قۇربان ئەلى هاجى خالىدىنىڭ 1910 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخى خەمسى» دېگەن كىتابىنىڭ 238 - بېتىدە «ئاق ئوردا»، «كۆك ئوردا»، «چوڭ ئوردا» دېگەن ئوردىلار توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: تارىخچىلار چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ هۆكۇمەتنى ئۈچكە تەقسىم قىلىپ، بۇ هۆكۇمەتلەرنىڭ مەمۇرىي مەر-كىزىنى «چوڭ ئوردا»، «ئاق ئوردا» ۋە «كۆك ئوردا» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان.

«چوڭ ئوردا» خانلىق سارايدۇر. بۇنى «ئالتۇن ئوردا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئوردىنىڭ ئورنى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى «سېرىق» دېگەن جايدا.

«ئاق ئوردا» غا كەلسەك، موڭغۇللار «ئاق» دېگەن سۆزنى «چا-غان» دەيدۇ. شۇڭا، چاغاتاي قۇرغان هۆكۇمەت ئورنىنى «ئاق ئوردا» دەپ ئاتىغان.

«كۆك ئوردا» ئوگۇداي قۇرغان هۆكۇمەت مەمۇرىي مەركىزىگە قارىتىلىپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئوگۇداينى كۆكۆداي دەپمۇ ئاتىغان. شۇڭا، بۇ ئىسىمغا ئاساسەن «كۆك ئوردا» نامى كېلىپ چىققان.

قەشقەر شەهىرىدىمۇ «ئاق ئوردا»، «ئارقا ئوردا» دېگەن نامدى-كى جايلار بولۇپ، موڭغۇللار قەشقەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، موڭ-غۇل ئەمەلدارى لى نىڭ تۇرغان ئورنى «ئاق ئوردا» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پۈتۈن شىنجاڭ رايونى ئۆز ۋاقتى-دا چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە ئىدى.

## پوئېتىكا

پوئېتىكا — ئىككى قات مەنىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، بىر مەنىسى: شېئىرشۇناسلىق، شېئىر يېزىش ئۇسۇلى؛ يەنە بىر مەنىسى: شېئىر تەرزى، شائىرنىڭ ئۇسلۇبى، شېئىر گۇرۇهى، شېئىر مەكتەپ دې-گەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## پراتىكا بۇت

بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدا 佛支辟 ياكى 觉缘 دېيىلىدۇ ( ئالدىنقىسى سانسكرىتچە ratyekabuddha نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، كېيىنكىسى مەنەن تەرجىمىسى) . ئۇ ۋەج - سەۋەب قانۇنىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، قايمۇقۇشتىن قۇتۇلۇپ يول تاپقان ئەۋلىيانى كۆرسىتىدۇ.

## تابغاچ ئاتالمىسى

«تابغاچ» ئاتالمىسى ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

«تابغاچ» ماچىن ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، «تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «جۇڭگو» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە، لېكىن ھازىر «تابغاچ» ماچىن دەپ، «جۇڭگو» چىن دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ.

تابغاچ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇلار تابغاچ يۇرتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ «تات تابغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر. «تابغاچ» چىنلىق دېمەكتۇر.

ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمكى نەرسە «تابغاچ ئەزى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان دېگەن مەنىدە «تابغاچ خان» دەپ ئاتىلىدۇ.

## تابغاچ يۇداسى

ياپراقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ ياپراقلىرىغا ئوخشايدىغان، دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەختۇر.

## تاش قورال دەۋرى

تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيىدە ئەڭ قەدىمكى دەۋر ھېسابلىنىدۇ. تاش قورال دەۋرى ئىنسانلار تاشتىن ئەمگەك قوراللىرى، ئۇرۇش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپ، مېتالچىلىقنى بىلمىگەن ۋاقىتلارغا قارىتىلغان. تاش قوراللار دەۋرى تاش قوراللارنى ياساش، پايدىلىنىش دەرىجىسى ۋە سەۋىيىسىگە ئاساسەن، قەدىمكى (كونا) تاش قوراللار دەۋرى، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى ۋە يېڭى (نەپىس) تاش قورال دەۋرى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

قەدىمكى (كونا) تاش قورال دەۋرى ئەڭ كونا — بىرىنچى باسقۇچلۇق دەۋر بولۇپ، 800 مىڭ يىلدىن 13 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىتىلغان. بۇ دەۋرمۇ ئالدىنقى تاش قورال دەۋرى ۋە كېيىنكى تاش قورال دەۋرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كېيىنكى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەمسىمان مايمۇنلار پەيدا بولغان دەپ قىياس قىلىنىدۇ. مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ ئادەملەر كوللېكتىپ ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن باشلانغۇچ كوممۇنا تۈزۈمى تەرەققىياتىنى باشلىغان، دەپ قارالماقتا.

ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە ئۆتكۈنچى دەۋرگە قارىتىلغان بولۇپ، ۋاقتى تەخمىنەن 13 مىڭ يىلدىن يەتتە مىڭ يىلغىچە ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى تاش قوراللار پالتا، كەكە قاتارلىقلارنىڭ كەڭ تۈردە قوللىنىلدىغانلىقىغا قارىتىلغان. يېڭى (نەپىس) تاش قورال دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى يەتتە مىڭ يىلدىن ئۈچ مىڭ يىلغىچە ۋاقىتلار بولۇپ، ئىنسانلار بۇ مەزگىلدە تاش ھەرە، تاش كەتمەن، تاش بۇرغا (ئۈشكە) قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى، چارۋا بېقىشنى باشلىغان. ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئائىلىق تۈزۈم ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان، دەپ قارىلىدۇ.

## تامغا ۋە بۇيان

«بۇيان» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، بەخت ـ سائادەت، ياخشىلىق، ساۋاب، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئەردەم دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي داستانى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ «تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان» دېگەن جەڭگىۋار چاقىرىقىدا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ تامغىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سەلتەنىتىگە ئامەت، بەخت ـ سائادەت تىلەش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «بۇيان» دېگەن سۆز قوجۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تېكىستلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. شائىر ئاتساڭىنىڭ «بۇددا دىنىغا ئائىت ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا: «مەن ئاتساڭ ئۆزۈم، بۇيان كۈسۈش ئۇزە قوشمىش تاقشۇت باشلادى (مەنكى ئاتساڭ بەخت تىلەپ، بۇ ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇپ بۇ شېئىرنى باشلايمەن)» دەپ يېزىلغان. ئوغۇز خاقاننىڭ «تامغا بولسۇن بىزگە بەخت ـ سائادەت» دېگەن چاقىرىقىدىكى «تامغا» سۆزى قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇرۇق نامىنى بىلدۈرىدىغان، تەۋەلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ماللىرىنىڭ ساغرىسىغا باسىدىغان بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. «تامغا» دېگەن سۆز «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دېگەن كىتابتىمۇ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس تامغىلىرى بولغان. ئۇلار بۇ تامغىلىرىنى قىزىتىپ ئات، كالا، قوي، قوتازلارنىڭ ساغرىلىرىغا باسقان. ماللار يايلاقلاردا بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ يايلاۋەرسىمۇ، لازىم بولغاندا ساغرىسىدىكى تامغىغا قاراپ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئادەت بولغان. بۇ ئادەت ھازىرقى دەۋردىكى چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى بۈيۈك قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «تۈركلەر ئەسلىدە 20 قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە

بىرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسۇ ۋە ئىسۇنىڭ ئوغلى رۇمغا بىرىپ تاقالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق ئايماقلارنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلەرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم... ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ» دەپ يازىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تامغا شەكىللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «تارىخى شەجەرەئى تەراكىمە»، رەشىددىنىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تامغىسى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ۋەقەلىكلەرگە قارىغاندا تامغا ئوغۇزخان دەۋرىدىن بۇرۇن بارلىقى كەلگەن. ئوغۇز خاقاننىڭ تامغىنى بەخت، ئامەت، ياخشىلىق، سائادەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنى جەڭگىۋار شوئار قاتارىدا جاكارلىشى ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ئىلھام ئېلىش ئىستىكى، شۇنداقلا ئەسلىگە سادىق بولۇش روھىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## تەۋارىخى جاھان كۇشاي

«تەۋارىخى جاھان كۇشاي» XIII ئەسىردە ئىرانلىق ئالىم جۇۋەينى تەرىپىدىن يېزىلغان غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت مەشھۇر ئەسەردۇر. پۈتۈن كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ،

بىرىنچى قىسمىدا، ئاساسلىقى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، جوجى ۋە چاغاتايلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە غەربىي لياۋ تارىخى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسمىدا، خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە موڭغۇللارنىڭ پېرسىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئۈچىنچى قىسمىدا، مۆڭكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چوڭ خانى بولغاندىن كېيىنكى ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ھازىر جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىمۇ بار.

## تارىخۇل تەۋرىخ

بۇ، تارىخلارنىڭ تارىخى دېگەن مەنىدىكى ئىزافەتلىك بىرىكمىنى كۆرسىتىدۇ.

## تەزمىن

بۇ، بىر كىمنىڭ شېئىرىدىن ئۆزىنىڭ شېئىرىغا بېيىت، مىسرا ياكى ئىبارە كۆچۈرمە قىلىپ كىرگۈزۈش سەنئىي، شۇنىڭدەك ئىھتىزا — بىرەر ئەسەرنىڭ تەرزى ئۇسلۇبى بويىچە ئىزىدىن مېڭىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەر يارىتىش سەنئىتى. ئۇلۇغ شائىر نەۋائى ئۆزىنىڭ پارسچە لىرىكىلىرىدا تەزمىن ۋە ئىھتىزا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، زاماندىشى ۋە ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامى ۋە ھاپىز شىرازى غەزەللىرىدىن پايدىلانغان. يەنە ھىجائى ھۆرۈپ (ھەجۋىي سۆزلەر) ۋە باشقا تەسۋىر يوللىرىنىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كەڭ قوللانغان.

## تەشبىھۇل ئىستىراف

بۇ، كلاسسىكلارنىڭ ئۆز غەزەللىرىدە مىسرالارنىڭ بەلگىلىك بۆلىكىنى ئىزچىل تەكرارلاش يولى بىلەن پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتىدۇر. تەشبىھۇل ئىستىرافنىڭ سۆزلۈك مەنىسى تەرەپ-

تەرەپتىن تەشبىھ قىلىش بولۇپ، بۇ سەنئەتتە «تەشبىھ» ئاساسى ئورۇن تۇتقان بولىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ھەزرەتى نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدە شېئىردىكى بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى ئىبارە كېيىنكى مىسرانىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلگەن. ئىككىنچى بىر خىلىدا بولسا، بىر بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا كەلگەن سۆز ياكى ئىبارە ئىككىنچى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىغا باشلانما قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن تەشبىھلەر زەنجىرسىمان گىرەلىشىپ، پىكىرنىڭ چوڭقۇر مەنىسى تۈرلۈك تەسۋىرلەر بىلەن ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. مىسال:

ياردىن ئايرۇ كۆڭۈل مۈلكىدۇرۇر، سۇلتانى يوق،
مۈلكىكىم، سۇلتانى يوق، جىسمىدۇر كىم، جانى يوق.
(«نەۋادىرۇششەباب» تىن)

### تەززاد

تەززادنىڭ سۆزلۈك مەنىسى زىنىتلەشتۇرۇش بولۇپ، بۇ سەنئەتتە مەلۇم ئوبيېكتنى تەسۋىرلەشتە، شۇ ئوبيېكتنىڭ خىلمۇخىل جەھەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت سۆزلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەتنى روشەنلەشتۇرۇش كۆزلىنىدۇ. ئۇ تەرىپ - تەۋسىپلەرنىڭ مىسرالاردا ئورۇن ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن يېڭىچە تۈس ئېلىپ، ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ شائىر نەۋائى شېئىرلىرىدا ئوي - پىكىر قارىمۇ قارشى ئىككى ئوبيېكتنى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك خاراكتېر سۈپەتلىرىگە لايىق ئۆز چېغىدا بولۇشىغا ئۇندەش يولى بىلەن ئاڭلىتىلغان:

خەستەدۇر جانىم مېنىڭ، تاباردى جانانىم مېنىڭ،
بولماسۇن گەر بارسا جانانىم مېنىڭ، جانىم مېنىڭ.

تا قۇلاغىڭغە زىرىھ سالدىڭمۇ، قاشىڭغە گىرىھ،
خەستە كۆڭلۈمدە دۇرۇر يۈز گىرىھۇ، ئانداق زىرىھ.
( «فەۋائىدۇلكەبەر» دىن )

## توكسىن

توكسىن — قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاددىي خەلقتىن يېتىشىپ چىقىپ مەنسەپ تۇتقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، خاقاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان مەنسەپتىكى كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## تويىن

تويىن ئاتالغۇسى ئەسلىي خەنزۇ تىلىدىكى 道人 ( قەدىمكى خەنزۇلار ئارىسىدا تارقالغان « 道教 دىنىنىڭ ئۇستازلىرى» دېگەن مەنىدە) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بۇ سۆز بۇددىزم دىنى راھىبلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## تۆت ماھاراج

«ماھاراج» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى maharaja ( ئۇلۇغ خان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. «تۆت ماھاراج» بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئاسمان پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچىدا 四大天王 دېيىلىدۇ.

## تۆت بۇرخان

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، تۆت تەرەپتىكى تۆت بۇرخاننى، يەنى شەرقتىكى پۇراقلىق دۇنيانىڭ بۇرخانى ئاكشوبيا، جەنۇبتىكى شادلىق دۇنياسىنىڭ بۇرخانى گۆھەر كۆرۈملۈك بۇرخان، غەربتىكى كۆڭۈللۈك دۇنيا بۇرخانى ئامىتابا، شىمالدىكى نېلۇپەر گۈللۈك دۇنيانىڭ نازۇك ئۈنلۈك بۇرخانىنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچىدا

四佛 دېيىلىدۇ.

## تۆت موھتاجلىق

«تۆت موھتاجلىق» كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان تەربىيە ۋە تەربىيىلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك تۇراقلىق بىرىكمە بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە ھوقۇق، مەرتىۋىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشتا بۇ تۆت موھتاجلىقنى مۇھىم دەستۇر سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن. تۆت موھتاجلىق مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئۇلۇغلۇق ئەدەپكە، خۇرسەندچىلىك خاتىرجەملىككە، يېقىنلىق دوستلۇققا، ئەقىل تەجرىبىگە موھتاجدۇر.

## جىن

ئەسلىي تېكىستتە «يەك» دەپ يېزىلغان. «يەك» بولسا، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى [yakkha] دىن كەلگەن. [yakkha] سانسكرىتچە [yakkha] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تەڭرى (سانسكرىتچە Deva)، ئەجدىھا (سانسكرىتچە Naga)، يەك قاتارلىقلار بۇددىزم تەڭرى - ئىلاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## چىنتامانى

سانسكرىت تىلىدىكى eintamani (كۆڭۈل ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغان مەرۋايىت) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ئەردىنى (گۆھەر) سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. خەنزۇچىدا 如意宝珠 دېيىلىدۇ.

## خەمسە ۋە خەمسىچىلىك

«خەمسە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، رەقەملەر تەرتىپىدىكى «بەش» نى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا مەشھۇر شائىرلار ئۆز تالانتىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە ئۆز ئالدىغا سۈژىت لىنىيە-

لىرىگە ئىگە بەش داستاننى يېزىپ ئۇلارنى جەملەپ كىتاب قىلىپ «خەمسە» دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇ مەزمۇندا «مۇستەقىل بەش داستاننىڭ بىرىكمىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بولۇپ، شۇ دەۋر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزىرە قىلىش ئىرادىتىسىنىڭ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئەدەبىياتتىكى نەزىرە دېگىنىمىز، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ تۈزۈلۈش، ۋەزىن، شەكىل، ماتېرىيال مەنبەسى ئوخشاش بولغان ئاملارغا تايىنىپ، نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە يېڭى بىر ئورىگىنال يارىتىشقا قارىتىلغان. بۇنىڭدىكى ماتېرىيال ئوخشاشلىقى ھەرگىزمۇ كۆچۈرمىچىلىك ياكى تەقلىدچىلىك بولماستىن، بەلكى شۇ شەكىل ۋە شۇ سۆزتىتىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى بىر نەزەرىيىۋى پىكىرنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«خەمسە» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىگە قاراپلا «خەمسە» يارىتىش ئەرەبلەردىن باشلانغان، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە تەپسىلىي قارايدىغان بولساق، «خەمسە» نىڭ ياكى «خەمسە» گە ئوخشايدىغان ئەسەرلەرنىڭ خېلى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، يەنى قەدىمكى ھىندى ۋە ئىبرانى ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تۆت چوڭ كىتابىنىڭ بىرى بولغان «تەۋرات» مىلادىيەدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 1406 - يىلى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىبرانى ۋە ئارامەيك تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يەھۇدىيلار خۇددى خرىستىئانلارغا ئوخشاش «تەۋرات» (كونا ئەھدە) نىڭ بىرىنچى بەش كىتابىنى تۇراھ (Torah)، يەنى «تەۋرات» ياكى «پىنتا تويخ» (Pentaeveh) دەپ ئاتىغان. «پىنتا» گرېك تىلىدا «بەش» دېگەن مەنەنى، «تويخ» بولسا «كىتاب» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇڭا، «تەۋرات» دېگەن سۆز «بەش توملۇق كىتاب» دېگەنلىك بولىدۇ.

قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتىدىمۇ سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان «بەش نامە» دەپ ئاتالغان بىر كىتاب مىلادىيە IV ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. بۇنى پادىشاھ دابىشلىم ۋاقتىدا پازىل ھەكىم بىدپاي ئادەمزاتقا جاھاندارچىلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە خەلق ئارىسىدىكى مەسەل، چۆچەك ۋە رىۋايەتلەرنى ھايۋاناتلارنىڭ سۆھبىتى يولى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن، تاللىپلىرىدىن ئىككى كىشى رەتلەپ چىققان. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا «بەش نامە» دىكى نۇرغۇنلىغان مەسەل، چۆچەك قاتارلىقلار مىلادىيەدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى ھىندىستان خەلقى ئارىسىغا، ئاندىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە دۇنياغا تارقالغان. «بەش نامە» دىكى ھەربىر مەسەلنىڭ ئېنىكلىق تەپسىرى ۋە ئەخلاقىي تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تۈرلۈك كىشىلەر ۋە مەزھەپلەر ئۇنىڭدىن ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلانغان.

«بەش نامە» قەدىمكى دەۋرلەردىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. تەخمىنەن VI ئەسىردە بۇ كىتابنى تېۋىپ بەرزۇيە ئىران پادىشاھى خىسراۋ نۇشىرۋاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەدىمكى پارس تىلىغا (پەھلىۋى تىلىغا) تەرجىمە قىلىپ چىققان. كىتاب تەخمىنەن 570 - يىلى پەھلىۋى تىلىدىن سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 750 - يىلى ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبن ئەلى مۇقەففا پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا «كەلىلە ۋە دەمنە» نامى بىلەن تەرجىمە قىلغان. كېيىن مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن نەسرۇللا ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئابدۇلھەمىد ئەبۇلمەئانى پارسچىغا قايتا تەرجىمە قىلغان. «بەش نامە» كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» نامى بىلەن تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتى ۋە ئىبرانى ئەدەبىياتى بولسۇن ئۆز ئارا تەسىرچانلىق ئاساسىدا بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ئىران ئەدەبىياتلىرىدىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، بىر - بىرى-

نى تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. دېمەك، «خەمـ
سە» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە خەمسىچىلىكنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇشۇ تەـ
سىرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولغان.

خەمسىچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى XII ئەسىردە ياشىـ
غان بۇيۇك ئەزەربەيجان شائىرى ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامى گەنجىـ
ۋى (1141 — 1209) ئىدى. ئۇ «خەمسە» نى ئەسلىدە باشقا بىر
مەقسەتتە يارىتماقچى بولغان ئىدى. لېكىن، ئەبۇل ھەسەن نەسىرنىڭ
ئەمرى بىلەن شائىر رۇداكى ئەبۇل ھەسەن نەسىرئىبنى ئەھمەد ساماـ
نىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىمام ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففا
پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»
ئەسىرىنى پارس تىلىغا يېڭى لىباس بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن
كېيىن، بۇ ئەسەردىكى پىكىرلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىـ
تىش، شۇنداقلا پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير»ناملىق ئەسىـ
رىدىكى پەلسەپىۋى ئاساسلار ۋە مەجدۇت ئىبنى ئادەت سارايىنىڭ
«مەرەكان ھەل ھەقايى» (ھەقىقەتلەر باغلىرى) دېگەن ئەسەرلىرىنى
كۆرۈپ، ئۇلاردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، چوڭـ
قۇرلۇقتا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە «مەسنەھۇل ئەسۋاد» دېگەن ئەسەرـ
نى يازغان ئىدى. بۇ ئەسەر نىزامى گەنجىۋىنىڭ شۇ چاغقىچە يارىتقان
ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرى
بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇـ
رىغا قويۇش، مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈم قىـ
لىش، ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش، گۈزەل غايىۋى مەنزىلگە
يېتىشنىڭ بىرقەدەر توغرا بولغان يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېـ
رىش جەھەتتە خېلى چوڭ نەتىجە ياراتقان ئىدى. ئارىدىن 4 — 5
يىل ئۆتتى. جەمئىيەتتە خىسراۋ بىلەن شېرىن ھېكايىسىغا بولغان
ئېھتىياج كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى. نىزامى گەنجىۋى مول تەسەۋـ
ۋۇر ۋە مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىشقاسېلىپ، «خۇداينامە» ،
«تارىخىي تەبىر» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى سۇژىت ئاساسلىرىدىن پايدىـ

لىنىپ، «خىسراۋ - شىرىن» داستانىنى يارانتى (داستان گەرچە زامان ئېتىبارى جەھەتتىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسەردىكى بەزىبىر سۇژىت لىنىيىلىرىنى ئۆزگەرتىپ «پەرھاد - شىرىن» نامى بىلەن ئۇنى يېڭى بىر مەزمۇندا بېيىتتى). نىزامى گەنجىۋىنىڭ بۇ ئەسىرى مۇشۇ نامدىكى خەلق ھېكايىلىرى ۋە فىردەۋسىنىڭ«خىسراۋ ۋە شىرىن» داستانىغا نەزىرە ئىدى. نىزامى گەنجىۋى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىرۋان شەھىرىنىڭ پادشاھىنىڭ شاھزادىسى مەنۇ چەھرەنىڭ تەلىپى بويىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن«لەيلى- مەجنۇن» رىۋايىتىنى داستانلاشتۇرۇپ چىقتى. بۇ داستان خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىغا يېقىنلاشقان ھالدا بىر قىسىم ئەخلاقىي قاراشلار ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن جاۋاب بەردى. بۇ داستان جامائەت ئارىسىغا تارقىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، شاھ نىزامى گەنجىۋىگە «بەھرام گور» ۋەقەلىكىنى داستانلاشتۇرۇپ چىقىش تەلىپىنى ئېيتتى. «بەھرام - گور» نىڭ سۇژىتىمۇ ئوخشاشلا «تارىخىي تەبىر» قاتارلىق ئەسەرلەردە بار ئىدى. نىزامى گەنجىۋى بۇ داستانىنى يېزىشتا قەلەمگە ئېلىنغان سۇژىتلار ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى سۇژىتلاردىن پايدىلىنىپ «بەھرام گور» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتكۈزدى. بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يېڭىچە سۇژىتلار بىلەن بېيىغانلىقى ئۈچۈن مەزمۇنىمۇ ئۆزگىچە، پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك ئەسەر بولۇپ چىقتى. نىزامى گەنجىۋىنىڭ ئەنئەنىۋى سۇژىتلاردىن پايدىلىنىپ، زامان يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشى يۈكسەك ئىلغارلىق ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇ تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ئاخىرقى داستانى «ئىسكەندەر نامە» نى يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. شائىر بۇ داستاندا شاھقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ، ئادىل شاھ غايىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئەسەرمۇ

جەمئىيەتتە بەلگىلىك ياخشى تەسىر قوزغىدى. شۇنداق قىلىپ، نىزا-
مى گەنجىۋىنىڭ ئۇل سېلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىدە
تۇنجى بولۇپ خەمسىچىلىك شەكىللەندى. نىزامى گەنجىۋى باشلىغان
نەزىرە كېيىن تەرەققىي قىلغان «خەمسىچىلىك» كە نەزەرىيىۋى ئا-
ساس بولدى.

نىزامى گەنجىۋىدىن كېيىن، نۇرغۇن شائىرلار «خەمسە» يې-
زىپ، ئۆز ماھارىتىنى، تالانتىنى نامايىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ھېچقايسىسى نىزامى گەنجىۋىگە يېتىشەلمىدى. XIV ئەسىرگە كەلگەن-
دە ھىندى شائىرى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325)
نىزامى گەنجىۋىنىڭ يولىدىن مېڭىپ «خەمسە» يارىتىپ خېلى چوڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

«خەمسىچىلىك» نوقۇل بەش داستاننىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبا-
رەت دېگەن قاراش تۇپتىن خاتا. «خەمسە» نىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قائىدە-
پرىنسىپلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك پەلسەپىۋى قىممەتنى ئۆزىدە
تولۇق ھازىرلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن «خەمسە» ئاپتورى بەلگىلىك
ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن بولۇشى، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەلگىلىك
پەلسەپىۋى نۇقتىدىن پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ھۆكۈم چىقىرالايدىغان
بولۇشى، مەنتىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيىتىد-
نى ئۆزئارا تەڭشىيەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاندىن
«خەمسە» گە تۇتۇش قىلغاندا، ئەسەرنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى ئامىللى-
رىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تۆۋەندىكى تەلەپ بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن
بولۇشى لازىم: «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى، دىداك-
تىك مەزمۇندا تۈرغۈزۇلۇشى، مەزمۇن، شەكىل ۋە سۇژىتلىرى
ئۆزىدىن ئىلگىرىكى داستانلارغا ئوخشاش راۋاجلىنىشى، لېكىن يېڭى-
چە پىكىر بىلەن بېيىتىلغان بولۇشى لازىم؛ ئىككىنچى داستانى خا-
راكتېر جەھەتتىن ئىشق - مۇھەببەت ۋە قەھرىمانلىقنى ئاساسىي
مەقسەت ئۇستىگە تۇرغۇزغان بولۇشى، شەكىل، سۇژىت جەھەتتىن
ئۆزىدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىسىمۇ يېڭىچە پىكىر بىلەن بېيىتىلىشى

لازىم؛ ئۈچىنچى داستاننىڭ سۇژىتىدا ئىشق - مۇھەببەت قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە قىلىنغان بولۇشى، ۋەقەلىك زامان يۈكسەكلى-كى جەھەتتىن كۆزىتىلىپ، مېتود يېڭىلىقتا تويۇندۇرۇلۇشى لازىم. تۆتىنچى داستانى ئوخشاشلا شەكلى، مەزمۇنى جەھەتتىن ئىلگىرىكى داستان بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن زاماننىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى داستان سۇژىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلى-غۇچى ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە زىچ بىرلەشتۇرۇلۇپ، زامان يۈكسەكلىكى تەرىپىدە كۆزىتىلىشى لازىم. بەشىنچى داستانى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا قانات يايغان سۇژىتلار لىنىيىسىدە ئادىل شاھ قارىشى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشى، سۇژىتى، شەكىل ئوخ-شاشلىقى ئاساسىدا يېڭىچە پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلۈشى لازىم.

دېمەك، بەش داستاننىڭ بىرىنچىسى پەلسەپىۋى پىكىرنى، بە-شىنچىسى غايىۋى دۆلەت، غايىۋى ئادىل شاھ قارىشىنى، قالغان ئۈچ داستان بولسا ئىشق - مۇھەببەت ۋە ھىجران پاجىئەلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشى لازىم. «خەمسە» نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىسىدە ئۆز دەۋرىگە خاس مەھەللىۋى يەرلىك مەسىلىلەرنى ئەمەس، بەلكى دۇنيا-ۋى تارىخىي تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى شەرت قىلغان. ئۇلاردا ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ يېڭى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىلىم - پەن مەسىلىسى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادى-سىنى تاپقان بولىدۇ. خەمسىچىلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭ پوئېزىيىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى چوققا بولۇپ، نىزامى گەنجىۋى خىس-راۋ دېھلىۋىلەردىن كېيىن، ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى نەۋائى ياخشى نىيەت، بۈيۈك پەزىلەت بىلەن بۇ شەكىلگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پىرامىداسىنى تىكلىدى. نەۋائى داستانلىرىنى يېڭى تېما، يېڭى سۇژىت بىلەن بىنا قىلغاننىڭ سىرتىدا، قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىككە ئىگە قىلدى. نەۋائى «مېھنەتكامە» دەپ ئاتىغان مەش-ھۇر داستانى «پەرھاد - شېرىن»نى يارىتقاندا، نىزامى گەنجىۋى ۋە

خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىگە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، بولۇپمۇ بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى نىزامى گەنجىۋىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. شائىر بۇ داستاننى يېزىشقا كىرىشكەندە، كۆز ئالدىدا نىزامى گەنجىۋى بىلەن بۇ جەھەتتە بەيگىگە چۈشۈش ۋە ئۇ چىققان چوققىغا چىقىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ نىزامى گەنجىۋىگە تەڭ كېلىش ۋە بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن ناھايىتى زور قۇدرەتلىك شائىر بولۇشى لازىملىقى، ھېچبولمىغاندا ئارسلانغا باراۋەر كېلىدىغان ئارسلان بولۇشى لازىملىقىنى تونۇدى ھەمدە ئەمەلىي ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۆز خەلقىنىڭ نىزامى گەنجىۋىچە بۈيۈك شىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. نەۋائى نىزامى گەنجىۋىدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسىنى تەنقىدىي كۆز بىلەن قايتىدىن باھالاپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «پەرھاد ـ شىرىن» نى يېزىشتا، بىر تەقلىدچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئانا تىلىدا باشقىچە مەزمۇنلار بىلەن مۇكەممەل بىر ئەسەر يارىتىشنى مەقسەت قىلغان تەلەپكار شائىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، «ئەرەبى ھەسەلەست» ، «پارسى شەكەرەست» دەپ تونۇلۇۋاتقان ئاشۇ زاماندا تۈركىي تىلىنىڭ «ھۈنەرەست» لىك خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈن ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتتى. بۇ جەھەتتە شائىر نەۋائىنىڭ تۆھپىسى بۈيۈك ۋە ئۈچمەستۇر.

بۇ دەۋردە يەنە ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان، ئۇ «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھمان جامى (1414 — 1492) مۇ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، مەشھۇر يەتتە داستاننى بىر كىتاب قىلىپ «ھەپتە ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) نامى بىلەن ئاتىغان. بۇ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە ساغلاملىقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، جانلىق ۋە ئاممىباپلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جامائەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

«ھەپتە ئەۋرەڭ» يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت داستاندا شائىر پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەت ئۇستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالەم ھەققىدىكى قارىشىنى بايان قىلغان. قالغان ئۈچ داستان ئابدۇرەھمان جامىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەسەرلىرىدۇر.

خەمسىچىلىك كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا شۇ دەۋرلەردە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، تاكى XIX ئەسىرگە كەلگۈچە بولغان ئۇزاق مەزگىللىك بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان. XIX ئەسىرگە كەلگەندە شىنجاڭدا نىسپىي تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قەشقەردە زوھۇرىدىن ھەكىمبەگنىڭ بىۋاستە قول تىققىشى بىلەن قۇرۇلغان كاتىبات ئىشخانىسىدا ئابدۇرەھىم نىزارى يېتەكچىلىكىدىكى بىر بۆلۈك شائىرلار دىۋان تۈزۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان زور ھەجىملىك داستانلار توپلىمى بارلىققا كەلدى. بۇ كىتابقا «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۇلنىسا»، «رابىئە - سەئدىن»، «چاھار دەرۋىش»، «مەسئۇد - دىلئارا»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «بەھرام - دىلئارام» قاتارلىق سەككىز پارچە يىرىك داستان كىرگۈزۈلگەن. گەرچە بۇ داستانلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا باشقا - باشقا شائىرلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى XII ئەسىرلەردە ئىسلام شەرقىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن خەمسىچىلىكنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، خەمسىچىلىك تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، گۈللىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

**دادخاھ**

بۇ ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان زات دېگەنلىك بولۇپ، ھازىرغىچە «ھاكىم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ دەسلەپتە ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى نائىپ مۇئاۋىنلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇنۋانى بولغانىدى.

**درماكشىمى**

بۇ ئاتالغۇ سانسكرىتچە Dharmaksema دىن كەلگەن بولۇپ، «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا»نى سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى بۇددىست تەرجىماننىڭ نامى. «راھىب كاللانلارنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 2 ـ جىلدىدا (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان نۇسخىنىڭ 76 ـ ، 85 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن) ، «تەن ۋۇچىن يەنە تەن موچەن، تەن ۋۇچەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سانسكرىتچە نامنىڭ ئوخشاشمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت» دېيىلگەن. بىراق، ئۇنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىي نامىنىڭ قانداقلىقى كۆرسىتىلمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تەن ۋۇچېننىڭ ئوتتۇرا ھىندىستانلىق (قەدىمكى ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماگادھا دۆلىتىدىن) ئىكەنلىكى، دەسلەپتە ھىنايانا بۇددىزمىنى ئۆگەنگەنلىكى، كېيىن «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا»نى كۆرگەندىن كېيىن خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئۆزگىرىپ ماھايانا بۇددىزمى ئۆگەنگەنلىكى، 20 يېشىدا ماھايانا، ھىنايانا نوملىرىدىن 2 مىليون سۆزدىن كۆپرەكىنى يادقا ئېلىپ بولغانلىقى، ئۇ سېھىرگەرلىككە ماھىر بولغاچقا، «سېھىرگەر ئۇستاز» دەپ تەرىپلەنگەنلىكى، كېيىن «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا»نىڭ ئالدىنقى 10 جىلدى ۋە باشقا نوملارنى ئېلىپ كەشمىرگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردىن كۇسەنگە كەلگەنلىكى، كەشمىر بىلەن كۇسەندە ھىنايانا بۇددىزمى ئەۋج ئالغانلىقى، «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا»غا ئېتىقاد قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن، پەشامشان ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەنلىكى، شىماليي لياڭ خانى جۈرچى مۇنسۇن ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈچ يىل خەنزۇچە ئۆگەنگەنلىكى، «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» (ئالدىنقى 10 جىلد) ، «ماھاۋايپۇليا ماھاسانىپاتا سۇترا» ، «ئالتۇن يارۇق» (4 جىلد) قاتارلىقلارنى خەنزۇ-

چىنغا تەرجىمە قىلغانلىقى، خېشى راھىبلىرىدىن خوي سۇك، داۋلاڭلار ئۇنىڭغا ياردەمچى بولغانلىقى، كېيىن ئۇ «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» نىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى قىسىملىرىنى ئۇدۇندىن ئالدۇرۇپ، قالغان 30 جىلدنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى قاتارلىقلار قەيت قىلىنغان.

تەن ۋۇچېن مىلادىيە 385 — 433- يىللاردا ياشىغان بولۇپ، «تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ خەزىنە نوملىرىغا ئائىت خاتىرىلەر» («出三藏记集») دە ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان نوملىرى 14 قىسىم 117 جىلد دېيىلگەن بولسا، «بۈيۈك تاڭ بۇددا نوملىرى توپلىمى» («大唐内典录») دا 24 قىسىم، 151 جىلد دېيىلگەن.

پېتېر تسىمې ئەپەندى «ماھاپارى ‹نىرۋانا سۇترا› نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرى»، «قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» (نېمىسچە)، 18-، 1991-، 2-، 297-، 303- بەتلەر («Altorientalische Forschungen»، 18، 1991، 2، 297، 303) ناملىق ماقالىسىدا، «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» نىڭ شىمالىي نۇسخىسىنى Dharmaksema مىلادىيە 414-، 421- يىللار تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. بىراق، «414- 421- يىللاردا تەرجىمە قىلغان» دېگەن سۆزلەر «راھىب كالانلارنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بايان بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇ Dharmaksema دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەن.

دېڭ فۇباۋ تۈزگەن «بۇددىزمشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى» (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1984- يىلى) نىڭ 1338- بېتىدە، تەن ۋۇچېن دېگەن ئاھاڭ تەرجىمە نامىنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىسى Dharmaksema دەپ ئەسكەرتىلگەن.

### دارماچاكىر

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى

dharmacakra (نوملۇق چاق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇددا دىنىدا
بۇددا نومى («قانۇن» مەنىسىدە) ئايلانما چاققا ئوخشىتىلىدۇ. ئايلان-
ما چاق ئايلانغانسېرى تىنىقلار قەلبىدىكى نىرۋانىلار ۋە يامان نىيەت-
لەر يوقىلىدۇ دېيىلىدۇ. «دارماچاكىر» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدى-
كى تەڭدىشى nomluok tilgan (نوملۇق چاق) ھېسابلىنىدۇ. «ئال-
تۇن يارۇق» تا ھەر ئىككى ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە 法轮
دېيىلىدۇ.

### دىيان

بۇددا دىنى ئاتالغۇسى «دىيان» سانسكرىت تىلىدىكى dhyana
سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «سۈكۈتتە تۇرۇپ خىيال قىلىش، يامانلىق-
تىن ۋاز كېچىش، ساۋاب ئورمانلىقى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

### دىئونۇس

«دىئونۇس» قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى مەي ئىلاھى. ئۆم-
رى پاجىئەدە ئۆتكەن ئىزگۈلىك سىما، دىئونۇس بايرىمى دېھقانلارنىڭ
قايناق مۇراسىمى، تېرىلغۇ، مەي بايراملىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن
بولۇپ، پېرىكىل پادىشاھلىق قىلغان بىرىنچى ئالتۇن دەۋردە شەھەر-
لەرگە كىرىشكە ئىمكانىيەت تاپقان. شۇ ئاساستا گرېتسىيىدە تىياتىر
سەنئىتى شەكىللەنگەن. تراگېدىيە، كومېدىيىلەر مەيدانغا چىققان.
«دىئونۇس سەنئىتى» ۋە «ئاپوللو سەنئىتى» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق
دىئونۇسنىڭ خەلق، مەھەللە فولكلورلۇق خاراكتېرى بىلەن قۇياش
ئىلاھى ئاپوللو نىشان قىلىنغان ئوردا سەنئىتى پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

### رەھىل

رەھىل — كىتابنى قويۇپ ئوقۇش ئۈچۈن ياسالغان مەخسۇس
كىچىك جاھاز. ئۇ تۆز بىر تال تاختاينى ئىسكىنە بىلەن ئويۇپ، سىم
ھەرە بىلەن ھەرىلەش يولى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇستىكارلار ئۆزد-

نىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۈز بىر تال تاختاينى ئاجرىتىۋەت-
مەي ھەر خىل شەكىلدە ئېچىلىدىغان، ئېگىز ۋە پەس تۈرلايدىغان
قىلىپ ياسايدۇ. بۇنى كۆپىنچە قارىيلار، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى-
لار، كىتابقا قاراپ تۇرۇپ مەسىلە مەربەت قىلغۇچىلار ئىشلىتىدۇ.
رەھىل ئۇستىكارلارنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشتىكى مۇھىم ۋاسىتە
بولۇپ، ئۇستىكارلار ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىگە ئاساسەن ھەر خىل
نەقىشلىك قىلىپ ياسايدۇ. شۇڭا، رەھىلنى نەقىش بويۇم سۈپىتىدە
ئۆيلەردە قوزۇقا ئېسىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

## زەھھاك

«زەھ-ھاك» دېگەن ئى-سىم «ئاۋستا» كىتابى-دىكى ئاجى دەھ-
ھاك — ئەجدىھا دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. قەدىمكى ئەپسانىلاردا،
ئەجدىھا ئاسماندىن بالا - قازا ياغدۇرغۇچى قارا بولۇت. بۇ قارا ئەجدىھا
قۇياشنىڭ نۇرىدىن يېڭىلىدۇ. زەھھاك ئىران ئەپسانىلىرىدا ئەھرەمەن
ئەۋلادى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئەرەبلەر نەسلىنى باشلاپ كەلگەن تۈز
ئەجدادلىرىدىن ئىبارەت. تۈز ئەجدادلىرى بولسا، كەيۇمەرسكە باغلى-
نىدۇ. «شاھنامە» دە ئېيتىلىشىچە، زەھھاك ئەرەبىستاندىن (تۈزلار
زېمىنىدىن) كېلىپ جەمشىد تەختىنى بېسىۋالغان ۋە 1000 يىل
پادىشاھلىق قىلغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئىران ئەپسانىۋى
تارىخىدا ئەڭ زۇلمەتلىك، زالىملىق ئەۋجىگە چىققان، ئادالەت دەپ-
سەندە بولغان، ئەھرەمەن ئادەملەر نەسلىنى تۈگىتىشكە ئۇرۇنغان ۋە
ئىبلىس ئارقىلىق بۇ مۇدھىش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىغان
دەۋردۇر. زەھھاك ئوبرازى — ئىران ئەدەبىياتىدا زۇلۇم ۋە ئىستىب-
دات، ئادالەتسىزلىك مىسالى بولۇپ قالغان.

## سادۇ

سانسكرىتچە sadhu دىن كەلگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «ياخشى»
دېگەنلىك بولىدۇ.

## ساماتسو

«ساماتسو» ئاتلىق ئاچارى — گىتسو (يى جىڭ) نىڭ ئۇلۇغلاپ ئاتىلىشىدۇر. بۇ ئىبارىدىكى «ساماتسو» خەنزۇ تىلىدىكى 三藏 دىن كەلگەن. بۇ بۇددا كلاسسىكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، نوم، بۇددا قائىدە - نىزامى، مۇھاكىمە ۋە بايانىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاچارى» سانسكرىت تىلىدىكى acarya (ئۇستاز) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدا نوم، بۇددا قائىدە - نىزاملىرى، مۇھاكىمە ۋە بايانىنى بىلىدىغانلار 三藏法师 دەپ ئاتالسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە «ساماتسو ئاچارى» دەپ ئاتالغان. «ساماتسو ئاتلىق ئاچارى» بۇددا نومى، بۇددا قائىدە - نىزاملىرى، مۇھاكىمە ۋە بايانىنى تولۇق بىلىدىغان ئۇستاز دېگەنلىكتۇر.

## سانسار

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى samsara (ئايلىنىش، قاينام) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇددا دىنىدا بۇ دۇنيا ھايات- ماماتلىق ئازاب دېڭىزى دەپ قارىلىدۇ. سانسار ئەنە شۇ ھايات- ماماتلىق ئازاب دېڭىزىنىڭ نامىدۇر. خەنزۇچە 轮回 دېيىلىدۇ.

## سەرەتان

سەرەتان قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئاسماندىكى 12 بۇرجنىڭ تۆ- تىنچىسىنىڭ نامى. سەرەتان پەسلى ياز ئايلىرىنىڭ 6 - ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## سەردابە

سەردابە ياز پەسلىدە سوغۇق سۇ ساقلىنىدىغان گەمە بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە مېۋە - چېۋە، شاراب ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىشقا تېگىشلىك بۇيۇملار ساقلىنىدۇ. ئىلگىرى خان - پادىشاھلار قىمىز،

بوز ۋە باشقا ئېچىتىلغان ئىچىملىكلەرنى سەردابەلەردە ساقلاپ ئىستې-
مال قىلىشقا ئادەتلەنگەن، شۇنداقلا سەي - كۆكتاتلارمۇ ساقلانغان.

**سەرمۇنشى**

سەرمۇنشى — باش كاتىپ دېگەنلىك بولۇپ، سەر — باش،
مۇنشى — كاتىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەيد**

سەيد — ئوۋ، ئوۋلىنىدىغان جانىۋار، ئوۋ قىلماق دېگەن مەنى-
لەرنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇترا**

سۇترا سانسكرىتچە sutra دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ بورخان ساكيا-
مۇنىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى ياكى ۋەز - نەسىھەتلىرى دەپ رىۋايەت
قىلىنىدۇ.

**سۇدۇر (سۇتۇر)**

سانسكرىت تىلىدىكى sutra سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بو-
لۇپ، بۇددانىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى «سۇدۇر» دېيىلىدۇ.

**شارىر**

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى sarira
(جەسەت، جەسەت كۈلى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. رىۋايەت قىلىنى-
شىچە، ساكيامۇنىنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن جەسەت كۈلى
ئۈنچىسىمان ماددىغا ئايلانغانمىش. بۇ جەسەت كۈلى «شارىر» دەپ
ئاتالغان. كېيىن ئالىيجاناب راھىبلارنىڭ جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلگەن-
دىن كېيىن، بۇ جەسەت كۈللىرىمۇ «شارىر» دەپ ئاتىلىدىغان بول-
غان. «شارىر» ئۈچ خىل رەڭدە بولارمىش. ئاق رەڭلىكى سۆڭەك

شارىرى، قارا رەڭدىكى چاچ شارىرى، قىزىل رەڭلىكى ئەت شارىرىنى كۆرسىتەرمىش. خەنزۇچىدا 舍利 دېيىلىدۇ.

**شاستىر**

«شاستىر» بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى sastra دىن كەلگەن. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «سۇترا ـ نوم» نىڭ تەپسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**شامان دىنى ئەقىدىسىدىكى تۆت رەڭ چۈشەنچىسى**

شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ تۆت تەرەپنى بىلدۈرىدۇ، يەنى كۆك رەڭ شەرق تەرەپنى، ئاق رەڭ غەرب تەرەپنى، قارا رەڭ شىمال تەرەپنى، قىزىل رەڭ جەنۇب تەرەپنى بىلدۈرىدۇ.

**شەببەرەك ئەييار**

شەببەرەك ئەييار — هوشسىزلاندۇرۇش دورىسى دېگەنلىكتۇر.

**شەرھۇل ۋەقايى**

شەرھۇل ۋەقايى — ۋەقە شەرھلىرى، ئىزاهات دېگەندەك ئىزا-فەتلىك بىرىكمىنى كۆرسىتىدۇ.

**شەھىدۇللا**

«شەھىدۇللا» يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتەڭلەرنىڭ بىرسىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ قاغىلىق ناهىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قىلغان هەربىي سەپىرىدە ئىس ئىلىپ كېتىپ، مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**شىر چاي**

شىر چاي — قايناق سۇغا چاي، تۇز، سېرىق ماي، قارىمۇچ سېلىنىپ قاينىتىلغان ئالاھىدە سۇتلۇك چاي بولۇپ، بۇ خىل چاي

ئۆسمۇرلەرنىڭ ئەقىل - زېھنىنى ئېچىش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار-نىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاش جەھەتتە ئالاھىدە رولغا ئىگە. تۈركىي مىللەتلەردە مەخسۇس ئىستېمال قىلىنىدىغان بۇ ئالاھىدە مەھسۇلات XI ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان.

شىر چاي تۈركىي خەلقلەرنىڭ چاي مەدەنىيىتىنى نامايان قىلغۇ-چى مۇھىم بىر نامايەندە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

### شىراۋاك

سانسكرىتچە [Sravaka] دىن كەلگەن بولۇپ، «بۇددانىڭ تەلىما-تىنى ئاڭلاپ، ئاڭ — سېزىمغا ئىگە بولغۇچىلار» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئەسلىدە، بۇددانىڭ هايات چېغىدىكى شاگىرتلىرىنى كۆرسەتەتتى. كېيىن، پراتىـكابۇت ياكى پراتيېكا بۇددا [Pratyekabuddha]، بۇدىساتـۋا [Bodhisattva] لارنى ئۆز ئىچىـگە ئالـغان تىـرىـيانا (Tri — yana، خەنزۇچە« 三乘 » دېيىلىدۇ. ئۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، تەلىم كۆرگەن جانلىقلارنى قۇتۇلۇشقا يېتىشكە يېتەكلەشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى، يولى ياكى دىنىي تەلىماتنى كۆرسىتىدۇ.) نىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

### فەزا

فەزا — ئوچۇقلۇق، ئالەم بوشلۇقى، هاۋا مەنىلىرىنى بىلدۈر-دۇ.

### قاتار

«قاتار» تۈركچە سۆز بولۇپ، ئىراندا يۈك توشۇيدىغان هايۋانلار-نىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر-بىرىگە باغلانغان ئالتىدىن تارتىپ 100 بولغان تۆگە بىر قاتار دەپ ئاتىلىدۇ.

## قارۋشتى يېزىقى

«قارۋشتى يېزىقى» سام تىل سىستېمىسىدىكى ئارامى يېزىق سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن ئېشەك كالپۇكىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، «ئېشەك كالپۇكى يېزىقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىدا ئىشلىتىلگەن. مىلادىيە IV ئەسىرلەردە سانسكرىت يېزىقىنىڭ يەكلىنىشىگە ئۇچراپ ئىستېمالدىن قالغان. مىلادىيە III ئەسىرلەردە قەدىمكى خوتەن، پىشامشان ئەتراپلىرىغا تارالغان بولۇپ، بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلارنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «نىيە ئادەت تىلى» دەپ ئاتىماقتا. بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

## قاغان

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇز قاغان ۋە ئايقاغان دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. ئايقاغان ئوغۇز قاغاننىڭ ئانىسىنىڭ، ئوغۇز قاغان بولسا ئوغۇز قاغاننىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

«قاغان» دېگەن نام تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارىنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئاغزاكى شەكىللەنگەن دەۋرىدىن خېلى كېيىنكى «ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» ۋە «قوجو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دېگەن كىتابتا بۇ سۆز قاقان ( *kakan* ) دەپ ئېلىنغان. «قاغان» دېگەن نامنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بار.

بىرىنچى خىل قاراش: «قاغان» دېگەن نام سيانپىلار دەۋرىدىن

باشلاپ قوللىنىلغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى بۇ نامنىڭ مىلادىيە 265-يىلى ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى...

ئىككىنچى خىل قاراش: «قاغان» قەدىمدە ئاۋارلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە مۇڭغۇللارنىڭ پادىشاھىنىڭ نامى ئىدى...

ئۈچىنچى خىل قاراش: «قاغان» مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆك تۈركلەر دۆلىتىنى قۇرغان تۇمەننىڭ ئەمەل نامى ئىدى. كېيىن بۇ نام نۇرغۇن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان ...

«قاغان» دېگەن نام تۈركىي تىلغا مەنسۇپ سۆز بولۇپ، بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەد جەبەر ئوغلى «خاتۇن» سۆزىنىڭ قەدىمدە «قاغاتۇن» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، «قاغاتۇن» ۋە «قاغان» دېگەن ئىسىملاردىكى ئالدىنقى سۆزنىڭ ئوخشاشلا «قاغا» ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «قاغا» نامىنى «خاتۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. «قاغا» سۆزى قەدىمدە «»يۇرت»، «ۋەتەن» مەنىسىنى بېرىدىغان «ن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «قاغان» غا ئۆزگەرگەن. دېمەك، «قاغان» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ ئادەم» ، »مۇقەددەس كىشى» ، «بۈيۈك ئادەم» ، «كاتتا كىشى» دېگەندىن ئىبارەت.

«قاغان» دېگەن بۇ نام سىيانپىلار، ئاۋارلار ياكى كۆك تۈركلەر دەۋرىدىن خېلى ئىلگىرىكى ساكلار دەۋرىدە قوللىنىلغان. ساكلاردا ھۆكۈمران ئۇرۇق «يۇغۇر» دەپ ئاتالغان. ھۆكۈمدار كىشى بولسا، «يوغۇر قاغان» دەپ ئاتالغان. ساكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VII — VIII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز سىيانپىلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، ئەمەل نامىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردا بولسا بۇ سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىزىملىق دەۋرىدىلا بار بولغان. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ دەۋرلەردە ئايالالارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى

ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «قاغان» دېگەن بۇ ھۆرمەت نامىنى قوشۇپ ئاتىغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ تۇرپان نۇسخىسىدا ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئايقاغان دەپ ئاتىلىشى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«قاغان» دېگەن نامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يەنە «قان» (خان) دېگەن ۋارىئانتىمۇ بولغان. بۇ سۆز «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا «بىلگە تۇنيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىگە قىلىنتىم؛ تۈرك بودۇن تابغاچقا كورۇر ئەرتى. [تۈر] ك بۇدۇن قانىن بولمايىن تابغاچدا ئادىرىلىتى قانلاندى قانىن قودۇپ تابغاچقا يانا ئىچىكتى» [بىلگە تۇنيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۈم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە) خان تىكلىدى]. دەپ يېزىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە «قاغان» دېگەن سۆز فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «خاقان» دېگەن شەكىلگە كەلگەن. قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي رايونى «خاقانىيە ئۆلكىسى»، بۇ دەۋردىكى تىل «خاقانىيە تىلى» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ھال مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە «قاغان» دېگەن بۇ نام ئەڭ بۇرۇن «ۋېيىنامە» دە « 可寒 » دەپ يېزىلغان. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىن كېيىن بىردەكلا « 汗 » دېگەن خەت بىلەن ئىپادە قىلىنغان. باشقا مەنبەلەردە يەنە « 可汗 »، « 卡甘 »، « 合坎 » شەكىللىرىدىمۇ ئېلىنغان.

## قۇان

بۇ، خەنزۇچە 贯 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «تىزىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىكىيۈز قۇان باقىر» نىڭ مەنىسى «ئىككىيۈز تىزىق يارماق»، «باقىر» قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «مىس»،

«مىس يارماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان، يەنە ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## قۇرۇق

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «قۇرۇغ» خەنزۇچىدا 空، سانسكرىت‌چىدا Sunya دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ شەيئىلەر خىيالىي بولۇپ، ھەقىقىي بولمايدۇ دېگەن ئىدىئالىستىك قاراشنى بىلدۈرىدۇ. «دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەج - سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ، مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدىسى بولمايدۇ، ساختا بولىدۇ، ھەقىقىي بولمايدۇ، شۇڭا 〈قۇرۇق〉 دېيىلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

## كاتتا تۆرە

«كاتتا» سۆزى بۈيۈك، چوڭ، شاھزادە دېگەن مەنىدە بولۇپ، «كاتتا تۆرە» ئۇلۇغ ياكى بۈيۈك شاھزادە دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى بۇ سۆزنى ۋەلىئەھدى دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلغان. خانلىق نەسەب ئادىتى بويىچە ھەقىقىي ۋەلىئەھدى مانا شۇ «كاتتا تۆرە»نى كۆرسىتىدۇ. «تۆرە» سۆزى شاھزادىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «تىرەم» تىكىن - شاھزادىلەرگە، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا ئۇنىڭ ئورنىدا «ئالتۇن تىرەم» دېگەن سۆز ئىشلى‌تىلىدۇ دەيدۇ.

## كارساپان

بۇ، ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى

karsapana دىن كەلگەن. بىر كارساپان 400 مىسقالغا تەڭ دېيىلىدۇ.

## كافۇر

«كافۇر» كامفارا، دەرەخت كافۇر — كامفارا دەرىخى دېگەنلىك بولۇپ، كۆچمە مەنىدە كەلسە ئاق قاردەك، سوغۇق مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كافۇر ئەسلي ئاق رەڭلىك ماددا، مېيىت ئۆزىتىدىغان ۋاقىتىدا مېيىتنىڭ ئۈستىگە سېپىپ قويۇلىدۇ.

## كرېست ھەققىدە

كرېست رىم ئېمپېرىيىسى دەۋرىدە بىر خىل جازا قورالى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا قۇلدارلار قېچىپ كەتكەن ياكى قارشىلىق كۆرسەتكەن قۇللارنى كرېستقا مىخلىۋېتەتتى. «ئىنجىل» دا ئېيتىلىشىچە، خۇدا ئىيسانى ئىنسانلار ئارىسىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئاخىردا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئىيسانى كرېستقا مىخلىۋەتكەن. ئىيسا ئۆلۈپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلگەن ۋە ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن. شۇڭا، كرېستقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۇنى گۇناھتىن ساقىت قىلىشنىڭ سىمۋولى ۋە ئېتىقادنىڭ بەلگىسى قىلغان. مىلادىيە Ⅳ ئەسىردە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شەرقىي رىم ئېمپېرىيىسىنىڭ ئېمپېراتورى ستانتىن كرېستقا مىخلاش جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، كرېست دىنىي بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ قالغان.

تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا كرېست بەلگىسىنىڭ شەكلى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇنىڭ لاتىن كرېستى، گرېتسىيە كرېستى، سان ئاندىرىي كرېستى، سلاۋيان كرېستى (رۇس كرېستى دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق بىر نەچچە خىل شەكلى كۆپرەك تارقالغان.

كرېستنى ئاساسلىقى كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋ دىنى ۋە يېڭى

دىنىنىڭ دىنىي زاتلىرى ۋە مۇرىتلىرى تاقايدۇ. بۇ ئادەت ھەرقايسى دەۋرلەردە، ھەرقايسى گۇرۇھ ۋە مىللەتلەردە پەرقلىق بولۇپ كەل-گەن. ھازىر غەربتىكى بەزى كىشىلەر كرېستنى زىبۇزىننەت ئورنىدا تاقىۋالىدىغان بولدى.

چوقۇنۇش جەھەتتىكى قول ئىشارىتىمۇ ئۆزگىچە مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ ئومۇمەن، ئىنئام قىلىشنى، ئامانلىق تىلەشنى، ئىبادەتنىڭ باش-لانغانلىقى ياكى ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەنگلىيە، شۋېتسارى-يە، نورۋېگىيە، دانىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، مالتا، فىنلان-دىيە، گرېتسىيە، ئىسلاندىيە، دومىنىكا، فىجى، لېفىنىشتىيىن، تۇنگا، شۋېتسىيە، ۋاتىكان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقىغا كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇ تارىختا ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

1859- يىلى فرانسىيە ۋە سادىنىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىتالىيە-ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغان، ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىم تارتقان. شۋېتسارىيىلىك ئىنسانپەرۋەر ھېنرى دىيونەن بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، يارىدارلارنى قۇتقۇزى-دىغان بىتەرەپ تەشكىلات قۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1863 - يىلى جەنۋەدە يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇلغان. يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتى خەلقئارالىق تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەزالىرى شۋېتسارىيىلىكلەر بولغاچقا، شۋېتسارىيىنىڭ تېگى قىزىل ئاق كرېست بەلگىلىك دۆلەت بايرىقى تېگى ئاق قىزىل كرېستلىق بايراققا ئۆزگەرتىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ بەلگىسى قىلىن-غان. 1880 - يىلى يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ نامى خەلقئارالىق قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

شۇنداق قىلىپ، كرېست جازا قورالىدىن پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ خرىستىئان دىنىنىڭ بەلگىسى، كېيىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش گېر-بى، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە بىتەرەپلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇ ھازىر داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

## كۆكئارت داۋىنى

كۆكئارت داۋىنى — قەدىمكى مەشھۇر يىپەك يولىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىدىكى پامىر تاغلىرى بىلەن قارا قۇرۇم (كوئېنلۇن) تاغلىرى قوشۇلمىسىغا جايلاشقان، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، كۆك بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز تاغ ئۆتكىلى بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە «سوڭلىڭ» (پىيازلىق چوققا) دەپمۇ خاتىرىلەن-گەن. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەرلەردە تاغ پىيىزى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاغ ئۈستى تەكشىلىكلىرىدە پىياز ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

كۆكئارت داۋىنىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 6000 مېتىردىن ئارتۇق.

## كۆك بۆرە ۋە ئۇران

كۆك بۆرە بۆرىنىڭ بىر خىلىنى، ئۇران دېگەن سۆز بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقنى، ئۇنى مۇقەددەس يۆلەك، مەنىۋى يېتەكچى، شۇن-داقلا ئۇرۇش شوئارى دەپ تونۇغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئىپوستا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران». «ئۇ-ران» سۆزى موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، XIII ئەسىرلەردە چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغا شىددەت بىلەن باستۇ-رۇپ كىرىشى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن سۆزلۈكلەر قاتارىدا تۇرپان ۋە باشقا جايلاردىكى خەلقلەر-گە كەڭ تۇردە ئۆزلەشكەن. مەسىلەن، ھازىرقى قازاق خەلقى تىلىدا «uran koter» ، يەنى «شوئار توۋلا» دېگەن سۆز بار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلق-

لەر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرمۇ ئەينى دەۋردە موڭغۇل تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ ھالەت تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭد-ىشىش ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېپوسنىڭ XIII ئەسىردە تۇرپاندا نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغاندا، بۇ سۆز-نىڭ ئەسەردىن ئورۇن ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۆرىنىڭ تۇتېم قىلىنىش مەسىلىسى تارىخىي يىلتىزى بىرقەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان، تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بىر خىل مەنىۋى ھادىسە. تۇتېم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق دىنلاردىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بىر ئىپتىدائىي ئېتىقاد بولۇپ، فرېئودنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تۇنجى دىنىي تۈزۈم — تۇتېم تۈزۈمىدۇر.» تۇتېمنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە دوكتور ئەسئەت سۇلايمان مۇنداق يازىدۇ «... ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئۆلۈمدىن قېچىش ۋە ئامانلىق ئىزدەش ئادەمنىڭلا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭمۇ تەبىئىي ماھىيىتى. ئىنسانىيەتتە مانا مۇشۇنداق قور-قۇش ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلار روھىي قالقان ئىزدەشكە، مەنىۋى پاناھ تېپىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە ئىنساند-يەتنىڭ تۇنجى پىسخىك تەسەللىسى — تۇتېم مەيدانغا كەلگەن.»

روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگموند فرېئو بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ھالاكەت (ئۆلۈم) ئېڭى تارىختىن بۇرۇنقى بارلىق دىن-لارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭمۇ چىقىش نۇقتىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، يىراق قەدىمكى زاماندا ياۋايى ھايۋانلار-نىڭ تەھدىتىدىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئۆلۈم ئېڭى ئاخىرقى ھېسابتا ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ئىنسانىيەت تارد-خىدىكى تۇنجى ئىپتىدائىي دىن ھېسابلانغان تۇتېم — ئۆلۈم ئېڭىدىن ئىبارەت پىسخىك خىمىرتۇرۇچ ئاساسىدا مەيدانغاكەلگەن.» تۈركىي خەلقلەردە بۆرە تۇتېمى ئەڭ ئاخىرقى تۇتېم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىچكى ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئىچكى ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرى بۆرە پەيدا بولغان ئەڭ قەدىمكى جايلار بولۇپ، بۇ رايوندىكى خەلقلەر بۆرىنى ئەڭ دەسلەپ تۇتېم قىلغان. بۆرىنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى ئەينى دەۋردىكى ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ زور دەرىجىدىكى قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇلاردا بۆرىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ئىلمىي چۈشەنچىسى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتى نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، بۆرىدىكى ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى قانداقتۇر سىرلىق ئىلاھىي كۈچ دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىلاھلىق لىباسىنى كىيدۈرۈشكەن. فرانسىيە ئىنسانشۇناسى لېۋى - بىرۇھىل ئېيتقاندەكلا «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەتراپتىكى ھەممە شەيئىلەرنى سىرلىق دەپ قارايتتى. ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا، بولۇپمۇ تۇتېم جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئىپتىدائىي كىشىلەر نەزىرىدە ھەرقانداق ھايۋان، ھەرقانداق ئۆسۈملۈك ۋە ھەرقانداق مەۋجۇدات تۇتېمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى. ھەربىر كىشى ئۇنى ئۆز قان - قېرىنداش ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىدە مەجبۇرىيەت باردەك ھېس قىلاتتى ۋە ئۆزى بىلەن ئۇ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت دەپ قارايتتى» . بۆرىنى تۇتېم قىلغان مۇشۇ رايونلاردىكى خەلقلەر بۆرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئۇنى ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلاھىي مەخلۇق دەپ تونۇغان. نەتىجىدە بۆرە ئاشۇ خەلقلەرنىڭ بىردەك ئۇلۇغلاپ تۇتېم قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر يايلاق تۇرمۇشىدىكى بۆرە بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تىركىشىپ ياشاش جەريانىدا بۆرىلەرنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا ئۇچرىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇقەددەسلىك ئېڭى تېخىمۇ

كۆچەيسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىكى ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق، كۆچ - قۇۋۋەت ۋە توپلانما كۆچ ھاسىل قىلىشتەك خاراك-تېرىگە ھەۋەسلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقان. بۇ خىل زوقمەنلىك ۋە قورقۇش تەدرىجىي ھالدا بۆرىگە بولغان ئېتىقادنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە بۇ تۇرمۇشنىڭ داۋامچانلى-قىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۈچەيگەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭ-دىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرى سىبىرىيىدىكى خەلقلەر ئىتنى كۆندۈر-گەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

ئېپوس ۋەقەلىكىدىن قارىغاندا، كۆك بۆرە ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشىدىن چېدىرىغا چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان بو-لۇپ، ئوغۇزخاننىڭ مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئېپوسنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، ئوغۇزخان مۇقەددەس ھەربىي يۈرۈشكە ئات-لانغان ۋاقىتتا چېدىرىغا چۈشكەن كۆك نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنىڭ لەشكەرلەرگە يول باشلىشى ۋە قوشۇننىڭ بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قەدەممۇقەددەم نۇس-رەت قازىنىشى بۇ چۈشەنچىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئېپوستىكى «بۆرە» سۆزىگە سۈپەت تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن «كۆك» سۆزىمۇ ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. ئوغۇزخانغا يول باشلاپ مېڭىپ يۈرۈشتە نۇسرەت قازىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتقان بۆرە نېمە ئۈچۈن سېرىق، كۈل رەڭ ياكى قىزىل رەڭلىك بولماي، دەل كۆك رەڭلىك بۆرە بولىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، كۆك چۈشەنچىسى ۋە كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردە، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئوغۇزخان دەۋرى-دىن ئىلگىرىكى تارىخىي باسقۇچلاردىلا كۆك ئاسمانغا چوقۇنۇپ، ئۇنى مۇقەددەس جاي، تەڭرىلەرنىڭ ماكانى دەپ تونۇغان ۋە كۆك (ئاس-مان) نى تەڭرى دېگەن مۇقەددەس سۆز ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرگەن.

ئاتاقلىق تۈركشۇناس بارتولىد: «تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ روھىي ھا-
لىتىنى پىششىق بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى-
نى چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم. مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدە پەقەت كۆك
(ئاسمان) ۋە يەر (تۇپراق) گە بولغان ئېتىقاد تىلغا ئېلىنىدۇ.
بولۇپمۇ 〈تۈركلەرنىڭ〉، 〈تۈركلەرنىڭ يەر، سۈيى〉 دېگەن جۈملىلەر
كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى 〈تەڭرى〉 سۆزى ئېھتىمال ماددىي مەنىدى-
كى 〈كۆك〉 (ئاسمان) ۋە ئىلاھىي مەنىدىكى 〈كۆك〉 (تەڭرى) نى
كۆرسەتسە كېرەك» دەيدۇ.

ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى قۇياش ۋە ئاينىڭ كۆك (ئاسمان) دا
بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىدىكى سىرلىق خۇسۇسى-
يىتى، كۆپ خۇدالىق دىن چۈشەنچىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىلاھنىڭ كۆك
(ئاسمان) دا تۇرۇشى، زۇمرەتتەك كۆك ئاسماننىڭ ئۇنى ئوراپ تۇ-
رۇشى قاتارلىق بىر قاتار چۈشەنچىلەر تەبىئىي ھالدا كۆك رەڭنى
ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئابدۇقادىر ئىنان (تۈركىيە) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىختا
ۋە بۈگۈن شامانىزم» دا: «قەدىمكى تۈرك تىلىدا〈تەڭرى〉سۆزى كۆز
بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان كۆك (ئاسمان) ۋە〈ئاللا〉 دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ... قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى〈تەڭرى〉سۆزى ھازىرقى ھەر-
قايسى تۈركىي دىئالېكتلاردا Ture ، Tengri ، Tengere ، Tingri ،
Tangri ، Tanri ، Tangara شەكىللىرىدە ئېيتىلىدۇ. ھازىرقى شامان
ئېتىقادىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوللىنىۋاتقان 〈تەڭرى〉
سۆزىنىڭ مەنىسى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشاش...
يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قەدىمكى تۈرك تىلىدا كۆك (ئاسمان، سا-
ما) بىلەن〈ئەڭ بۈيۈك روھ〉نى ئىپادىلەيدىغان بىر دىنىي سۆز〈تەڭرى〉
دۇر. كۆك (كۆك رەڭ) ئۇنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلە-
تىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر
〈كۆك〉سۆزىنى〈ئاسمان〉 مەنىسىدە، 〈تەڭرى〉سۆزىنى〈ئاللا〉 مەنىسىدە
چۈشىنىدۇ» دەپ يازغان. يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق

خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئىچكى ئاسىيا ۋە سىبىرىيە يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ئىپتىدائىي خەلقلەر ئىچىدا خۇددى باشقا خەلق- لەر ئىچىدىكىگە ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد چۈشەن- چىسى ئاسمانغا ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۆپ خۇدالىق دىن چۈشەنچىسىدىكى بارلىق خۇدالارنىڭ ئۇلۇغى كۆكتە تۇرىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. ئەڭ ئۇلۇغ خۇدانىڭ كۆكتە تۇرۇشى، زۇمرەتتەك كۆك ئاسماننىڭ ئۇنى ئوراپ تۇرۇشى ئۇلاردا كۆك رەڭگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئېتىقادنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق يىللىق ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى ئەتراپىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، تۇرمۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بۆرىگە بولغان چۈشەنچە ئۇنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇرەككەپ پسىخىكىسى، ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ بىلگەن رەڭگە بولغان مۇھەب- بەت ئاخىرىدا كۆك بۆرىگە بولغان تۇتېمنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاسا- سىنى تىكلەپ بەرگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خاسلىققا بولغان ئىنتىلىش بىلەن كۆك (ئاسمان) ئېتىقادىدىكى كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكى (ئىككى ئىلاھىي خۇسۇسىيەت) بىرلىشىپ كۆك بۆرىگە بولغان تۇتېمنى شەكىللەندۈرگەن. ئېپوستا ئوغۇزخانغا يول باشلىغان ۋە يۈرۈشتە ئوغۇزخاننىڭ نۇسرەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان كۈچنىڭ ئاسماندىن (كۆكتىن) چۈشكەن بۆرە بولۇشى، بۇ نۇر ئىچىدىن چىققان نەرسىنىڭ قاۋان، تۈلكە، يولۋاس، شىر ياكى باشقا بىر خىلدىكى ھايۋان بولماي، دەل بۆرە بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاق، سېرىق، قىزىل ياكى باشقا رەڭدە بولماي، دەل كۆك رەڭدە بولۇشى بۇ قاراشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى كۆك بۆرە ئىلاھىي كۈچ، ئۇنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلىشى ۋە يۈرۈشتە نۇسرەت قازاندۇرۇشى ئىلاھنىڭ ئوغۇزخاننى قوللىغانلى- قىنىڭ، مەدەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىشارەتلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېپوستىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوغۇزخان «كۆك بۆرە بولسۇن

هەم ئۇران! » دەپ جاكارلايدۇ. بۇ جۇملىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا،
ئوغۇز خاقان ئالتە نەپەر ئوغۇلغا ئىگە بولۇپ، ئەتراپىدىكى قەبىلە-
خەلقلەرگە «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان» دەپ جاكارلاشتىن بۇرۇن
ئۇلار ئۇرۇق ياكى قەبىلە هاياتىدا ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
ئىپتىدائىي دەۋردىكى هەرقايىسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس تۇتېم-
لىرى بولغان. ئوغۇز خاقان مانا مۇشۇ قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۇ-
رۇپ كۈچلۈك بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقاندىن كېيىن، كۆك
بۆرىنى بۇ سىياسىي كۈچنىڭ تۇتېمى قىلغان. كۆك بۆرە تۇتېمىنىڭ
تاكى هازىرغىچە داۋاملىشىشى ۋە بۆرە ئوبرازىنىڭ تۇتېم چۈشەنچىسى-
دىن سەنئەت چۈشەنچىسىگە تەرەققىي قىلىپ تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئىچىدا مۇقەددەس ئىلاھىي كۈچنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ياشىشى
ئەجدادلىرىمىز ئىچىدا شەكىللەنگەن مۇقەددەس ئىلاھىي چۈشەنچە-
نىڭ، شۇنداقلا ئۇلۇغ بوۋا ئوغۇز خاقان «ئۇران» قىلغان مۇقەددەس
ئۆملۈك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ كىشىلەر ئىچىدىكى تەسىرى ۋە قۇرۇماس
يىلتىزىنىڭ ئاساسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## گۆشەنىش

گۆشەنىش — خىلۋەتكە كىرگۈچى دەرۋىشلىك تۇرمۇشىدىكى
كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## مانتال

بۇددا دىنى ئاتالغۇسى «مانتال» سانسكرىت تىلىدىكى mandala
(يىغىلىش؛ سۇپا، پائالىيەت مۇنبىرى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن.
بۇددىزم مۇرىتلىرى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ كېلىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنغا بىر چەم-
بىرەك سىزىپ قويىدۇ ياكى توپىدىن سۇپا ياسايدۇ، بەزىدە بۇرخانلار-
نىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويىدۇ. مانا مۇشۇ ئورۇن مانتال دېيىلىدۇ.
خەنزۇچىدا 坛 ، 坛坊 ياكى 曼荼罗 دېيىلىدۇ.

## ماھابۇتى دەرىخى

بۇ، دەرەخ نامى بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى پىپالا دەرىخى تۈۋىدە «ئۇلۇغ تويۇناق» قا ئېرىشكەنىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىپالا دەرىخى ماھابۇتى سانسكرىتچە mahabodhi (ئۇلۇغ تويۇناق) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

## ماھاپارى نىرۋان

بەزى تېكستلەردە «ماخاپارى نىرۋان» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سانسكرىتچە [mahaparinivana] دىن كەلگەن. «ئۇلۇغ تولۇق تىپ-تىنچلانغان» (ئەسلىي تېكستتە «ئۇلۇغ تولۇن ئامرىلمىش» دېيىل-گەن) بولسا، ئۇنىڭ مەنەن تەرجىمىسى. «ماھاپارى نىرۋان» نىڭ خەنزۇچە مەنەن تەرجىمىسى « 人寂圆大 » بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر-چىغا «ئۇلۇغ تولۇن ئامرىلمىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

## ماھاساتۋا

بەزى تېكىستتلەردە «ماخاستۋ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سانسك-رىتچە Mahasattva دىن كەلگەن، «ئۇلۇغ زات، كاتتا زات» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ماھاساتۋا بۇدساتۋالارنىڭ ھۆرمەت نامىنى بىل-دۈرىدۇ، ئادەتتە ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن چوڭ بۇدساتۋالارنى كۆرسىتىدۇ. بۇدساتۋالارنىڭ نامايەندىسى بولغان زاتلارمۇ ماھاساتۋا دەپ ئاتىلىدۇ.

## ماھاكالپ

بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى maha (چوڭ، ئۇلۇغ) دېگەن سۆز بىلەن kalpa (ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. «ماھاكالپ» ئادەتتە 1 مىليارد 340 مىليون يىلغا تەڭ دېيىلىدۇ.

## ماھايانا

بۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى mahayana (چوڭ ھارۋا) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ماھايانا بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى. ماھايانا مەزھىپى مىلادىيە I ئەسىر ئەتراپىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆزلىرىنى سانسارىدا ئازاب چېكىۋاتقان سانسىز جانلىقلارنى مۇشۇ چوڭ ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ نىرۋان قۇتىغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ قارايدۇ. ماھايانا مەزھىپىنىڭ قارشىسى ھىنايانا مەزھىپىدۇر. ماھايانا مەزھىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا kolungu دەپ ئاتىلىدۇ. «ئالتۇن يارۇق» تا بۇ مەزھەپ بەزىدە سانسكرىتچە mahayana، بەزىدە خەنزۇچە tayshing، يەنە بەزىدە ulugh kolungu سۆزلىرى بىلەن ئاتىلىدۇ.

## ماھايانا، ھىنايانا

بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» نىڭ تېكىستىدە «تايشىڭ»، «شىۋشىڭ» دەپ يېزىلغان. «تايشىڭ» خەنزۇچە 大乘 (سانسكرىتچە «ماھايانا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنا تەرجىمىسى. ئۇيغۇرچىدا «چوڭ ھارۋا» ياكى «چوڭ كېمە» دېگەن مەنىدە) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. «شىۋشىڭ» خەنزۇچە 小乘 (سانسكرىتچە «ھىنايانا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنا تەرجىمىسى. ئۇيغۇرچىدا «كىچىك ھارۋا» ياكى «كىچىك كېمە» دېگەن مەنىدە) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

## مەتلەئ

مەتلەئ — چىقىش، كۈننىڭ چىقىشى؛ كۆچمە مەنىسى: شېئىرنىڭ باشلانمىسى دېگەنلىك بولىدۇ.

## مەزەللەت

مەزەللەت — تۆۋەنلىك، خورلۇق، خارلىنىش، ئەرزىمەس مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

## مەقامەت جەۋھىرى

مەقامەت جەۋھىرى — كۈي، ئاھاڭلار دەستۇرى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

## مەقتەئ

مەقتەئ — تۈگەش، ئاخىرلىشىش دېگەنلىك بولۇپ، كۆچمە مەنىسى: شېئىردا تۈگۈنچىنى بىلدۈرىدۇ.

## مەنسىز

بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە Anatman ، خەنزۇچە 无我 دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ مۇستەقىل، ھەقىقىي ئۆز گەۋدىسى بولمايدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ئادەمگە قارىتا ئېيتىلغان «مەنسىز» بولسا، كىشىلەرنىڭ Pancaskanda نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەنلىكى، مەڭگۈلۈك، ئەركىن بولغان ئۆز گەۋدىسى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھارماغا قارىتا ئېيتىلغان «مەنسىز» بولسا، بارلىق ھارمالارنىڭ تۇرلۇك ۋەجسەۋەبلەر يىغىلىشىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، مەڭگۈلۈك، مۇستەھكەم ئۆز گەۋدىسى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. Pancaskanda خەنزۇچە 蕴五 دېيىلىدۇ. Panca «بەش»، skandha «يىغماق، توپلىماق» (ياكى يىغىندى)، «تۈر، خىل» دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ (1) تەن ۋە دۇنيانى تەشكىل قىلىدىغان ماددىنى؛ (2) سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئازاب، خۇشاللىق، ئازابمۇ ئەمەس، خۇشاللىقمۇ ئەمەس قاتارلىق ھېس، تەسىرات، كەيپىيات؛ (3) تەسەۋۋۇر، خىيال، ئەسلىمە، ئۇقۇم، تەپەككۇر قاتارلىق پائالىيەت؛ (4) ئىرادە ۋە روھ بىلەن ھاياتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش، ھايات - ماماتلىق ئۆزگىرىش پائالىيىتى؛ (5) كۆڭۈلنىڭ ئەڭ تۈپ بولغان ئويلاش، پىكىر قى-

لىش، ساقلاش رولى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## مەھمۇز

ئاتلىقلار ئاتنىڭ بىقىنىغا نىختاپ ئاتنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن ئۆتۈكىنىڭ سوڭىغا بېكىتىۋالغان نەرسە. بۇ كۆپىنچە ئاتلىق ئەسكەرلەر، چەۋگانىيلار، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا دائىم قاتنىشىپ تۇرىدىغان كەسپىي ماھارەتچىلەر ۋە ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ تۇرىدىغانلارنىڭ مەخسۇس ئاياغ كىيىمىگە بېكىتىلىدۇ. ئۇلار ئاتنى قامچىلاش ئورنىغا كۆپىنچە ھاللاردا مەھمۇزنى ئىشلىتىدۇ. كۆنۈك ئاتلار مەھمۇزنىڭ ئۇچ ياكى سول بىقىنىغا تېگىشىدىن ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلەيدۇ، شۇنداقلا يەنە مەھمۇزنىڭ بىقىنىغا چىڭ ياكى بوشراق تېگىشىدىن ئۆز سۈرئىتىنىڭ ئاستا ياكى تېز بولۇشى لازىملىقىنىمۇ بىلەلەيدۇ. بۇ، ئات كۆندۈرگۈچىنىڭ مەھمۇزنىڭ رولىنى ئاتقا بىلدۈرۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## مەي ـ شاراب

مەي ـ شاراب مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان، ئادەمگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان، كۆڭۈلدىكى غەم ـ غۇسسىلەرنى ھەيدەپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆڭۈلگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان، ھاردۇق چىقىرىدىغان بىر خىل ئىچىملىكنىڭ ئومۇمىي نامى. ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنقىلا ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تۇغۇلۇۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بايرام ـ مۇراسىم كۈنلىرى ۋە زەپەر تەنتەنىسى قىلىنىدىغان قۇتلۇق كۈنلەردە مەي ـ شاراب ئىچىشىپ كۆڭۈل شادلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشۈپ، زەپەرنى قۇتلۇقلاپ، كەلگۈسى زور غەلىبە ئۈچۈن كىيىنكىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخان ئاسماندىن چۈشكەن يورۇق نۇر ئىچىدىن پەيدا بولغان پەرى سۈپەت

بىر قىز ۋە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۇپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ساھىبجامال قىز قاتارلىق ئىككى نەپەر قىزدىن ئالتە نەپەر ئوغۇلغا ئىگە بولغاندىن كېيىن كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ، شادلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئەل - جامائەتنى يىغىپ 40 شىرەلىك زىياپەت ھازىرلاپ ئۇلارغا چاي بېرىدۇ. چايدا تۇرلۇك مەي - شارابلار ئىچىلىدۇ. بۇ ھال ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇلار كېلىپ قاتناشتى. 40 شىرە، 40 بەندىڭ ياساتتى. كۆپچىلىك تۇرلۇك نازۇ نېمەتنى يېيىشتى. تۇرلۇك مەي - شارابلار ئىچىشتى». بىز قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىمىز پۇتۇلگەن ئابىدىلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەتلىرى ئىچىدىكى ئىچىملىك مەدەنىيىتىگە ئائىت خاتىرىلەرنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىللار ئىلگىرىكى مەي - شاراب ئېچىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان مېۋىلەر ئەۋرىشكىلىرى دىيارىمىزدىن تېپىلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنىڭ ئۈزۈم ئۆستۇرۇشكە باب كېلىدىغان قۇرغاق ھاۋا شارائىتى مەي - شارابنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قوجو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىدە ئۈزۈم ھارىقى سودىدىكى ئاساسلىق تاۋار سۈپىتىدە كۆپ قېتىم خاتىرىلەنگەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە بايرام - مۇراسىم، غەلىبە تەنتەنىسى كۈنلىرىدە شاراب ئىچىش ئادەتلىرى بولغان. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە:

4654. نەيەردە يېمەك بولسا، ئىچكۈ ھەم كېرەك،
يېمەك بىرلە ئىچمەكنى تەڭشەش كېرەك.

4655. يېمەكلىك بار يەردە ئىچكۈ بولمىسا،
بولۇر بىر زەھەر، ئۇق، ئۇ ئاشنى يېسە.

4656. تىلەسە فۇقا بەر، تىلەسە مىزاپ،
ھەسەل، گۇل شاراب بەر، تىلەسە جۇلاپ.

دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرىدىمۇ مەي - شاراب ھەققىدە خېلى قەدىمكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئولاق — ئۈزۈم شىرنىسى سوۋۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئولاق. (1.20) ماندۇ — بىر خىل سىركىنىڭ نامى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسى كۆپتە ئېچىتىلىپ، ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇلۇپ بىر كېچە تۈرغۇزۇلغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. (1.548) قۇلماق: قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ شاراب ياسىلىدۇ دېيىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «دىۋان» دا ئاغارتقۇ، سوچىك ئوغۇت، بوزا قاتارلىق مەست قىلىدىغان ئېچىملىك تۈرلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدىغان. تۈرلۈك بەزمە ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ نامىمۇ بېرىلگەن. مەي - شارابنى ئېچىش ئادەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. مەسىلەن:

ئىۋرىق باش قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قودى كىزلەيۇ،
تۈن - كۈن بىلە سەۋنەلىم.

(ئىۋرىق بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا. ساغەرلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى. قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى).

ئوتوز ئىچىپ قىقرالىم،
يۇقار قەپوپ سەكرەلىم.
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ، سەۋنەلىم.

(ئۈچ قېتىمدىن ئىچىلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى. ئارسلاندەك
ھۆركىرەيلى. قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرستەيلى).
يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، مەي - شاراب مەدەنىيىتى قەدىمـ
كى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئارىسىدا خېلى ئومۇملىشىپلا قالماي، ئۇلارـ
نىڭ تۇرمۇ كۆپ بولغان. گەرچە ئېپوستا مەي - شارابلارنىڭ تۇرى
توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، «مەي - شارابلار ئىچىشـ
تى» دېيىلگەن. بۇ جۇملە ئوغۇزخان تەييارلىغان داستىخاندا مەي -
شاراب تۇرلىرىنىڭ خېلى كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شاراب ھەققىدىكى بايانلىرىدىمۇ
فۇقا، مىزاپ، ھەسەل (ئېھتىمال ھەسەلدىن ياسالغان مەي بولۇشى
مۇمكىن)، گۈل شارابى، جۇلاپ، ئۈزۈم شىرنىسى، ماندۇ، قۇلماقتا
ياسىلىدىغان مەي، بوزا ئاغارتقۇ، سوچىك ئوغۇت قاتارلىق مەي- شاراب
ۋە مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئوغۇزـ
خان دەۋرىدىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ۋە ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ
ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەي - شاراب مەدەنىيىتىمىزنىڭ
ھايات گۇۋاھچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېپوستىكى «مەي - شاـ
راب» ئاتالغۇسى خۇددى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ۋەقەلىكىنىڭ تارىخىغا
ئوخشاشلا قەدىمكى دىيارىمىزدىكى ئېچىتىش مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى
قەدىمكى دەۋرگە ئۇلايدۇ، مەي - شاراب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى
ئېنىقلاشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا ئوـ
غۇزخان دەۋرىدىكى خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى، كۆڭۈللۈك، شادـ
خۇرام ھاياتىنى، گۈللەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىپادىلەپ بېرىـ
دۇ.

## موتىف ۋە ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى

### 1. موتىفنىڭ سۆز مەنىسى

«موتىف» سۆزى لاتىنچە motivus (ھەرىكەتلىنىش سەۋەبى)، moveo (مىدىرلاتماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك)، نېمىسچە motive،

فرانسوزچە motif سۆزلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ مۇزىكا قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ كىچىك ئېلېمېنت دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. كۈندىلىك تىل ئادىتىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان «موتىف» ئاتالغۇسى ئادەتتە مېلودىيە، ئاھاڭ، كۈي مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. موتىف ئەدەبىياتتا، ئەپسانە، ئېپوس ۋە چۆچەكلەردە ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاددىي ھەم بۆلۈنمەيدىغان مەنە بىرلىكى سۈپىتىدە قارىلىدۇ، بىرنەچچە موتىفلارنىڭ ماسلىشىشى، ئۇلىنىشى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تۈتىشىشىنى، يەنى بىر پۈتۈن سۇژىتنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەرقايسى خەلقلەر ئېپوسلىرىدا ئادەتتە كۆپ تەكرارلىنىدىغان قەدىمىي موتىفلار بولىدۇ. فولكلوردا موتىفنىڭ قوللىنىلىشى خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا «موتىف» سۇژىت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاددىي بىرلىكى ياكى تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. موتىف ۋەقەلىك زەنجىرىنى، يەنى سۇژىتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرىدىغان، خەلقلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى داۋامىدا كۆپ تەكرارلىنىپ قېلىپلاشقان، قېرىنداش خەلقلەر ئېپوسلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورتاقلىققا ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان تۈگۈن سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

خەلقئارادا ئىنگلىز تىلىدىكى «motif» سۆزى خەنزۇ تىلىغا كىرگەندە «母题» سۆزى بىلەن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ خىل تەرجىمە ئۇسۇلى گەرچە يېرىم ئاھاڭ، يېرىم مەنە ئىپادىلەپ، خەنزۇ تىلىنىڭ تەرجىمە ئادىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى ئاسانلا «母题» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان خاتا ئۇقۇمنى، يەنى ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان «子题» (بالا تېما) دېگەندەك خاتا ئۇقۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇڭا، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى چەت ئەللەردىكى بەزى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى، مەسىلەن ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىم دىڭ نەيتۇڭ ئەپەندى ۋە تەيۋەن جۇڭگو مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور جىن رۇڭخۇا ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقىدەك تەرجىمە ئۇسۇلى، يەنى

«母题»نى «سۇژىت بىرلىكى» (情节单元) ياكى «ھېكايە ئېلېمېنتى» (故事元素) دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئىنگلىز تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، «motif»نى «母题» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىش مەملىكىتىمىز ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە كۆپرەك تونۇشلۇق بولغاچقا، بۇ يەردە «motif» سۆزى «母题» دەپ تونۇلىدۇ. «موتىف» ئاتالغۇسىغا باراۋەر كېلىدىغان بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇنىڭ، بىرىنچىدىن، خەلقئارا ئورتاق ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، تۈنجى قېتىم قوللىنىلغاچقا خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ يەنىلا «موتىف» دەپ ئۆز پېتىچە ئىستېمال قىلىنغىنى ياخشى.

2. موتىفنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىستېمال مەنىسى

«موتىف» دېگەن بۇ سۆزنى تەتقىقاتچىلار دائىم سۈپەتلەپ «يۆمشاق سۆز» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ نۇرغۇن جايلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئوخشىمىغان پەن ۋە ئوخشىمىغان ئالىملار ئۇنىڭ مەنىسىگە نىسبەتەن ھەرخىل پىكىرلەردە بولۇپ كەلدى.

مۇزىكىشۇناسلار «موتىف» تېرمىنىنى مەلۇم بىر مۇزىكا ئەسەرىدىكى قوزغاتقۇچ، تەۋرەتكۈچ ئاساسىي مېلودىيە دەپ قارايدۇ. سەنئەتشۇناسلار، رەسساملار ئۇنى مەلۇم بىر سىخېما، يەنى رەسىمدىكى ئاساسىي سىزىقچىلار ۋە ئاساسىي رەڭ شەكىللىرى دەپ ئاتايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بولسا بۇ سۆزگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان قاراشتا بولىدى. بەزىلەر ئۇنى تېما (therma) ياكى ماتېرىيال دېسە، بەزىلەر ئارقا كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى، يەنە بەزىلەر ئەسلىي تىپ (原型) بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ چۈشەندى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى فۇلىنېر (FULINSER) موتىفنى مۇنداق ئىزاھلىدى: موتىف سۆزى ئەسلىي مەنىسى ئاساسىي تېمىغا ئوخشاپراق قالىدىغان، ماتېرىيال-

لىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرلىك بولۇپ، تېخى مۇكەممەل ۋەقەلىك
بولۇپ شەكىللەنمىگەن سۇژىت ياكى ھېكايە لىنىيىسىدۇر. بىراق،
ئۇ ئەسلىدىنلا مەزمۇن ۋە شەكىل تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولىدۇ. بىرقانچىلىغان ئاددىي موتىفلار خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى-
دىكى مەركىزىي موتىفنى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەتتە، چوڭ تىپتىكى
خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە كۆپلىگەن موتىفلار بىرلىشىپ بىر پۈ-
تۈن قۇرۇلما ۋە مەزمۇننى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىقاتچىلار موتىفنى ئاساسىي تېما ۋە ماتېرى-
يال، ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئېلىمىزنىڭ فولك-
لور تەتقىقاتچىسى ليۇكۇيلى ئەپەندى موتىفنى مۇنداق چۈشەندۈردى:
موتىف دېگىنىمىز، سۇژىتقا نىسبەتەن ئېيتىلغان. سۇژىت بىرقانچە
موتىفنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر ياكى بىر
قاتار موتىفلار ئۆزئارا تۈتىشىپ مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ سۇژىت مەزمۇ-
نىنى شەكىللەندۈرىدۇ. نۇرغۇن موتىفلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە موتىفلار-
نىڭ قاتارلىشىپ كېلىشى يېڭىچە بىر ئەسەرنىڭ ماتېرىيال خاسلىقىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. موتىف ئەپسانە - رىۋايەت، خەلق چۆ-
چەكلىرى، ئېپوس قاتارلىق بايانىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بايان
قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ كىچىك سۇژىت بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

يىقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى خەلقئارادىكى ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەرنىڭ موتىفنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە بولغان
كۆزقاراشلىرى ئاستا - ئاستا بىرلىككە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنداق
بولسا، ھەممە ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان موتىفنىڭ ئاساسىي تەبىرى
نېمە؟ قىسقارتىپ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، موتىف ھەرقايسى
خەلقلەر بايانىي ئەدەبىياتىدىكى (ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ئېپوس-
لاردىكى) ئەڭ كىچىك سۇژىت بىرلىكىدۇر. بۇ خىل سۇژىت بىرلى-
كى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر خىل بايانىي ئەسەردىن
ھالقىپ چىقىپ يەنە باشقا بىر ئەسەر ئىچىگە كىرىپ مۇناسىپ ئورۇنغا
ئىگە بولالايدۇ، شۇنداقلا خەلقلەرنىڭ بايانىي ئەسەرلىرىدە داۋاملىق،

قايتا تەكرارلىنىدۇ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلق ئىجادىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەسلىدە سانى چەكلىك بولىدۇ، بىراق ئۇخشاش بولمىغان ئەسەرلەر ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ سانسىزلىغان ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ.

موتىفنىڭ خۇسۇسىيىتى دەل رەسىم سەنئىتىدىكى «ئەسلىي رەڭ»، مۇزىكا سەنئىتىدىكى «يەتتە خىل تون - ئاھاڭ»، ئېلېمېنتلار جەدۋىلىدىكى «ئاساسىي ئېلېمېنت»لارغا توغرا كېلىدۇ.

موتىفنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ئېپوسلارنى قۇرۇلما جەھەتتىن ئانالىز قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقاندەك بولىمىز. بىز بىلىمىز، خەلقلەردىكى ھەرقانداق بىر بايانىي ئەسەر بىر قاتار ھېكايە سۇژىتىنىڭ قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بىراق، ھەربىر سۇژىت بىرقانچە موتىفنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئەپسانىنى بىر خىل ماددا دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىكى ھېكايە ۋەقەلىكى (سۇژىتى) ئۇنىڭ «مولېكۇلىسى»، موتىف بولسا ئۇنىڭ «ئاتوم»ى بولىدۇ. ئەپسانىنى شەكىللەندۈرگەن ھەر جۈملە بولسا ئۇنىڭ ئېلېكترونلىرى بولالايدۇ. فىزىكا ئىلمىدە ماددا ئېلېمېنتلىرىنىڭ ھەربىر قېتىملىق بۆلۈنۈشى، تۈرلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئايرىلىشى ئىلىم- پەن ساھەسىگە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى بىر ئۆتكەلنى ئېلىپ كېلىپ، مولېكۇلا فىزىكىسى، ئاتوم فىزىكىسى ۋە ئېلېكترونشۇناسلىق قاتارلىق ئۇخشىمىغان قاتلامدىكى يېڭى پەنلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بايانىي ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا موتىف روشەنكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەسىر كۆرسەتتى.

**مۇئەسسە**

مۇئەسسە — قۇرۇلغان، بىنا قىلىنغان، ئورگان، تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

## مۇختەسەر ۋەقايى

مۇختەسەر ۋەقايى — ۋەقەلەردىن قىسقىچە باياننى بىلدۈرىدۇ.

## مۇشەررەپ

مۇشەررەپ — شەرەپلەنگەن، شەرەپ تاپقان، ئۇلۇغلانغۇچى، شاراپەتلىك بولغان دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۆچەل ۋە مۆچەل يېشىنى ئاددىي ھېسابلاش

ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇغۇلغان مۆچەل يىلى بولىدۇ. مۆچەل 12 خىل ھايۋاننىڭ نامىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز، چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، يىلان، ئات، قويلاردىن ئىبارەت. بىر ئادەمنىڭ مۆچەل يېشىنى ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇنداق:

تۇغۇلغان يىلنى 12 گە بۆلگەندە ئېشىپ قالغان سان تۆۋەندىكى جەدۋەلگە تىزىلغان مۆچەل ھايۋانلىرىنىڭ قايسىسىغا توغرا كەلسە، كاتەكچىدىكى ھايۋان شۇ كىشىنىڭ مۆچىلى بولىدۇ.

| 0 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مايمۇن | توخۇ | ئىت | توڭگۇز | چاشقان | كالا | يولۋاس | توشقان | ئەجدىھا | يىلان | ئات | قوي |

مەسىلەن:

توخسۇن بوۋاي 1923-يىلى تۇغۇلغان بولسا، $1923 \div 12 = 160/3$، ئۇنداقتا توخسۇن بوۋاي توڭگۇز يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

گۈلئايىم 1956-يىلى تۇغۇلغان بولسا، $1956 \div 12 = 163$، بۇ ھېسابتا قالدۇق ئاشمىدى. شۇڭا، گۈلئايىم ھەدە مايمۇن يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

## مىزان

مىزان — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە 12 بۇرجىنىڭ توققۇزىنچىسىنىڭ نامى. مىزان پەسلى — كۈز ئايلىرىنىڭ 9- ئېيىدۇر.

## مىفتاھۇل ئەدەب

مىفتاھۇل ئەدەب — ئەدەبىيات يېتەكچىسى، ئەدەبىيات ئاچقۇچى مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

## نامو بۇت، نامو دراما، نامو ساڭ؛ نامو بۇددايا، نامو دارمايا، نامو ساڭگايا

نامو: سانسكرىتچە[namo]دىن كەلگەن. «ھۆرمەت، ھۆرمەت قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇت: سانسكرىتچە[Buddha] نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى.

درام: سانسكرىتچە[dharma] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، (1) بۇددا دىنى ياكى بۇددىزم قانۇنىنى؛ (2) بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى (ماددىي ۋە مەنىۋى، شۇنداقلا مەۋجۇت بولغان ۋە مەۋجۇت بولمىغانلارنى، ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى نەرسىلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (3) مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ساڭ: سانسكرىتچە[sangha] نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى بولغان «僧» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «راھىب» دېگەن مەنىدە.

«بۇت» ۋە «ساڭ» دېگەن ئاتالغۇلار ھەققىدە بىرقانچە لۇغەتتە 佛 ۋە 僧 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىدا سانسكرىتچە Bvuddha (بۇددا ياكى بۇرخان)، Sangharam (بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى «راھىبلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە)

دېگەن ئاتالغۇلار «بۇتا»، «ساڭرام» دېگەن ھالەتتە ئۇچرايدۇ.
«نامو بۇددايا، نامو درامايا، نامو ساڭگايا» بۇددا دىنى ئادەت سۆزلىرى، بولۇپ، بۇ ئىبارىدىكى «نامو» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى namo (ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش)، «بۇددايا» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى buddhaya (بۇت، بۇرخان)، «درامايا» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى dhaemaya (ئەقىدە)، «ساڭگايا» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى sanghaya (راھىب) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. پۈتكۈل ئىبارىنىڭ مەنىسى «بۇدداغا ھۆرمەت قىلايلى، بۇددىزم ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلايلى، راھىبلارغا ھۆرمەت قىلايلى» دېگەنلىك بولۇپ، «بۇددايا، دارامايا، ساڭگايا» بۇ ئۈچى بۇددا دىنىدا «ئۈچ گۆھەر (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ardiniuch، خەنزۇ تىلىدا 三宝)» دېيىلىدۇ. بۇددا نوملىرى ئادەتتە مۇشۇ ئىبارىنى ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ.

## نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى

«نورۇز» قەدىمكى تۈركچە ئاينىڭ ئىسمى بولۇپ، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يىل بېشىنىڭ يېڭى كۈنى ئۈچۈن «نەۋرۇز» نامى قوبۇل قىلىنغان. «نەۋرۇز» ئەسلىدە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ سۆز بولۇپ، «نەۋ» (يېڭى) ۋە «رۇز» (كۈن) دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن قۇرۇلغان. بۇ نام قەدىمكى سوغدى تىلى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئۆزلەشكەن.
نەۋرۇزنىڭ يىل بېشى ئىكەنلىكىنى قەدىمكى كۆپلىگەن ئاسترونومىيىلىك پاكىتلار دەلىللەپ بەرگەن. كونا رۇم تەقۋىمى بويىچە 9- مارت كۈنى يېڭى كالېندار ھېسابىدا 21 — 22 مارتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەل قۇياشنىڭ ھەمەل (قوزى) بۇرجىغا كىرىشى بىلەن كېچە - كۈندۈز ۋاقىت جەھەتتىن تەڭلەشكەن كۈن بولغاچقا، ئۇنى «يىل بېشى»، «يېڭى كۈن» مەنىسىنى بېرىدىغان «نەۋرۇز» نامى بىلەن ئاتاش ئومۇملاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «يېڭى» («نەۋ») سۆزى ئەسلىي مەنىسى بويىچە رۇس تىلىدا «nov»، نېمىس

تىلىدا «noye» ، لاتىن تىلىدا «neo» ، قەدىمكى سوغدى تىلىدا «naw — sariz» ، پارس تىلىدا «savci thaw» دەپقوبۇلقىلىنغان.

دېمەك، يۇقىرىقىلار كونا تۈركىي تەقۋىمىدا يىل بېشىنىڭ 1- كۈنى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان سىمۋوللۇق نام «نەۋرۇز» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئاي كالېندارى (قەمەرىيە كالېندارى) روياپقا چىققان دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا رايونلاردىمۇ نەۋرۇز ئېيى (مارت) يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولغان «پاترىخ بايرىمى» مۇ 9- مارتقا توغرىلانغان. خرىستىئان دىنىدىن بۇرۇن رۇسلار ئارىسىدىمۇ 1- مارت يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە تەبرىكلەنگەن. ئىنگلىزلار تاكى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يېڭى يىلىنى 26- مارتتا تەبرىكلەشكەن. مىلادىيە 46- يىلىغا قەدەر رومالىقلارنىڭ يېڭى يىلى مارت ئېيىدا باشلانغان. كېيىنچە رۇم ئىمپېراتورى سەزار (J. Sezar) بۇ ئەنئەنىنى يېڭى ئاسترونومىيىلىك تەتقىقاتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، يىلنىڭ 1- ئېيىنى ئوجاق (كونەك، سوغا، يەنى يانۋار) دىن باشلاشنى ئەمر قىلغان ۋە شۇ ئاساستا مىلادىيە كالېندارى تۈزۈلگەن. كونا تەقۋىم ۋە يېڭى تەقۋىم ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئېتنوگراف n. H لوباچېۋانىڭ پىكرىچە، قەدىمدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يىل بېشى ھەمەل بۇرجى (باھار) غا توغرا كەلگەن. ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرى (III ئەسىر) دە يىل بېشى سەرەتان بۇرجى (ياز) غا (قۇياشنىڭ يازدىكى تىكلەشكەن كۈنى—ھازىرقى21-، 22- ئىيۇنغا) كۆچۈرۈلگەن. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئاي كالېندارىغا كۆچۈش تۈپەيلى يىلنىڭ 1- ئېيى يەنە باھارغا (كېچە ۋە كۈندۈز تەڭلەشكەن كۈن 21 -، 22- مارتقا) كۆچۈرۈلگەن. چۈنكى، بۇ مەزگىل خۇددى ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرونى ئېيتقاندەك، «دەل تەبىئەتنىڭ قىش ئۇيقۇسى» دىن ئويغىنىپ قايتىدىن جانلانغان دەۋرى، باھار يامغۇرىنىڭ بىرىنچى تامچىسى چۈشۈشى بىلەن يەر - زېمىننىڭ ئويغانغان دەۋرى، دەل - دەرەخلەر گۈللەشتىن مېۋىلەشكەن، ھايۋانلار

تۆللەش (كۆيلەش پەيتى) دىن نەسىل ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان
دەۋرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «نەۋرۇز» ئالەمنىڭ باشلىنىشى ۋە يارىتىلى-
شىغا دەلىل قىلىنغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللارنىڭ بېشىدا (بۇ-
نىڭدىن 26 ~ 30 ئەسىرلەر ئىلگىرى) ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي
ئاسىيادا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاج تېپىشى، ئىپتىدائىي جەم-
ئىيەت يىمىرىلىپ، قۇللۇق ئاساسىدىكى ئولتۇراق شەھەر ھاياتىنىڭ
ۋۇجۇدقا كېلىشى، سوغدى، خارىزىم، باكتېرىيە، كۆكتۈرك، ئۇي-
غۇر ئورخۇن خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى، يېڭى
دىنىي قاراشلارنىڭ شەكىللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى دەۋرگە
خاس تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدىغان خىلمۇخىل بايرام - مۇرا-
سىملار ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن V — VII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا
ئاسىيادا زاراۋا ئاستىر (زەردۇشت) دىنى كەڭ راۋاجلاندى. بۇ پىكىر-
مىزنى زەردۇشت مۇقەددەس كىتابى «ئاۋستا» ۋە ئۇنىڭ 2- قىسمى
«بىسلارد» نىڭ 2- بابىدىكى قوشاقلار، 3- قىسمى «ياسنا» نىڭ 27-
بابىدىكى قۇربانلىق مۇراسىمى قوشاقلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملارغا
خاس قائىدە - يوسۇنلار بايانى بولغان 4- قىسمى «ياغىت» تىكى
زەردۇشتۇيلۇق خۇدالىرى ۋە مەئبۇتلىرىغا بېغىشلانغان 22 قوشاق
قاتارلىق مەنبەلەر تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، زەردۇشتچى-
لارنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ئاساسىنى ئىككى قارىمۇقارشى نەرسە—
ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئىسسىقلىق ۋە
سوغۇقلۇق، ھايات ۋە ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەشكىل قىلى-
غان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئىجابىي ھادىسىلەرنى
ياخشىلىق خۇداسى ئاھرومازدا (ھورمۇز) نىڭ ۋە ھەممە سەلبىي
ھادىسىلەرنى يامانلىق خۇداسى ئانگرامەيىيۇ (ئاھرومان) نىڭ ئىرادى-
سىگە باغلىق دەپ چۈشىنىشكەن. شۇنىڭ بىلەن زەردۇشتلار ياخشى-
لىق خۇداسىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىنى، يامانلىق خۇداسىنىڭ يامانلىق

قىلماسلىقنى تىلەپ ئۇلارغا سېغىنغان؛ شۇنىڭدەك ياخشىلىق خۇدا-
سى ئاھرومازدانىڭ ياردەمچىلىرى مىترا ( يىگىت قىياپىتىدىكى قۇياش
ۋە يورۇقلۇق تەڭرىسى) ، ئانافتا ( گۈزەل قىز سىياقىدىكى ئۇنۇمدار-
لىق، ھوسۇلدارلىق، پاراۋانلىق تەڭرىسى) ، ھوما ( گۈزەل قۇش قى-
ياپىتىدىكى بەخت، تەقدىر ۋە بايلىق تەڭرىسى) ، خۇبې (مەرد يىگىت
قىياپىتىدىكى سۇ تەڭرىسى) ، مىررىخ (ياش جەڭچى قىياپىتىدىكى
ئۇرۇش ۋە غەلىبە تەڭرىسى) قاتارلىقلارغا ئىتائەت قىلىشقان.

زەردۇشتچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل مۇراسىملىرىدا كائىناتنىڭ
تۆت زاتى — قۇياش (ئوت) ، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋانى دۇنيانىڭ
نېگىزى، ئەڭ مۇقەددەس نەرسە دەپ ئۇلۇغلىغان. ئۇلار ئوتنى قۇياش-
نىڭ يەردىكى شەكلى (زەررىچىسى) ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە
قىزىقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن سەجدە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئوت
بارچە گۇناھتىن تازىلىغۇچى مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ سانالغان.
شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بېغىشلاپ قۇرۇلغان مەخسۇس ئاتەشخانىلار
ئەتراپىدا تۈرلۈك بايرام ۋە مۇراسىملار ئۆيۈشتۇرغان.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمكى تۈركىي
خەلقلەرنىڭ بايراملىرىنى ئۆگىنىشتە IX — X ئەسىرلەردە ياشىغان
بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرونىينىڭ «قەدىمكى خەلق-
لەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.
بىرونىينىڭ بۇ ئەسىرىدە قەدىمكى ئىرانىلار، سوغدىلار، تۇرانىلار،
روملىقلار، يەھۇدىيلار، سۈرىيىلىكلەر، خرىستىئانلار، ھىندىلار ۋە
باشقىلارنىڭ كالېندارىدىكى مەشھۇر كۈنلەر، بايرام - مۇراسىملار ۋە
فولكلور ئادەتلىرى ھەققىدە تارىخىي، مەدەنىي ئەھمىيەتكە ئىگە بول-
غان قىممەتلىك پىكىرلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بىز ئۈچۈن تېخىمۇ
ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلى-
رىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان يىللىق كالېندارى بايراملىرى ھەققىدە
قىزىقارلىق مەلۇماتلار بېرىدۇ. بىرونىي بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغان-
دا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە كۆچۈش

ئارقىسىدا يىلنىڭ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەسىللىرىدە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان تۈرلۈك بايرام ۋە مۇراسىملارنى يولغا قويغان. بۇ بايرام - مۇراسىملار قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدە جامائەت ئىشلىرىنى تەشكىللەش بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقتىن، ئەينى دەۋردە زور ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

برونىي ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى بايرام - مۇراسىملىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن:

بىرىنچى، تەبىئىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان بايراملار (تەبىئەت بايراملىرى). بۇ بايراملار يېڭى يىل بايرىمى (نەۋرۇز بايرىمى)، كۈز مەۋسۇمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «مېھرجان» ياكى «مېھرگاھ» (ھازىرقى 21- ياكى 22- سېنتەبىر — قۇياشنىڭ تىكلەشكەن كۈنىنى نىشانلىغان بايرام)، يازنىڭ ئەڭ ئۇزاق كۈنى (ھازىرقى 21 ~ 22- ئىيۇن) ئۆتكۈزۈلىدىغان «سۇ سەيلىسى»، قىشنىڭ ئەڭ ئۇزاق تۈنى (21 ~ 22- دېكابىر) ئۆتكۈزۈلىدىغان «سەدا» (ئوت) بايرىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، دىنىي مۇراسىملار. بۇ، ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قەبرىلەرگە يېمەك قويۇش مۇراسىمى، رومۇش ئوغام مۇراسىمى (ئاتەشخانىلاردا توپلىنىش مۇراسىمى)، ئامىنىخ بارا مۇراسىمى (ئوت تەگمىگەن نەرسىلەرنى يېيىش مۇراسىمى)، «مىناكىچى» مۇراسىمى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ بايرام ۋە مۇراسىملارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى ۋە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغىنى يەنىلا نەۋرۇز بايرىمى ئىدى. ئۇ يېڭى مېھنەت مەۋسۇمى باشلىنىشتىن دېرەك بەرگۈچى كالېندارلىق بايرام بولۇپ، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى: «نەۋرۇز — بايراملارنىڭ شاھى» دېسە، ئەلىشىر نەۋائى شېئىرىي تىل بىلەن «ھەر تۈنۈڭ قەدىرلىك بولسۇن، ھەر كۈنۈڭ نەۋرۇز بولسۇن» دەپ، نەۋرۇزنى ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك ۋە شادلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان. دەرۋەقە، نەۋرۇزدا

تەبىئەت جانلىنىپلا قالماي، ئىنسان تەبىئىتىمۇ جۇشقۇن روھ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. «نەۋرۇز» نىڭ رەسمىي كالېندارلىق بايرام تۇسىگە كىرىشى ھەققىدە قەدىمكى مەنبەلەردە خىلمۇخىل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، زەردۇشتىلەرگە ئائىت بەزى ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ياخشىلىق خۇداسى ئاھۇرامازدا باھار ۋە ياز مەۋسۇمىدا، يامانلىق خۇداسى كۈز ۋە قىش مەۋسۇمىدا ھۆكۈمدارلىق قىلارمىش. باش باھارنىڭ 1- كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) ياخشىلىق خۇداسى يامانلىق خۇداسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن مۇقەددەس سانا (كۈن) بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈننى خاتىرىلەپ بايرام قىلىشقان. يەنە باشقا قەدىمكى ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئۇچراشقان كۈنى دەل نەۋرۇز كۈنىمىش.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە يېڭى يىل بايرىمى «نەۋرۇز» نىڭ پەيدا بولۇشى شاھ جەمشىت نامى بىلەن باغلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىدىمۇ جەمشىتنىڭ بۈيۈك كەشپىياتلىرى نەتىجىسىدە ئۇلۇغ نەۋرۇز بايرىمىنىڭ ئىختىرا قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بىرونىي كەلتۈرگەن ئەپسانە بويىچىمۇ نەۋرۇز بۈيۈك كەشپىيات ئىگىسى جەمشىت شاھقا باغلىنىدۇ. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ نەۋرۇزنىڭ بايرام تۇسىگە كىرىشى ھەققىدە بەزى ئەپسانىلەر بار.

نەۋرۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى تۈرلۈك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. بىراق، مەسىلىگە ئىلمىي ياندىشىپ، نەۋرۇز بايرىمىنىڭ قاچان ۋە قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش قىيىن بولسىمۇ، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ بايرام ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي ئاساسلانغان كائىنات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى، يەنى قۇياشنىڭ ھەمەل (قوزا) بۇرجىغا كىرىشى، كېچە - كۈندۈزنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن تەڭلىشىشى، كۈندۈزنىڭ ئۇزىرىشقا باشلىشى، تەبىئەتتە يېڭىچە جانلىنىشنىڭ باشلىنىشى،

باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن باغلىق بولغان. بىز نەۋرۇز بايرىمى-نىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا مۇراجىئەت قىلساق، قەدىمكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئادەملەر دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئې-تىز - ئېرىق، داللاردا يېڭى ئىش مەۋسۇمى باشلىنىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان باھار بايرام - مۇراسىملىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىن-سانلارنىڭ دۇنيا بويلاپ تارقىلىشى نەتىجىسىدە ھەممە كىشى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان بۇنداق بايراملار ھەممە يەرلەرگە يېيىلىپ، ھەر-قايسى خەلقلەردە تۈرلۈك ناملار ۋە ھەرخىل شەكىللەر بىلەن، مەسى-لەن خەنزۇلاردا «چۈنجيې» ( 春节 ) ، ياپونلاردا «رىسان» ، سلاۋ-يانلاردا «ماسلېنىتسا» ، يۇنانلىقلاردا «پاترىخ» ، بېرمالىقلاردا «سۇ بايرىمى» ، تاجىكلاردا «گۈل گاردون» ياكى «گۈل نەۋرۇز» ، ئىراند-لىقلاردا «نەۋ سارجى» ياكى «گۈل سارجى» ، تاتارلاردا «ناردوگان» ، بورياتلاردا «سائان سادا» ، ئەرمەنلەردە «ناۋا ساردى» ، چۇۋاشلاردا «نورىس ئۈيانى» ، سوغداقلاردا «نەۋسارىز» ، تۈركىي تىلدا سۆزلەش-كۈچى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا «ئەرگىنەقۇن بايرىمى» ، «بوز قۇرت بايرىمى» ، «ئۇلۇغ كۈن» ، «ناۋروس» ، «يىل بېشى» ، «ناۋ-رۇز» ، «مەرۋىس» ، «ناۋرىز» ، «چاغان» ، «مارت توقۇزى» ، «سۇلتانى نەۋرۇز» ، «كۆكلومارتا» ، «بابۇ مارتا» ، «يېڭى كۈن» ، «مەيرام» ، «مەرىكە» ، «نەۋرۇز» ، «نورۇز» قاتارلىق ناملار بىلەن مۇقىملاشقان ۋە ئۆزىگە خاس يەرلىك ۋە مىللىي ئادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى مەنبەلەردىن شۇ نەرسە روشەن-كى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا، ئىران ۋە ئافغانىستاندا نەۋرۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئاخمانىلار دەۋرى ( مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىر ) دە كەڭ تارقالغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇن قوللىنىلىشقا باشلىغان زەردۇشتىيلىق كا-لېندار ( قەدىمكى ئىران كالېندارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بويىچە، فەرۋەر-دىن ئېيى ( ھازىرقى مارت ئېيى ) نىڭ 1- كۈنى «كىچىك نەۋرۇز»

( ياكى ئاممىۋى نەۋرۇز ) باشلانغان. 6- كۈنى بولسا « كاتتا نەۋرۇز» ( ياكى مەخسۇس نەۋرۇز ) ئۆيۈشتۈرۈلغان. ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا بۇ ئىككى « نەۋرۇز» بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق كۈنلەر بايرام دەپ ئېلان قىلىنغان. كېيىنچە « نەۋرۇز بايرىمى» بىر ئايغىچە سوزۇلغان. بۇ ھەقتە بىرونىي تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: « كېيىنكى پادىشاھلار بۇ يېڭى ئاي، يەنى فەرۋەردىن ماھىنىڭ بارچە كۈنلىرىنى ھېيتقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتىگە تەقسىم ئەتتىلەر، بىرىنچى بەش كۈن پادىشاھلار ئۈچۈن، ئىككىنچىسى ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن، ئۈچىنچىسى پادىشاھلارنىڭ غۇلاملىرى ئۈچۈن، تۆتىنچىسى خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن، بەشىنچىسى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالتىنچىسى چوپانلار ئۈچۈن، پادىشاھلار ئەنە شۇ تەرتىپ بويىچە ئۇبىيېكتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بايرامنى تەنتەنە قىلىدۇ. »

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىسلامىيەتكىچە بولغان ئارىلىقتا« نەۋرۇز بايرىمى» نى خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن تەنتەنە قىلىشقان؛ بايرام كۈنى كىشىلەر بىر - بىرلىرىگە شېكەر ۋە شىرنىلىكلەرنى ھەدىيە قىلىش ( ھاياتىڭىز شېرىن بولسۇن دېگەن مەنىدە ) ، گۈل تەقدىم قىلىش ( گۈزەل بولۇڭ دېگەن مەنىدە ) ، بىر - بىرلىرىگە سۇ سېپىش ( بۇ يىل سۇ كۆپ بولسۇن، ھوسۇل مول بولسۇن دېگەن مەنىدە ) قاتارلىق ئادەتلەر بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. « نەۋرۇز بايرىمى» كۈنى شىرنىلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆدۇملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، « نەۋرۇز» كۈنى « تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، تېخى باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشتىن ئاۋۋال ئۈچ قوشۇق ھەسەل يالاپ، ئۈچ بولاق خۇشبۇي موم تۇتسا، بۇ كۆپ كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ ) ، « نەۋرۇزنىڭ ئالتىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە سۆزلەشتىن ئاۋۋال شېكەر يەپ، يۈزىگە زەيتۇن يېغى سۈرتكەن كىشىدىن شۇ يىلى تۈرلۈك بالا - قازالار يىراقلىشىدۇ…» دەپ قاراشقان.

«نەۋروز بايرىمى» نىڭ تەييارلىقلىرى ئىچىدە بوغداي ياكى ئارپا دېنىنى ياغاچ ئىدىشتا ئۆستورۇپ، باھار ئەلچىسى سۈپىتىدە نەۋروز ئۈچۈن تەييارلانغان داستىخاننىڭ مەركىزىگە قويۇش ئادىتى بولغان. بۇ ئادەت ھازىرغىچە قۇمۇل خەلقلىرىنىڭ «كۆك مەشرىپى» دە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەنئەنىۋى «نەۋروز» ئادەتلىرىنىڭ ئىچىدە يەنە خەلقنىڭ يېڭىچە ئىزگۈ نىيىتى، يېڭى يىلنىڭ مول ھوسۇللۇق، باياشاتلىق يىل بولسۇن، دېگەن ئۈمىدىنى مەركەزلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن، بايرام كۈنى چوڭ ئىدىشلارغا سۇ تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەرخىل كۆكتات بەرگىلىرىنى سېلىپ قويۇش، يەتتە خىل داندىن كۆچە تەييارلاپ، ئۇنى قولۇم - قوشنا، قېرىنداشلارغا سوۋغا قىلىش، بېدە كۆكى تېرىپ، كۆڭلى تارتقان كىشىلەرگە «يېڭىلىق تۇتۇش» تەك ئادەتلەر بولغان.

ئەرەب ئىستىلاسىغا قەدەر قۇياشقا تېۋىنغان ئىرانلىقلار ئارىسىدا نەۋروز كۈنى «شەمس» (قۇياش) سۆزىنىڭ 1- ھەرپى «ش» بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك نازۇنېمەتنى داستىخانغا يېيىپ نەۋروزنى قۇتلۇقلاش ئادىتى بولغان. ئۇلار: 1. شاراب (ئۈزۈم قىيامى)، 2. شىر (سۈت)، 3. شېرىن (تاتلىق يېمەكلىكلەر)، 4. شېكەر، 5. شەربەت (مېۋە سۇلىرى)، 6. شام (خۇشبۇي موم، قارىغاي سېغىزى)، 7. شانە (غوزا غۇنچىسى) دىن ئىبارەت. ئىرانلىقلارنىڭ قارىشىچە، شاراب — تىرىلىشكە، شىر — پاكىزلىك، ساپلىققا، شېرىن — ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا، شېكەر — خۇشاللىق، مەمنۇنىيەتكە، شەربەت — ئەدلۇ ئىمانغا، شام— گۈزەللىككە، شانە— ئۇزاق ئۆمۈرگە سىمۋول قىلىنغان.

قەدىمكى «نەۋروز» بايراملىرىنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى بېيىپ يېڭىلانغان ۋە بەزىلىرى ئۆزگىرىپ تېخىمۇ قويۇق مىللىي تۈس ئالغان. بەزى خەلقلەر ئارىسىدا ئەنئەنىۋى نەۋروز ئادەتلىرى ئاساسىدا يەنە خىلمۇخىل مۇراسىم شەكىللىرى پەيدا بولغان. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سۇ تىلەش

مەزمۇن قىلىنغان «زاراخەتمە مۇراسىملىرى»، «كۆك مەشرىپى»، «مىلىش مەشرىپى» (قۇمۇل، پىچان ۋە تۇرپان رايونلىرىدىكى «مەيلىس ئويۇنى»)، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى «گۈل سەيلىسى»، «چىمچاچاق» (ئىلەڭگۈچ) ئويۇنى، «سارغايدى ئويۇنى»، «چوكانتال مۇراسىمى»، ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى «باھار خانىم» مۇراسىمى، «سۇمېلەك ئىچىش مۇراسىمى»، ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ «ئۆسكۈ مۇراسىمى»، قازاقلارنىڭ «خىزىر كېچىسى» مۇراسىمى، تۈركمەنلەرنىڭ «شامۇت مۇراسىمى»، تاتارلارنىڭ «نەۋرۇز سابان» مۇراسىمى، «ئالاس مۇراسىمى»… قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ بايرام - مۇراسىملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇدۇم - ئادەتلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەزمۇن - ماھىيىتى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقنىڭ شاد - خۇراملىقىنى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئالغاندا، «نەۋرۇز بايرىمى» مۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەنئەنىۋى ئەمگەك بايراملىرىغا ئوخشاش، ئىنسان بىلەن بىرگە پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى مۇئەييەن ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، «نەۋرۇز بايرىمى» پۈتۈن خەلقنىڭ ئەمگەك بايرىمى، تەبىئەت بايرىمى، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق بايرىمى سۈپىتىدە قەدىمدىن تارىتىپ ھازىرغىچە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋرۇپا، بالقان يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا شەرق، ئىدىل - ئورال بويلىرى، قىرىم ۋادىلىرى، سىبىرىيە دالىلىرى قاتارلىق كەڭ زېمىنلاردىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر ۋە تاجىك - پارسىي خەلقلەرنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ دىنىي بايراملاردىن پەرقلىق ھالدا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىجابىي رول ئوينىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ كالېندارلىق بايراملىرى قاتارىدا قىزغىن قۇتلۇقلىنىپ كەلمەكتە.

## نوم

بۇ ئاتالغۇ سوغدى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، (1) «دھارما»، «بۇددىزم قانۇنى»، «دىن»؛ (2) «كىتاب، بۇددىزم كىتابى» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

## نوم بەلگە

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «نوم بەلگۈ»، خەنزۇچىدا 相法 دېيىلىدۇ. نوم بەلگە (نوم سۆزى بۇ يەردە dharma نى كۆرسىتىدۇ) بۇددىزم ئاتالغۇسى بولۇپ، ئومۇمەن بارلىق دھارمالارنىڭ بەلگە - ئالامىتى، ماھىيىتى، پەرقى، ئۇقۇمى، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## نوملايمەن

بەزى تېكىستتە «نوملايۇرمەن» دېيىلگەن. «نوملا» دېگەن بۇ پېئىل «نوم» دېگەن ئىسىمغا ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ىلا» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ۋەز ئېيتماق»، «نومدىن تەلىم بەرمەك، نوم تەپسىر قىلماق» دېگەن مەنىدە. ئۇنى بۇددا دىنى ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ھازىرقى تىلىمىزدا ئىشلەتسەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## نىرۋانا

نىرۋانا— خاتىرجەملىك ماكانى دېگەنلىك بولۇپ، نىرۋاناغا يېتىش خاتىرجەملىككە يەتكەنلىك بىلەن باراۋەر. نىرۋانادا ياتقان بۇددا خاتىرجەملىك مەقامىغا يەتكەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

## ھېرىس قىلىش

بەزى تېكىستتە «ئاسلانماق» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە-

دا بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى «ئازلانماق» بولىدۇ. بەزى سۇترادا «ز» بىلەن «س» نى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ھادىسىسى بارلىقىنى مۇشۇ سۆزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئاسلانماق» (~ ئازلانماق) بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچىدا raga ، خەنزۇچىدا 零 دېيىلىدۇ. مەنىسى «ھېرىس قىلىش؛ ئاچ كۆزلۈك؛ تەمەگەرلىك».
ھېرىس قىلىش: كىشىلەرنىڭ بەش تۇرلۇك ھەۋەسكە بېرىلىپ، يەنى مال - دۇنياغا، ھاۋايى ھەۋەسكە، يېمەك - ئىچمەككە، ئاتاق- ئابرۇيغا ۋە ئۇيقۇغا بېرىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلالماسلىقتەك ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئون پەرھىز

بۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى پەرھىز «ئىش يولى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئون پەرھىز (1) تىنىلىقلارنى ئۆلتۇرمەسلىك؛ (2) ئوغرىلىق قىلماسلىق؛ (3) زىنا قىلماسلىق؛ (4) باشقىلارغا بەتنام چاپلىماسلىق؛ (5) ھاراق - شاراب ئىچمەسلىك؛ (6) يالغان سۆزلىمەسلىك؛ (7) زاڭلىق، مەسخىرىدىن خالىي بولۇش؛ (8) ھەسەت قىلماسلىق؛ (9) ئاچچىقلانماسلىق؛ (10) خاتا خىياللاردا بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

### ئون تەرەپتىن

بەزى تېكىستتە «ئونتىن سىڭارتىن» دەپ يېزىلغان. «ئون تەرەپ» (ئون سىڭار): بۇددا نوملىرىدا شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال، شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇب، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### ئون تۇرلۇك پرامىت

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئاتالغۇدىكى pramit سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى پەرھىز، چەكلەنگەن ئىش - ھەرىكەت دېگەن

سۆزدىن كەلگەن. ئون تۈرلۈك پرامىت تۆۋەندىكىچە: (1) تىنىـ
لىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك؛ (2) ئوغرىلىق قىلماسلىق؛ (3)
زىنا قىلماسلىق؛ (4) باشقىلارنى مەسخىرە قىلماسلىق؛ (5)
هاراق - شاراب ئىچمەسلىك؛ (6) زىبۇزىننەتلەرگە بېرىلمەسلىك؛
(7) ناخشا ئاڭلىماسلىق ۋە ئۇسسۇل ئويىنىماسلىق؛ (8) ھەشەمەتـ
لىك كارىۋاتتا ياتماسلىق؛ (9) چەكلەنگەن تائاملارنى يېمەسـ
لىك؛ (10) مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىك. بۇلار خەنزۇچىدا 十戒
دېيىلىدۇ.

## ئۇپاسى، ئۇپاسانچ

«ئۇپاسى» سوغدى تىلىدىكى wpsy دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇچ ئەردىنىگە (بۇدداغا، بۇددا نومىغا، راھىبلارغا) چوقۇنىدۇغان، بۇددىزمنىڭ «بەش پەرھىز»نى قوبۇل قىلغان، لېكىن تېخى راھىبلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئەر مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇپاسانچ» بولسا سوغدى تىلىدىكى wpsnch تىن كەلگەن بولۇپ، يۇقىرىقى شەرت ئاستىدىكى ئايال بۇددا مۇرىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۆچكەن - تىنچلانغان

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۆچمىش ئامرىلمىش»، خەنزۇچىدا 灭 دېيىلگەن. «ئۆچمىش» خەنزۇچىدا 寂، «ئامرىلمىش» (؟) دېيىلىدۇ. بۇ ئىككىلا ئاتالغۇ نىرۋانىنىڭ (نىرۋانانىڭ) مەنەن تەرجىمىدىكى قىسقارتىپ ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۆچمەنلىك، نەپرەت قاتارلىق بەلگىلەر

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە «ياغى تىمەكتە ئۇلاتى بەلگىلەر»، خەنزۇچە تېكىستتە « 相等憎怒 » دەپ يېزىلغان. «ياغى تىمەك»نىڭ تۈپ مەنىسى «دۇشمەن دېمەك» بولىدۇ.

## ئۈچ ئەتئۆز

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، بۇددانىڭ ئۈچ خىل تەن - تۇرقىغا، يەنى ئوبرازىغا قارىتىلغان. بۇددا دىنى، بۇددالار تىنلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزگەندە، ئۈچ خىل تەن - تۇرقىنىڭ مەلۇم بىرىدە تۇرۇپ جانلىقلارغا كۆرۈنىدۇ، دېيىلىدۇ. بۇددالارنىڭ مانا مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ خىل تۇرق - قىياپىتى «ئۈچ ئەتئۆز» دېيىلىدۇ. ئۈچ ئەتئۆز تۆۋەندىكىچە: (1) بەلگۈرتمە ئەتئۆز؛ (2) تۆش ئەتئۆز؛ (3) نوملۇق ئەتئۆز. خەنزۇچىدا 三身 دېيىلىدۇ.

بەلگۈرتمە ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۈچ ئەتئۆزنىڭ بىرى. ئادەتتە بۇددالار جانلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزگەندە، شۇ جانلىقلارنىڭ ماھىيىتى، جىنسىي ئايرىمىسى، ئارزۇ - تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگىرىپ، مەلۇم تۇرق - تەقلىدتە بولىدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەتئۆز «بەلگۈرتمە ئەتئۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بۇدساتۋالار ئايالالارنىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئايال كىشى قىياپىتىگە كىرگەنلىكىگە ئوخشاش. خەنزۇچىدا 变化身 دېيىلىدۇ.

تۆش ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۈچ ئەتئۆزنىڭ بىرى. بۇددالار، بۇدساتۋالار جانلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزگەندە، ئۇلارنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈش، روھى - خىيالىغا كىرىش ئارقىلىق، مەلۇم يوشۇرۇن تۇرق - تەقلىدتە تۇرۇپ باشقىلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەتئۆز «تۆش ئەتئۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچىدا 自牲身 دەپ ئاتىلىدۇ.

نوملۇق ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۈچ ئەتئۆزنىڭ بىرى. «ئەتئۆزگە بارلىق بۇددا قائىدە - نىزاملىرى يىغىلغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نوملۇق ئەتئۆز ئۈچ ئەتئۆزنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئەسلىي ئەتئۆز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچىدا 法身 دېيىلىدۇ.

ئۇلۇغ بەلگۈرتمە ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، بەل-
گۈرتمە ئەنئۆزنىڭ بىرى. بۇدساتۋارلارنىڭ ماھايانا مەزھىپى نومىنى
نوملاۋاتقان قىياپەتكە كىرگەن تۇرق - ھالىتى «ئۇلۇغ بەلگۈرتمە»
ئەتئۆز دېيىلىدۇ.

كىچىك بەلگۈرتمە ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ،
بەلگۈرتمە ئەتئۆزنىڭ بىرى. بۇدساتۋالارنىڭ ساكيامۇنى بۇرخان، ما-
ئىترى بۇرخان قىياپىتىگە كىرىپ، كىچىك هارۋىدا ئولتۇرۇپ، قۇتقا
ئېرىشەلمىگەنلەرگە نوم نوملاۋاتقان تۇرق - قىياپىتى «كىچىك بەل-
گۈرتمە ئەتئۆز» دېيىلىدۇ.

ئەگەشمە بەلگۈرتمە ئەتئۆز — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ،
بەلگۈرتمە ئەتئۆزنىڭ بىرى. بۇدساتۋالارنىڭ ھەرخىل تۇرق - تەقلىد-
كە كىرىپ، جانلىقلارنى ياخشىلىققا، شادلىققا ئۈندەپ ئەگەشتۈرگەن
تۇرق -قىياپىتى «ئەگەشمە بەلگۈرتمە ئەتئۆز» دېيىلىدۇ.

## ئۈچ ئوغا

بۇ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» تېكىستىدە
uchaghu (ئۈچ زەھەر) دەپ يېزىلغان. ئۇ (1) ئاچ كۆزلۈك؛
(2) غەزەپلىنىش؛ (3) دۆتلۈكتىن ئىبارەت ئۈچ نىزۋانىنى كۆرسى-
تىدۇ. بۇددا دىنىدا بۇ ئۈچ نىزۋانى بارلىق نىزۋانىلار ئىچىدە تىنىلىق-
لارغا زىيىنى ئەڭ چوڭ نىزۋانى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بارلىق
نىزۋانىلارنىڭ ئاساسى دېيىلىدۇ. خەنزۇچىدا 三毒 ياكى 三垢،
三火 دېيىلىدۇ.

## ئىپتىدائىي تەپەككۇر

ئىپتىدائىي تەپەككۇر — ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخى بويىچە
لوگىكىلىق (ئەقلىي) تەپەككۇر شەكىللىنىشىدىن ئىلگىرىكى ھەر-
خىل تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ شەكىل جەھەتتىن
ئەپسانىۋى تەپەككۇر، ئانىمىزملىق تەپەككۇر شەكلى، ھېسسىي تەسىر

كۆرستىش ياكى تەسىر ئۆتكۈزۈش تەپەككۇرى قاتارلىق بىرقانچە تەركىبلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىپتىدائىي تەپەككۇر — ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت ئېنىق ئاي-رىلماسلىق، ئوبيېكتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە سۇبيېكتتىكى ئالاھىدىلىك بىر - بىرىگە ئەركىن ئۆتۈشەلەيدىغان شەيئىلەرگە قارىتا چۈشەنچىلەر-دە (بىلىشتە) «ئومۇمىي ئىپادە» لەرنى ئاساس قىلىدىغان سىرلىق سىغىنىش شەكلىدىكى ھەمدە لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ كونترول-لۇقىغا ئۇچرىمايدىغان، ۋارىسچانلىقنى داۋاملىشىش شەكلى قىلغان تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەنىدى. بۇ خىل تەپەككۇر-نىڭ ئالدىنقى شەرتى قەدىمكىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنى (ئاڭ-سىز ھالدا) بىر گەۋدە دەپ قارىغانلىقى ئىدى.

**ئىتا**

«ئىتا» نىڭ سۆز مەنىسى «ئىزلاش، ئىز بېسىپ مېڭىش» بو-لۇپ، بۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇسۇللاردىن بىرى. بۇنى «رەددۇل قاپىيە» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەرەب ئەدەبىياتشۇناس-لىرىدىن شەمس قەيس مۇنداق دەيدۇ: «ئالدىنقى قاپىيىنى باشقا قاپىيە ئورنىغا ئۆتكۈزسە ۋە بىر قاپىيىنى شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئۆزگەرتمەي، باشقا قاپىيە تەرزىدە كەلتۈرسە، ئۇنى ئىتا دەيدۇ». شۇنىڭدەك «ئىتا بىر قاپىيىنى ئىككىنچى مەرتىۋە قايتىلاشتۇر. ئۇ ئىككى خىل: جەلى ۋە خەفى». پارس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن دائى جەۋاد مۇنداق دەيدۇ: «رەددۇل قاپىيە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قەسىدە ياكى غەزەلدىكى بىرىنچى مىسرانىڭ قاپىيىسى ئىككىنچى بېيىتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ.» يەنى، قاپىيىنىڭ ئۆزگەرمەي ئەينەن تەك-رارلانغىنى — ئىتائى جەلى (ئوچۇق ئىتا - تەكرار) بولىدۇ. بۇنىڭ-دا، قاپىيە قىلىنغان سۆزنىڭ قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئەينەن تەكرارلانغان ۋە تەكرارلىنىشى ئوچۇق بىلىنمىگەن بولسا، ئۇ «ئىتائى خەفى» (يېپىق تەكرار) بولىدۇ. مەسىلەن، «ئات»، «يان»، «دان»

دېگەندەك قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئوخشاش (تەكرار) كېلىپ، قوشۇمچە ئالدىدىكى قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر ھەرخىل (قاپىيىسىز) كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، مېھرىبان، پاسىبان، ئابىدان، قەدىردان… ئىتادا گاھىدا قاپىيىلا تەكرارلىنىپ كەلمەستىن، بەلكى قاپىيىگە باغلىق پۈتۈن بىر سۆز بىرىكمىسى (سۆز ئالمىشىش بىلەن) تەكرارلىنىپمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئۇسۇل يەنە بىر جەھەتتىن قۇرۇلما سەنئىتىگە كىرىدىغان تەكرار ئۇسۇلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، تەكرار ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى فرازېئولوگىيىلىك تەكرار، يەنە بىرى لېكسىكىلىق تەكرادىن ئىبارەت.

فرازېئولوگىيىلىك تەكرار: تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىۋەماقال-تەمسىل تۈسىگە كىرگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ تەكرارلىنىشى. بۇ ئۇسۇلدا كەلگەن بەزى قاپىيىلەر تەجنىس ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە، دەرمەن باغرى تاشىمدۇر،
ئىشىكدىن سايە كىرگەچ، ساغىنۇر مەنكىم قۇياشىمدۇر.
ئىچىندە تاغىنىڭ قان، تاشىدا يۈز مىڭ بەلا تاشى،
ئانىڭ تاشى ئىچى مۇتلەق دېگەيسەن ئىچى تاشىمدۇر.
(نەۋائى: «فەۋائىدۇل كەبەر» دىن)

لېكسىكىلىق تەكرار: بۇ ئۇسۇل ئاساسەن سۆزمۇسۆز تەكرار ۋە ئىزاپەتلىك تەكرار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

فىراق دەشتىدە تۇفراق بولۇپ ئىدى باشىم،
كۆتەرمەس ئىدى تۇفراغدىن ئانى ياشىم.
باشىمنى گوي قىلىپمەن يولۇڭدا، ئەي چابۇك،
ئاتىڭ ئاياغى قايان بولسە، ئاندادۇر باشىم.
(نەۋائى: «بەدەئىيۇل ۋەسەت» تىن)

يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىدە-

دىكى ئۆزگە خاسلىق بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.

## ئىچاندىك

بۇ ئاتالغۇ سانسكرىتچە Icchantika دىن كەلگەن. خەنزۇ-چە دەپ ئاھاڭ 提阐 تەرجىمە قىلىنغان. مەنىسى ئېتىقادقا ئىگە بولمىغان، «ياخشىلىق يىلتىزى ئۈزۈلگەن» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىچاندىك بۇددىزم ئەقىدىسىگە مۇتلەق ئىشەنمەيدىغان، بارلىق ياخشىلىق يىلتىزى ئۈزۈلگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسرا ۋە مىئراج

«ئىسرا ۋە مىئراج» بارلىق ئىسلام مىللەتلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەشھۇر رىۋايەت بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم بىر كېچىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا مەككە شەھىرىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە (ھازىرقى ئىرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتىگە) بېرىپ ئىبادەت قىلغانلىقى «ئىسرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىن (ئاسمانغا) چىقىپ روھىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى «مىئراج» دېيىلىدۇ. ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ياردىمىدە ئىسرا ۋە مىئراجنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا پەقەت «كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە» ۋاقىت كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، «ئىسرا ۋە مىئراج» ھەققىدىكى رىۋايەتمۇ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئون نەچچە ئەسىرلىك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى داۋامىدا بۇ رىۋايەت ئىزچىل ھالدا «ئىسلام مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر گۈل» ياكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولۇپ كەلدى.

«ئىسرا ۋە مىئراج» ۋەقەسى «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنىد-

دۇ، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىنغان. VII ئەسىردە بۇ ۋەقەنى ئىبنى ئابباس بىلەن ئىبنى مالىكتىن ئىبارەت ئىككى ساھابە ھەممىدىن بۇرۇن رەسمىي ھالدا بايان قىلغان ئىكەن. «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ بۇ ۋەقە ئەڭ ئىشەنچلىك ھادىسىلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ئىسھاق بۇ ۋەقەنى ھېكايە شەكلىدە بايان قىلغان تۇنجى كىشى بولسا، ئىبنى ئابباس ئۇنى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغان تۇنجى كىشىدۇر.

«ئىسرا ۋە مىئراج» رىۋايىتى ھەممىدىن بۇرۇن پارس تىلى ۋە تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسپان، لاتىن ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى بولۇپ شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) بۇنى «گۈلزار بىنىش» داستانىغا بىر ماۋزۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس گۈزەل ئۇسلۇب ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇ بۇ تېمىسىدا ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئىنسان ھەممىدىن ئەلا، پۈتكۈل كائىنات ئىنسان تۈپەيلى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئىنسان تۈپەيلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەيدىغان ئىدىيىنى ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇر ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن شەرھلىگەن. ئۆزى چوڭقۇر ئەقىدە باغلاپ كەلگەن ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇقى تەلىماتىنىڭ ئاساسى بولغان «ئىنسان ئەلا» ئۇقتىئىنەزىرىنى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن زور بەدىئىي ماھارەت سەرپ قىلغان.

### ئىستىقامەت

ئىستىقامەت — توغرىلىق، ساقلىق، تۈرغۇنلۇق، چىداملىق دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆزدۇر.

### ئىككى هارۋا (ئىككى سال دېيىشكىمۇ بولىدۇ)

بەزى تېكىستتە «ئىكى كۆلۈچۈ» دېيىلگەن بولۇپ، خەنزۇچە «二乘» نىڭ مەنەن تەرجىمىسى. «二乘» سانسكرىتچە Dviyana نىڭ مەنە تەرجىمىسى. «ئىككى هارۋا» بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئادەتتە شىراۋاك بىلەن پراتىكا بۇتنى كۆرسىتىدۇ. شىراۋاك بىلەن پراتىكا بۇت ئىككىسى قوشۇلۇپ، جانلىقلارنى ئېلىپ نىرۋانا مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغان كىچىك هارۋا، يەنى هىنايانا دەپ ئاتىلىدۇ.

### ئىللىنىزملىق مەدەنىيەت

بۇ، تار مەنىدىكى قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى بولۇپ، كەڭ مەنىدە ئىسكەندەر ئېمپېرىيىسى دەۋرىدىكى گرېكلەشكەن دۆلەتلەردىكى گرېك مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەدەنىيەت هېسابلىنىدۇ.

### ئىلمى فىقهە

ئىلمى فىقهە — شەرئەت ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئىنانچ

بۇ ئاتالغۇ« ۋەزىر، ئەمەلدار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆپىنچە مەمۇري ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ.

### ياكشا

«ياكشا» ئىلاھ نامى، سانسكرىت تىلىدىكى yaksa سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئالۋاستىلار ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى» دېگەن مەنىدە. ئۇ هىندى ئەپسانىلىرىدىكى يېرىم ئىلاھ بولغان كىچىك ئىلاھلار جامائىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### يەلۋى

يەلۋى — ئەپسانىلەردە سۆزلىنىدىغان سېھىرگەرلىك بولۇپ،

بۇرۇنقى زاماندىكى كىشىلەر ئۇنى «تەڭرىنىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈشى» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش، ئۇرۇ-شۇش، يارىشىش قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەت-لەنگەن.

## يەھۋە

يەھۋە— يەۋرىيلەرنىڭ خۇداسى. «تەۋرات» تا يەھۋەنىڭ تۇپراق-تىن ئادەم ياراتقانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت بار.

## يۇسەگۇ

«يۇسەگۇ» (يۇزەگۇ) ئادەمنىڭ يۇز قىسمىدىن باشقا، سىرتقى ئەزالىرىنى بىلدۈرىدۇ.

## يۇكسەك توغرا تۇيماق

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۇستۇنكى كۆنى تۇيماق»، خەنزۇچىدا دەپ يېزىلغان. 提菩三貌三罗多 NOU 啊 خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتىكى بۇ خىل يېزىلىش بولسا، سانسكرىتچە Anuttarasamyaksambodhi نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا «ئۇستۇنكى كۆنى تۇيماق» دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر «تۇز كەرىنچىسىز تۇزۇ كۆنى تۇي-ماق» («تەڭداشسىز پۇتۇنلەي توغرا تۇيماق» دېگەن مەنىدە) دەپ مەنەن تەرجىمە قىلىنغان بولسا تېخىمۇ تولۇق تەرجىمە بولغان بولات-تى. («قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايتىرى سىمىت›» 1، شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987- يىل، 67- بەت 7- قۇرغا ۋە ترانسكرىپسىيە قىسمى 162- بەت 7- قۇرغا قارالسۇن). «ئۇستۇن-كى كۆنى تۇيماق» دېگەن ئاتالغۇدىكى «ئۇستۇنكى» دېگەن سۆز «تۇز كەرىنچىسىز» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش بولۇپ، «يۇكسەك، ئەڭ يۇكسەك، تەڭداشسىز» دېگەن مەنىدە. ئۇلار سانسكرىتچە Anuttara

غا توغرا كېلىدۇ. «كۆزنى تۇيماق» سانسكرىتچە sambodhiنىڭ مە-
نەن تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ سانسكرىتچىدىن قىلى-
غان مەنەن تەرجىمىلىرى «无上等正觉»، «无上正遍觉»،
«无上正遍知» قاتارلىق بولۇپ، ئۇ ھەممىنى ئەينەن سېزەلەيدى-
غان (تۇيالايدىغان)، بىلەلەيدىغان، تەڭداشسىز تولۇق يېتىلگەن ئە-
قىل- پاراسەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئەقىل - پاراسەت پەقەت بۇددادىلا
بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولۇش ماھايانا بۇددىزمى-
نىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ھېسابلىنىدۇ.

# Ⅱ مەشھۇر جۇغراپىيىلىك نام - ئورۇنلار

## «باغراش» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

باغراش شىنجاڭدىكى چوڭ بىر كۆلنىڭ نامى. 1970- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئايرىلىپ باغراش ناھىيىسى بولۇپ قۇ-رۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «باغراش» ھەم كۆل نامى، ھەم ناھىيە نامى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە.

«باغراش» خەنزۇچە «بوخۇ» (博湖) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇڭغۇلچە بوسنۇر (Bostnor) دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن. دېمەك، بىر كۆل ۋە بىر ناھىيە ئىسمى ئۈچ خىل تىلدا ئۈچ خىل شەكىلدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «باغراش» دېگەن ئىسمى-نىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنداق بولسا «باغراش» نامى قاچاندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار تەرىپى-دىن كۆل نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن؟ بۇنىڭغا ھازىرچە ئىشەنچلىك-رەك يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، تارىخي ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، كۆل نامى بولغان «باغراش» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي بىر قەبىلە نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا بۇ تارىخي خاتىرە قايسى؟ ئۇ بولسىمۇ مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت. مىسار ئەرەب شائىرى ۋە ساياھەتچى-سى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ دۇلەف مىسار ئىبنى مۇخەلخىل. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ، 941 — 943- يىللىرى بىر كىتاب

يازغان. ئۇنىڭ كىتابى «رىسالە» (بەزىلەر «ئىبنى مۇخەلخىل سايا-ھەت خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ) دەپ ئاتالغان. مىسار «رىسالە» سىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار قەبىلىلەرنى ساناپ كېلىپ پەچەنەك، چىگىل قەبىلىلىرىدىن كېيىن، تۇبۇت، كەمەك، توققۇز ئوغۇز قەبى-لىلىرىدىن ئىلگىرى باغراچ قەبىلىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، خانلىقى، ئىقتىسادى توغرۇلۇق توختىلى-دۇ. بۇ باغراچ (باغراش) قەبىلىسىنىڭ يۇقىرىقى تەرتىپتە، شۇ قەبىلىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (فرانسىيىلىك گابىر ئېل فېرراند توپ-لاپ ئىزاھ-لىغان «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر ھۆججەتلىرىگە شەرھى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989- يىلى خەنزۇچە نەش-رى، 1- قىسىم، 231-بەت).

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «باغراچ» دېگەن بۇ نامنىڭ ئەڭ دەسلەپ مىسارنىڭ خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۇق. مىسار ساياھەت قىلغاندا باغراچ قەبىلىسى قەيەردە ياشىغان؟ بۇنى بىز مىسارنىڭ سەپەر يۆنىلىشى بويىچە پەرەز قىلىمىز. مىسار ئەسلى سامانىيلار پادىشاھى ناسىر بىن ئەھمەد بىن ئىسمائىل زامانىسىدا ياشىغان زات بولۇپ، سامانىيلارغا ئەلچىلىككە كەلگەن جۇڭگو ئەلچى-سىگە ھەمراھ بولۇپ بۇخارادىن جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ خۇراساندىن ئايرىلىپ ماۋەرائۇننەھ-رگە كەل-گەن. ئاندىن تاخ-تاخ (Takhtah)، باجا (Badja)، پەچەنەك، چىگىل، باغراچ، تۇبۇت، كەمەك، توق-قۇز ئوغۇز، قىرغىز، قارلۇق، قۇتلۇق، كا-تى-يان (Khatiyan)، پىما (Pima)، كۇلەيبۇ (Kulaybu) قاتارلىق ئۇلۇس- ئايماقلارنى ئايلىنىپ، خوتەنگىچە بېرىپ، ئۆز ئېلىگە قايت-قان. ئۇ بايان قىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا ئەينى چاغدا باغراچ قەبىلىسى پەچەنەك، چىگىللەر بىلەن تۇبۇت ۋە كەمەكلەر ئارىسىدا ياشىغان بولسا كېرەك. جۇڭگو تارىخشۇناسى چاڭ شىڭلاڭ (1881 — 1951) ئەپەندى ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا باغراچ قەبى-

لىسىنى ئىزاھلاپ، ئۇلار ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بۇلغارلار
(Bulgarians) نى كۆرسىتىدۇ، دەپ يازغان (جاڭ شىڭلاڭ «جوڭگو
بىلەن غەربنىڭ قاتناش ـ ئالاقە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى»،
جوڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1977- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-
قىسىم، 228- بەت). بۇ بايان بىزگە باغراچلارنىڭ تۈركىي قەبىلە
ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىدۇ. چۈنكى، بۇلغارلار ئەسلىي ئون ئۇيغۇر
ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا
دېڭىزنىڭ شىمالىدا بۈيۈك بۇلغارىيە دەپ ئاتالغان بىر خانلىق قۇرغان
(چېيەن بوچۇەن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ
غەربكە كۆچۈشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنى-
لى، 1996- يىل 4- سان، 65- بەت). بۇلغار قەبىلىسى قەدىمىي
قەبىلىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى مىلادىيە 480- يىلىدىن باشلاپ
شەرقىي رىم تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

باغراچلار بۇلغار قەبىلىسى بولىدىغان بولسا، بۇلغارلار ۋولگا
دەريا ساھىلى، قارا دېڭىز ئەتراپلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ، كېيىن-
چە، يەنى تەخمىنەن X ئەسىرلەردىن كېيىن غەربكە سۈرۈلۈپ،
ۋېنگرىيە ۋە بۇلغارىيە دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان ئاساسلىق خەلقلەرنىڭ
ئېتنىك قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، شىنجاڭ-
نىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى چوڭ بىر كۆلنىڭ نامىمۇ يەنە قانداقسىگە
باغراچ (باغراش) دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ؟

بىرىنچى، مىسارنىڭ بايانى، يەنى باغراچلارنىڭ ياشىغان زېمىنى
قايىل قىلارلىق ئىزاھلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، باغراچلارنىڭ بىر قىسمى ۋولگا دەرياسى ساھىلىدا،
يەنە بىر قىسمى باغراش كۆلى ساھىلىدا ياشىغان بولسا كېرەك.

ئۈچىنچى، مىسار كۆرگەن باغراچ ئېلى چىگىللەر بىلەن تۇبۇت-
لەر ئارىسىدا، يەنى باغراش كۆلى ساھىلىدا ياشىغان بولۇشى ئېھتى-
مالغا يېقىن.

مىسار باغراچلارنى چىگىللەردىن كېيىن، تۇبۇتلەردىن بۇرۇن

تىلغا ئالغان. بۇ ئۇنىڭ چىگىللەر ئېلىنى ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن باغراچلار ئېلىگە كەلگەنلىكىنى، ئاندىن تۇبۇتلەر ئېلىگە ئۆتە-كەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئاچقۇچلۇق بىر مەسىلە.

مىسار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە چىگىللەر ۋە تۇبۇتلەر قەيەردە ياشىغان؟

چىگىللەرنىڭ XI ئەسىردىكى جايلاشقان زېمىنلىرى توغرۇلۇق «ھۇدۇدۇل ئالەم»، «زەينۇل ئەخبار»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاز - تولا خاتىرىلەر ساقلانغان. شۇلارغا قارىغاندا چىگىللەر قۇياش، تالاس، ئىسسىق كۆل ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىدا ياشىغان.

تۇبۇتلەر قەدىمدىن تارتىپ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنى مەر-كەز قىلىپ ياشىغان. ئەمما، IX — VIII ئەسىرلەردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى (مەسىلەن، بېشبالىق ئەتراپلىرى) ۋە جەنۇبى (مەسىلەن، چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلار) دىمۇ مەلۇم پائالىيەت ئېلىپ بارغان. چاقىلىقتىكى مىراندىن بىر تۈركۈم تۇبۇتچە ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى بۇگۈنكى باغراش ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە ھەقىقەتەن مىسار ساياھەتكە كېلىشتىن ئىلگىرى ياكى شۇ چاغلاردا تۇبۇتلەرنىڭمۇ بولگى-لىك ساندا ياشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ، مىسار ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىپ كەلگەندە باغراچ قەبىلىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى-دا، قارا شەھەر بوستانلىقىدا ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ قەبىلە باغراش كۆلى ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ ياشىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەبىلە نامى ئۇنتۇلۇپ كې-تىپ، خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەردىكىلىرى شۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## بېھىستۇن

«بېھىستۇن» (بېسۇتۇن) تۈۋرۈكسىز دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھا-

زىرقى ئىراننىڭ كىرمانشاھ شەھىرى يېنىدىكى تاغ قىياسى. بۇ قىيا تاشتا قەدىم ئىران شاھلىرىدىن دارىي I ئويدۇرغان قەدىمىي پارس يېزىقلىرى بار. بۇ سۆز قەدىمكى پارسچىدا «خۇدالار ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## «توخۇلا» دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

«توخۇلا» قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، شەرقتە بۇ ناھىيىنىڭ جاھانباغ، جەنۇبتا ئاقساراي، كۇبا، غەربتە ماڭلاي يېزىلىرى بىلەن، شىمالدا قاراقاش بازىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ يېزىدا (1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكا نەتىجىسى) 11 مەمۇرىي كەنت، 42 مەھەللە، 3913 ئائىلە، 15 مىڭ 507 نوپۇس، 15 مىڭ 704 مو تېرىلغۇ يەر بار. «توخۇلا» دېگەن بۇ يۇرت نامى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان توخارلار توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ قالدۇرۇلغان ئىشەنچلىك خاتىرە مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە مىلادىيە I ئەسىردە ياشىغان يۇنان تارىخشۇناسى ستىرابون (strabon) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە تو- خارلار ئىسكىت (ساك) قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى دەپ مەلۇمات بېرىل- گەن. ئىسكىتلەر (ساكلار) ئەڭ دەسلەپ مەركىزىي ئاسىيا رايونلى- رىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، كېيىن ھازىرقى تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىلىرىغا، تار مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بارغان. ھىندىستانغا كۆچۈپ بارغان قەبىلى- لەر تەركىبىدىكى توخارلار تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى140- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكىدونىسكى) ئىستىلاسىنىڭ ئاخىرقى ھاسىلاتلىرىنىڭ بىرى بول- غان گرېك - باكتېرىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەشھۇر كۇشان ئېمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ئېمپېرىيىنىڭ توخارلار تەرىپى- دىن قۇرۇپ چىقىلغانلىقى كۆپلىگەن تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئېتى- راپ قىلىنىدى. «بۇددىزىم تارىخى تەتقىقاتچىسى لۇي چىن ئەپەندى

ئۆزىنىڭ 〈ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە - ئېقىملىرى〉 ناملىق كىتابىدا بۇددىزمنى يارانقان ساكيامونىنىڭ 〈ساك خەلقىنىڭ دانىشمەنى〉 دېگەن نام بىلەن شۆھرەتلەنگەنلىكىنى، بۇددىزمنى سەنئەتلەشتۈرۈشنى ۋە 〈ماھايانا〉 بۇددا مەزھىپىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان مەشھۇر كۇشان پادىشاھى كانىشكانىڭ خوتەنلىك ساك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.» توخارلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان كۇشان ئېمپېرىيىسى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلەردە يالغۇز ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ب. ئا. لىتۋىنسكىينىڭ پىكرىچە، «ئەڭ دەسلەپكى توخار ئېتنىك دولقۇنى شۇنچىلىك چوڭ بولغانكى، مۇشۇ دولقۇندا كەلگەن قەدىمكى توخارلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك يېيىلغانىدى.» بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى كۇشان ئېمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان خوتەندە توخارلاردىن خېلى كۆپ خەلقنىڭ ياشىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

كۇشان ئېمپېرىيىسىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي تەسىرى ھونلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى توخارلار تەدرىجىي ھالدا تۈركلىشىشكە باشلىغان. ئالىم مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى بار»، «ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان خوتەن، تۈبۈت خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن»، «تۈبۈتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار، شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق خوتەن رايونىنىڭ كېيىنچىرەك تۈركلەشكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«توخار» دېگەن بۇ مىللەت(قوۋم) نامىنىڭ خوتەن رايونىدىكى ساكلار، يەنى توخارلار تۈركلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە (تەخمىنەن V ئەسىرلەردە) كونكرېت بىرەر جايغا قارىتىلغان نام سۈپىتىدە كەلمەي، يەنىلا قوۋمىنىڭ (توخارلار-نىڭ) نامىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. پەقەت تۈركلىشىش بىرقەدەر تولۇق تاماملانغاندىن كېيىنلا، ئەينى ۋاقىتتا توخارلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ياكى تولۇق تۈركلىشىپ (ئۇيغۇرلىشىپ) كېتەلمىگەن توخارلار ئولتۇراقلاشقان كونكرېت بىر-رەر جايغا قارىتىلىپ، ھەم يۇرت نامىنى، ھەم شۇ جايدىكى خەلق نامىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغانلىقى مەلۇم. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەتتا «تەكلىماكان» دېگەن بۇ نامنىڭمۇ «توخار-لار ماكانى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. خوتەن رايونىدا «توخارلار» دېگەن ئىسىم ئەڭ ئاخىرقى توخارلار ئۇيغۇرلارغا تەلتۆ-كۈس ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، كونكرېت بىرەر قوۋمنى كۆرسىتىشتىن قېلىپ، يۇرت نامىدىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تەلەپپۇزدا «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن«توخارلا» — «توخالا» غا ئۆزگەرگەن، ئاندىن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش «ئا» نىڭ نۇتۇقتا ماسلىشالماي «ئۇ» غا ئاجىزلىششى سەۋەبىدىن بۇگۈنكىدەك «توخۇلا» دېگەن ھالەتكە كەلگەن.

### تۇيۇق

تۇزلۇق ئارشاڭدىن شەرققە 10 نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندا ئىدر-قۇت تاغ تىزمىسىنىڭ تېرەن جىلغىسىغا دۇچ كېلىمىز. جىلغىنىڭ جەنۇبىدا تۇيۇق مەھەللىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالى سۇ بېشى، جەنۇبى يانخى مەھەللىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

«تۇيۇق» دېگەن نام مەھەللىگە ئەمەس، بەلكى مەھەللىنىڭ شىمالىدىكى جىلغىنىڭ غەربىي يان باغرىغا سېلىنغان «ئەسھابۇل

كەبە» دەپ ئاتالغان مازارنىڭ ئىچىدىكى غارغا قارىتىلغان. بۇ غار جىلغىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى ئۆڭكۈر بولۇپ، XV ئەسىرنىڭ 25-يىللىرىدىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئىسلام دىنىنىڭمۇ مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان.

ئەينى زاماندا ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى ئۆڭكۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا گۇمبەز ياسىغان. گۇمبەزنى يېشىل كاهىش بىلەن ئەگكەن. گۇمبەز ئىچىنى «ئەسهابۇل كەبە» دەپ ئاتىغان. جىلغىنىڭ تۆۋەن ئېتىكىدىن كەبىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ئالتە ئىشىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن. هەربىر ئىشىكنىڭ ئارىلىقى 7 — 8 مېتىر بولۇپ، مەخسۇس قويۇلغان خىشلاردىن ئالاهىدە پەلەمپەيلەر ياسالغان. تاغنىڭ يان باغرىنى بويلاپ دائىرە تېمى سېلىنغان. هەر ئىشىكتە بىردىن شەيخ بولۇپ، ئىبادەت قىلغۇچى كىشى يەتتە شەيخ بىر يەرگە جەم بولغاندىلا، كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدىكەن.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ جاي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، گۇمبەز بۇزۇپ تاشلانغان. پەلەمپەيلەردىكى خىشلار ئېلىپ كېتىلگەن. ئەسلىدىكى هالەت زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، «تۇيۇق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى دەقيانۇس زامانىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مىلادىيەدىن V — VI ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان ئىدىقۇت شاهى دەقيانۇس ئوردا ئىچىنى ئاخشىمى 24 مۇشۇكنىڭ بېشىغا قويۇلغان ئالتۇن شامدانلار ئارقىلىق يورۇتىدىكەن. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ بۇيۇكلۇكىدىن گۇمانلىنىدىكەن. «ئۇنىڭ مۇشۇكلىرى ئۆگىتىلگەن» دېگەن قاراشتىكەن. ئۇنىڭ راستتىن ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان تۆت كىشى بىر كۈنى كەچتە دەقيانۇسنىڭ مەرهەمىتىگە ئېرىشىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇلار دەقيانۇس ئولتۇرىدىغان هەشەمەتلىك زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە 12 دىن قاتار بولۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مۇشۇكلەرنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن شام-

دانلاردا روشەن يېنىۋاتقان شاملارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، دەقيانۇس بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ.

مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا ئەسلىدىكى غەرىزى بويىچە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن 5 — 6 چاشقاننى زالنىڭ ئىچىگە قويۇۋېتىپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۇشۇكلەر دەرھال ئۇلارغا ئېتىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇكلەرنىڭ باشلىرىدىكى ئالتۇن شامدانلار ئۆرۈلۈپ، زالنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپتۇ.

دەقيانۇس دەر غەزەپكە كەپتۇ. ھېلىقى مېھمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ بۇيۇكلۇكىنى سىناش ئۇچۇن كىرگەن سىنچىلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئەگەر ئۇلارنى دەرھال تۇتۇپ، ئەدىپىنى بەرمىسە، ئۆزىنىڭ شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، لەشكەرلىرىگە ئۇلارنى ئالدىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

تۆت كىشى دەقيانۇسنىڭ مۇشۇكلىرىنىڭ چاشقانلارغا ئېتىلىشىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ. دەقيانۇس سىرىنىڭ پاش بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزلىرىنى تىنچ قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوردىدىن چىقىپ قېچىپتۇ. ئۇلار تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىدىقۇت شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان «يانخى» غا كەپتۇ. ئۇ يەردىمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئىدىقۇت تاغ تىزمىسىنىڭ جىلغىسىدىكى ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپتۇ. دەقيانۇسنىڭ لەشكەرلىرى ھېلىقى تۆت كىشىنى تاپالمىغانلىقتىن، بۇ جاينى «تۇيۇق» دەپ ئاتىشىپتۇ.

دەقيانۇسقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، دەقيانۇس لەشكەرلىرىگە ئۇلارنى قوغلاۋەرسە تاپالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە تاغ ئۈستىدە ناخشا ئېيتىپ مەشرەپ ئوينىسا، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ قېلىشى ئېھتىماللىقىنى ئېيتىپتۇ.

لەشكەرلەر شاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوللىرىغا داپلارنى ئېلىپ ناخشا ئېيتىشقا كىرىشىپتۇ. ناخشا 40 كۈن داۋام قىپتۇ. بىراق، تۆت كىشىدىن زادىلا دېرەك بولماپتۇ.

يەنە بىر خىل رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ تۆت كىشى ئەڭ دەسلەپتە خۇدانى ئىزدىگۈچىلەر بولۇپ، دەقيانۇس زامانىدىن 400 يىل كېيىن غاردىن چىققانمىش. كېيىنكى چاغلاردا بۇ تۆت نەپەر ئەزىزنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن كېيىنكىلەر ئۇلار مۆكۈنگەن غارنى مۇقەددەس بىلىپ «ئەسھابۇل كەبە» مازىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن-مىش.

كىشىلەر تاغ ئۇستىدە ھازىرمۇ چىراقپايدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان تاشنى ئەينى ۋاقىتتا ناخشا ئېيتقۇچىلار ياندۇرغان چىراغ دەپ، پىچان خەلقىنىڭ مىلىس ناخشىسىنى ئەنە شۇ چاغدىن باشلانغان دەپ قەيت قىلىشىدۇ.

## تۇمەن دەرياسى

تۇمەن دەرياسى قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان دەريا بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ ۋە ئاققاش يېزىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. سۇ يىغىن مەيدانى 487 كۋادرات كىلومېتىر؛ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 205 مىليون كۇب مېتىر. تۇمەن دەرياسى دېگەن ئىسىم ئەسلىي تۈمىن دەرياسى دېگەن نامدىن ئۆزگەر-گەن. «تۈمىن» قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ، «دېھقان» دېگەن مەنىدە. تۇمەن دەرياسى دېگەن سۆز «دېھقان دەرياسى» دېگەنلىك بولىدۇ.

## چاڭچېڭ — سەددىچىن

جۇڭگو تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئالاھىدە مەشھۇر بولغان بىر زور ئىنشائات بار. ئۇ خەنزۇچە «چاڭچېڭ» (ئۇزۇن سېپىل) دەپ ئاتالغان. ئەرەب ـ ئەجەم ئەللىرى ۋە ئۇلاردىن ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بۇ سېپىلنى «سەددىچىن» («چىن تېمى» ياكى «چىن سېپىلى») دەپ ئاتاشتى. جۇڭگونىڭ سىمۋولى بولغان

بۇ ئىنشائاتقا خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشىغان قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۈركىي تىلدا «بورقۇرقى» دەپ نام بەرگەنىدى. كىدانلار بولسا ئۇنى «ئۆنگۈ» دەپ ئاتىغانىدى. كىدانلاردىن مائاش ئېلىپ مەزكۇر سېپىلنى ساقلىغان تۈركىي جامائەت «ئۆنگۈت» دەپ ئاتالغان. موڭغۇل تىلىدىكى «ت» قوشۇمچىسى تۈركىي تىلىدىكى «چى» ياكى «ي» قوشۇمچىسىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ سۆز ئۆنگۈچىلەر، ئۆنگۈنى ساقلىغۇچىلار دېگەنلىك بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئۆنگۈچىلەر 4000 ئۆيلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېگى ئالاقۇش تېگىن قۇرى دېگەن كىشى ئىكەن.

## سايرام كۆلى

سايرام كۆلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي شىمالىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئېگىز تاغ كۆلى بولۇپ، بورتالا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تارمىقى بولغان فولكنور تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان ئۈزۈلمە كۆل ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىنى جەنۇبىي تەرەپتە قوڭۇر چىن تېغى، شىمالىي تەرەپتە خانزىغ تېغى، غەربىي تەرەپتە چاغنۇسۇلا تېغى ئوراپ تۇرىدۇ. سايرام كۆلى سۇ يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2073 مېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا تېغىغا جايلاشقان «بوغدا كۆلى» نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىگە قارىغاندا 93 مېتىر ئېگىز (بوغدا كۆلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى1980مېتىر) . سايرام كۆلىنىڭ غەرب- شەرق يۆنىلىشىدىكى ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى كەڭلىكى 26 كىلومېتىر بولۇپ، سۇ يۈزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 458 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل تۈۋىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى 40 . 5 مېتىر، كۆل سۈيىنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 275 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. سايرام كۆلى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 70 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن

«ھىمالايا تاغ ياساش ھەرىكىتى» مەزگىلىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، كۆل ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىقلار پالېئوزوي ئېراسىنىڭ جىنىس قاتلاملىرىدىن تۈزۈلگەن. كۆل سۈيى تەڭرىتاغلىرىدا توپلانغان قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان جىلغا سۇلىرى ۋە بىر قىسىم بۇلاق سۇلىرىنىڭ قويۇلۇشىدىن ھاسىل بولغاچقا، ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ، تېيىزراق جايلىرىدىكى قۇم ۋە شېغىل تاشلار ئېنىق كۆرۈنىدۇ، دائىم دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. سايرام كۆلى تۇزلۇق كۆل قاتارىغا كىرىدۇ، لېكىن مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس. مەسىلەن، ھەربىر كۇب مېتىر كۆل سۈيىدىكى تۇز مىقدارى 2.5 ~ 3 گرام كېلىدۇ. كۆل سۈيىدە چارۋىلار سۇغىرىلىدۇ. كۆل ئويمانلىقى ۋە ئەتراپىدىكى تاغلارنىڭ ئوت - چۆپلىرى قويۇق، ئورمانلىرى بۈك - باراقسان بولۇپ، ياخشى يازلىق يايلاق ھېسابلىنىدۇ.

كۆل ئويمانلىقىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولغاچقا، كىلىماتى ئالاھىدە سوغۇق. مەسىلەن، كۆل رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0.5℃ — ، كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.5℃ ؛ مۇز تۇتۇش مەزگىلى 11- ئايدىن كېلەر يىلى 3- ئايغىچە بولۇپ، كۆل يۈزىدە تۇتقان مۇزنىڭ قېلىنلىقى 70 — 105 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرى بۇ كۆلدە بېلىق ياشىمايتتى. 1965- يىلدىن باشلاپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى سۇ جانلىقلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى خادىملار سايرام كۆلىنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانىنى تۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ كۆلدە ياشىغۇچى سۇ جانلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ، لەيلىگۈچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 50 تۈرگە، لەيلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ يەتتە تۈرگە، سۇ ئاستىدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ يەتتە تۈرگە يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە تەجرىبە ئاساسىدا ئاق بالىداق بېلىق، تاپان بېلىق قاتارلىق مۆتىدىل بەلۋاغ بېلىق تۈرلىرىنى كۆلگە قويۇپ بېرىپ، ئىككى يىل ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزەتكەندە، بۇ بېلىقلارنىڭ ياشىلىشى تۆۋەن، كۆپىيىش نىسبىتى 9.1% بولغان بولسىمۇ، لېكىن بېلىق بېقىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بارلىقى

ئىسپاتلىنىپ، تارىختىن بۇيانقى سايرام كۆلىدە بېلىق بېقىشقا بولماي-
دۇ، دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشقا خاتىمە بېرىلدى. مۇشۇنداق ئەمەلىي
كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا 1980- يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى بىلەن بورتالا ئوبلاستلىق سۇ
ئېلېكتر ئىدارىسى بۇ كۆلنىڭ سۇ سۈپىتى، تېمپېراتۇرىسى ۋە سۇ
جانلىقلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىپ، نۇرغۇن ئىلمىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن
ئىلگىرى تەجرىبە قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن مۆتىدىل بەلۋاغ بېلىقلىرىنى
يېتىشتۈرۈشنى شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىدىكى بېلىقلارنى
ئۆستۈرۈشكە ئالماشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇنىڭ بىلەن 1980-
يىل 2- ئايدا ئىرتىش دەرياسىدىن 1.5 — 2 سۇڭ چوڭلۇقتىكى
بايقال ئاق بالداق بېلىقى، سىبىرىيە ئاق سازانكا بېلىقى، گاۋتى ئاق
بالداق بېلىقى، شەرق سىياھ بېلىقى قاتارلىق بېلىق تۇرلىرىدىن 1
مىليون بېلىجان يۆتكەپ قويۇپ بېرىلىپ، ئىككى يىلغىچە كۆڭۈل
قويۇپ كۆزىتىلدى. نەتىجىدە شەرق سىياھ بېلىقىدىن باشقىلىرى
سايرام كۆلىنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىپ نورمال ياشىيالايدىغانلىقى
ئىسپاتلاندى. چۈنكى، بۇ خىل بېلىق تۇرلىرى ئوزۇقلۇق تېمپېراتۇ-
رىسى 1 — 2℃ قىچە بولغان تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق شارائىتتىمۇ
ئوزۇقلىنالايدىغانلىقى ئۈچۈن، سايرام كۆل سۈيى تۆۋەن تېمپېراتۇرى-
لىق سايرام كۆل شارائىتىغا ماسلىشىپ، ئۆسۈش مەزگىلىنى ئۇزار-
تالىغان. بۇ ئۈچ خىل بېلىق تۇرىنىڭ ئوزۇقلۇقى سايرام كۆلىدە
يېتەرلىك بولۇپ، نورمال ئۆسۈپ، تۇخۇم سېلىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ
كۆپىيەلىدى. بۇ كۆلدە بايقال ئاقبالداق بېلىقىنىڭ ئەي بولۇش نىس-
بىتى 60% كە يەتتى. گەرچە بۇ ئۈچ خىل بېلىق تۇرىنىڭ بۇ كۆلدى-
كى ئۆسۈش سۈرئىتى، كۆپىيىش مىقدارى ئىرتىش دەرياسىنىڭكىدىن
تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئۈنۈملۈك بېقىش ئوبيېكتى بولالايدى-
غانلىقى ئىسپاتلاندى. چۈنكى، ھەربىر بېلىقنىڭ بۇ كۆلدە يىللىق
چوڭىيىشى 100 — 200 گرامغا يېتىدۇ، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە

گاۋتى ئاقبالداق بېلىقنىڭ چوڭىيىش نىسبىتى ياخشى بولغان. مۇشۇ تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەپ دۆلەت دەسلەپكى قەدەمدە بۇ كۆلگە 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئەگەر كۆلنىڭ يۈزىنى 690 مىڭ مو ھېسابلىغاندا، كۆلنىڭ يىللىق بېلىق مەھسۇلاتى 331.2 توننىغا يېتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمايدۇ. چوڭ كۆل ئەتراپىدىكى ئىككىنچى كىچىك كۆلنى بېلىق ئۆستۈرۈش تەجربە مەيدانى قىلغاندا بېلىجانلارنى سۇنئىي ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

سايرام كۆلىنىڭ سۇ مەنبەسى كۆل ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى تاغلاردا توپلانغان قار - مۇزلاردىن ئېرىپ چۈشىدىغان پەسىل خاراكتېرلىك بىرقانچە جىلغا سۇلىرى بىلەن 39 كۆز بۇلاق سۇلىرى بولۇپ، بىرقانچە يىلدىكى كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، كۆل سۈيى داۋاملىق ئۆرلەپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن كۆلنىڭ مەيدانىمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيانقى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە 1952- يىلىدىن بۇيان كۆلنىڭ سۇ يۈزى يىلىغا 7 سانتىمېتىردىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. مەسىلەن، 50- يىللاردا كۆلنىڭ شەرق - جەنۇب تەرىپىدىكى ئارال سۇ يۈزىدىن ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ھازىر بۇ ئارال سۇ ئاستىغا چۆكۈش ھالىتىگە كېلىپ قالدى.

60- يىللاردىن باشلاپ سايرام كۆلىنىڭ سۈيىنى بورتالا دەرياسىغا باشلاپ، بورتالا دەريا سۈيى بىلەن قوشۇپ، ئۇنىڭدىن يېزا ئىگىلىكتە پايدىلىنىش تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. بەر شەكلى جەھەتتىن ئالغاندا بۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، بۇ كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بورتالا دەرياسى سۇ يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1280 مېتىر ئېگىز. لېكىن، بورتالا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بارغانسېرى سۇ ئازىيىپ، سۇغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ بارىدۇ. تۇپراق تەركىبىدىكى تۇز مىقدارىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇزلۇق كۆل ھېسابلانغان بۇ كۆل سۈيىنى تۆۋەنگە باشلاپ يەر سۇغىرىش ئۈچۈن

ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلەمدۇ - يوق؟ بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، بورتالا بوز يەر رايوندىكى سۇ قىسلىق مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بورتالا رايوندىكى تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كېڭەيتىش، سۇنئىي ئوتلاقلارنى بەرپا قىلىش، چارۋىچىلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۇنئىي ئورمانلارنى كېڭەيتىش بىلەن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، بورتالا ئوبلاستىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى يۇكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## كۇرۇڭ كۆل

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كۇرۇڭ كۆل» گە ئىزاھات بېرىپ: «كۇرۇڭ كۆل — چىغ كۆل، قەشقەر تاغلىرىدىكى كۆلنىڭ ئېتى. ئەتراپى ئوتتۇز پەرسەخ كېلىدۇ» دەپ يازغان.

## مىڭئۆي

«مىڭئۆي» مەخسۇس مەندە بارلىق بۇددا تاشكېمىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى ماھايانا مەزھىپى بويىچە بۇددا - ساكيامونىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان بۇددالار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرگەن بۇددا بىناكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا كېمىرلارنىڭ مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى ئەمەس، بەلكى بۇددا - بۇتخانىلارنىڭ چەكسىزلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

## ئۇرۇمچىنىڭ يازلىق ۋاقتى

خەلقئارا ۋاقىت ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1884- يىلى چاقىرىلغان ۋاشىنگتون خەلقئارا ئۇزۇنلۇق يىغىنىدا پۈتۈن يەر شارىنى ئۇزۇنلۇق بويىچە 24 ۋاقىت رايونىغا ئايرىش، ھەربىر ۋاقىت رايونى 15 گرادۇس، ۋاقىت پەرقى بىر سائەت بولۇش، ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى گرىنۋىچ رەسەتخانىسىدىن

ئۆتىدىغان مېرىدىئاننى نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان قىلىش، بۇ جاي-
نىڭ ۋاقتىنى «گرىنۋىچ ۋاقتى» دەپ ئاتاش ۋە ئۇنى خەلقئارالىق
ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىپ«دۇنيا ۋاقتى» دەپ ئاتاش قارار قىلىنغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، شەرقتىن غەربكە 61 گرادۇس
ئۇزۇنلۇقنى بېسىپ ئۆتىدۇ. كۈن چىقىش ۋاقىت پەرقى تۆت سائەت-
تىن ئاشىدۇ. مەملىكەت بويىچە بېيجىڭ جايلاشقان شەرقىي سەككى-
زىنچى ۋاقىت رايونى، يەنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 120 گرادۇسنىڭ
ۋاقتى ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىنىپ «بېيجىڭ ۋاقتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا قوللىنىۋاتقان ئۈرۈمچى ۋاقتى شەرقىي
ئۇزۇنلۇق 90 گرادۇستىن( يىچاندىكى ياقا كەنتىدىن) ئۆتىدىغان
مېرىدىئاننىڭ ۋاقتى بولۇپ، بېيجىڭ ۋاقتى بىلەن ئىككى سائەت
پەرقلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°36′ قا جايلاشقان بولۇپ، 120
گرادۇس بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ۋاقىت پەرقى 129 مىنۇت 36 سېكۇنت
بولىدۇ.

دېمەك، «ئۈرۈمچى ۋاقتى» بېيجىڭ ۋاقتىدىن ئىككى سائەت 9
مىنۇت 36 سېكۇنت، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقتىدىن 9 مىنۇت 36
سېكۇنت ئارقىدا بولىدۇ. ھالبۇكى، «ئۈرۈمچى ۋاقتى» بىلەن «ئۈ-
رۈمچى يەرلىك ۋاقتى» ئوخشاش ئەمەس.

# Ⅲ تارىختىكى مەشھۇر شەھەر
# ۋە جايلار

## ئاقسىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئەسى

ئاقسىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىسىغا تۇتاشقان شىمالىي قۇملۇقنىڭ 5 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. «ئاقسىپىل» دې- گەن نامنى يەرلىك كىشىلەر قويغان. چۈنكى، سېپىل تېمى ئەينى چاغدا خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە يىراقتىن ئاقۇش كۆرۈنگەچكە، «ئاقسىپىل» دەپ ئاتالغانلىقىنى مۇ- ئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

«ئاقسىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى» دېيىلىۋاتقان بۇ جايدا ھازىر شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ياي شەكىللىك 105 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل تېمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، قېلىنلىقى 1.8 مېتىر بولۇپ، سېپىل قوپۇرۇلغان تىك تۆت بولۇڭلۇق كېسەكلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. يەنى بەزىلىرى 8×20×31 سانتىمېتىر، بەزىلىرى 12×32×50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. كېسەكلەرنىڭ بىر تەرەپ يۈزىگە تىرناق ياكى تەمەچ ياغاچ بىلەن جىجىپ بەلگە سېلىپ قويۇلغان. مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ئەھلى - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىتىش - باھالىشى ئارقىلىق يېزىق ھەرپلىرى دەپ بېكىتىلگەن. بۇ ھەرپلەرنىڭ 15 دانىسى قا- رۇشتى يېزىقىغا، ئىككى دانىسى بىراھما يېزىقىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

قارۇشتى يېزىقى بىلەن بىراھما يېزىقى ھىندىستاننىڭ ماۋۇرىيا

خانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 322 ~ 158 - يىللىرى) دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. بىراق، ئەينى چاغدا سېپىل تېمى قوپۇرۇلغاندا كېسەكلەرنىڭ يېرىق بار يۈزى دۈم قويۇلغاچقا، ھەرپلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق. قىسمەن يەرلىرى ئاجراپ ياكى سۇنۇپ كەتكەن كېسەكلەردىكى ھەرپلەرنىڭ سۆز- جۈملە شەكىللەندۇرۇش تەرتىپىنى ھازىرچە ئېنىقلاش قىيىنغا توختايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شامال - بوران يالاپ ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، ساقلىنىپ قالغان سېپىل تېمى ئاستى ئەسلى يەر يۈزىدىن 3 ~ 4 مېتىر تۆۋەنلىگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سېپىل ئىچى دەپ قارالغان شەھەر ئورنىدا ئۆي - ئىمارەت قالدۇقى قالمىغان. پەقەت ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەھەر قەلئە سېپىلىنى ئوراپ تۇرغان 100 كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن جايدىكى (بولۇپمۇ قالدۇق سېپىل تېمىنىڭ غەربىدىكى) قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئەينى چاغدا شەھەرنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراق- لاشقان كىشىلەرنىڭ ھاياتى، پائالىيەت ئىز - نىشانلىرى كۆز ئالدى- مىزدا نامايان بولىدۇ.

ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئات سۈرەتلىك، تۆگە سۈرەتلىك مىس پۇل، ساپالدىن ناھايىتى سىپتا ياسالغان ئات ھەيكىلى، كۇسەن كىچىك مىس پۇلى، ئوقيا، كەمەرنىڭ مىس توقىسى، مىس بىلەزۈك، مىس ھالقا - مونچاق، مىس ۋە ئەينەكتىن ياسالغان تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلى- رى، ھەرخىل رەڭدار مارجان، ساپال ئورچۇق، ساپالدىن ئىشلەنگەن تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ سۇنۇقلىرى، ساپالدىن ناھايىتى ئوخ- شىتىپ ياسالغان پىلە قۇرتى (ھەيكىلى) قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكار- لىقى بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى.

ئەنگلىيىلىك ۋ. روكىشلىنىڭ «لىيال (ئۇدۇن) نىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، تىبەت تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىيال «كاپگۇر» دىكى قەدىمكى خوتەنگە ئالاقىدار بايانلاردىن مۇنۇلار ئالاھ-

دە تىلغا ئېلىنغان«...قۇستانە بىر تۈمەن ئائىلىق كىشىنى باشلاپ يۇرتنى (ماكانلىششقا قولاي جاينى) تېپىش ئۈچۈن غەربكە ئاتلىنىپ لىيال (ئۇدۇن) دىكى ئۇمىسكار دېگەن جايغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ھىندىستاندا ئاسوكا خانىنىڭ ۋەزىرى ياساسنىڭ جەمەتلىرىنىڭ كېڭەيـ ـمىچىلىكى ئەۋج ئالغانىدى. بۇ ئىش خاننى غەزەپلەندۈردى. شۇڭا، ياساس 7000 ئادەمنى باشلاپ ئۆز يۇرتى (ماكانلىششقا قولاي جاي) نى ئىزدەش ئۈچۈن شەرققە قاراپ ئاتلىنىپ، ئاخىر ئۇدۇن دەرياسىـ ـنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دالىغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇستانە قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۇدۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھاڭگىيا دېگەن جايدا ياساس بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر قەلئە سالىدۇ.»

ۋ. روكىشلىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان تارىخىي ئاتالغۇ «ھاڭگىيا» دېگەن جاي ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى جايلاشقان بوگۇنكى لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ھېلىھەم شۇ نامدا ئاتىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

دېمەك، قۇستانە، ياساس قاتارلىقلار خوتەندە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندا سالدۇرغان شەھەر قەلئەسى — بوگۇنكى ئاقسېپىل قەدىـ ـمىي شەھەر قەلئە خارابىسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. قۇستانە، ياساس قاتارلىقلارنىڭ خوتەندە قۇرغان ھاكىمىـ ـيىتى قەدىمكى خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئاھالىلەرنىڭ تۇنجى ھاكىمىيىـ ـتى ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅵ — Ⅴ ئەسىرلەردە قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، پايتەخت شەھەرلىرى بارلىقىنى دۇنياۋى تارىخىي ماتېرىياللار، بولۇپـ ـمۇ «شاھنامە» داستانىدىكى مەلۇماتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۆۋەندىكىلەرنى ئۇچرىـ ـتىمىز: «قاز — kaz ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، «kazwin» (قازۋىن) شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. چۈنكى، قىزنىڭ ئاتىسى تۈڭا ئالىپ ئەر ئافراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر. ئافراسىياپ تەھمۇـ

رەستىن 300 يىل كېيىن مەرۋ شەھىرىنى بىنا قىلغان. بەزىلەر پۇتۇن ماۋەرائۇننەھرنى تۇرك ئېلى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ〈يەنكەنت〉دىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى〈رەزرويىن — مىس شەھىرى〉دۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن. ئۇ 〈بۇخارا〉غا يېقىن، بۇ يەردە ئافراسىياپنىڭ قىزى ۋە ئۇنىڭ ئېرى سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەن. مەجۇسىلەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ سىياۋۇش ئۆلگەن جايغا يىغلىشىدۇ، قۇربانلىق قىلىپ قېنىنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېقىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان.»

يۇقىرىقى تارىخىي ئۇچۇردا ئافراسىياپنىڭ قىزى تۇرغان ۋە ئېرى سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەن جاي (شەھەر) نىڭ ئەينى چاغدىكى تۈركچە نامى «يەنكەنت» بولۇپ، شەھەرنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئاساسەن «رەزرويىن — مىس شەھىرى» دەپ ئاتالغانلىقى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلگەن. لوپ ناھىيىسىنىڭ بەشتوغراق يېزىسى دائىرىسىدە «سىياۋۇش ۋەلىيۇللا قەبرىگاھى» ھازىرمۇ بار بولۇپ، يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇھاپىزەت قىلىنىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئافراسىياپنىڭ قىزى قاز («شاھنامە» دە پارسلار پىرىنكىش بانۇ دەپ خاتىرىگە ئالغان) سىياۋۇشقا نىكاھلىنىپ خوتەندە تۇرغان، سىياۋۇش ھەقىقەتەن خوتەن تۇپرىقىدا قەتل قىلىنغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تارىخىي ئۇچۇردا مۇئەللىپ سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەن «يەنكەنت» شەھىرىنى «بۇخاراغا يېقىن» دەپ قارىغان بولسىمۇ، «يەنكەنت» ئاھالىسىنى «مەجۇسىلەر» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئاساسەن قەدىمكى «يەنكەنت» شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنىنى ئەينى زاماندا سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەن خوتەندىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، تارىختىن بىزگە ئايانكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلغان XI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ئەتراپلىرىدا ئاللىبۇرۇن ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەن بولۇپ،

«مەجۇسلەر» نىڭ ئۆزى تۇگۇل، ئىزىمۇ قالمىغاندى.
ئۇنداقتا، قەدىمدە تۈركچە «يەنكەنت» دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ بۈگۈنكى ئورنى زادى قەيەردە؟ دەسلەپكى قەدەمدە پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى «يەنكەنت» شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى «سىياۋۇش ۋەلىيۇللا قەبرىگاھى» جايلاشقان بەشتوغراق يېزىسىغا تۇتاش بولغان ھاڭگىيا يېزىسى، يەنى شىمالىي قۇملۇق ئىچىدىكى ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «ئافراسىياپ»، «ئافراسىياپ قىزى قاز» ۋە «قازنىڭ ئېرى سىياۋۇش» قاتارلىقلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تارىخشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 529 ~ 329- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت ھازىرقى ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى قالدۇق سېپىل تېمى كېسەكلىرىدە ساقلىنىۋاتقان قارۇشتى، براھما يېزىقىنىڭ تارىختا قوللىنىلغان دەۋرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.
خوتەن دىيارىنىڭ ئەسلى تەبىئەت ئاتا قىلغان يارالمىش يەر تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرى شىمالدىكى ئەسلى ماكانلىرى (بۈگۈنكى خوتەن رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان قۇملۇق — تەكتى ماكان) دىن سۇ ئېقىن بېشى جەنۇب تەرەپكە كۆپ قېتىم كۆچكەن. خوتەن رايونىنىڭ مەمۇرىي خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى ئاھالىلەرنىڭ جەنۇب تەرەپ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ باغرىدا قاپسىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئاقسېپىل قەدىمىي شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى مىلادىيەدىن خېلىلا بۇرۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۈگۈنكى كۈندە ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسىنىڭ ھازىرقى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرىغا شۇنچە يېقىن (5 كىلومېتىرچە) بولۇشىدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تاشلىنىپ كەتكەن ۋاقتى قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كۆپ قېتىم كۆچۈپ ئەسلى ماكانلىرىنى تەرك ئېتىپ كېتىشلىرىنىڭ

ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كەلسە كېرەك.

قىسقىسى، ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى ئۇستىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە، بولۇپمۇ بۇ جاينى مەركەز قىلغان ئەتراپتىكى قەدىمىي ئاھالىلەر رايونىنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئەجدىھا شەھىرى توغرىسىدا

لوپنۇر كۆلى بويلىرىدا قەدىمكى زامانلاردا ئەجدىھا شەھىرى دەپ ئاتالغان بىر شەھەر بولغان.

لى داۋيۈن «سۇ ھەققىدە تەپسىرات. دەريا ـ ئېقىنلارغا ئىزاھ» دېگەن ئەسىرىدە «ئەجدىھا شەھىرى قەدىمكى زاماندىكى چاڭلەي شەھىرىدۇر، چاڭلەي چوڭ بەگلىك، غەربىي دەرۋازىسىدىن يولغا چىقسا، گۈگۈم چۈشكەندە شەرقىي دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دەپ يازغان. كېيىن لوپنۇر كۆلى تېشىپ كېتىپ، بۇ شەھەرنى سۇ بېسىپ كەتكەچكە، شەھەرنىڭ ئىزناسىلا ساقلىنىپ قالغان. سۇنىڭ ئېقىتىشى، شامالنىڭ يالىشى بىلەن قاسىراقتەك بىر خىل كۆرۈنۈش شەكىللەنگەن. ئۇ خۇددى ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئەجدىھاغا ئوخشاش بولغاچقا، بۇ شەھەرنىڭ نامى ئەجدىھا شەھىرى دەپ ئاتالغان. بۇ، بىر خىل قاراش.

ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى: ئەجدىھا شەھىرى لوپنۇرنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئۇ جايدا شامالنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان جىلغىلار بار، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ياداڭ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ غەلىتە ياداڭلار بېلىق قاسىرىقىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن ئوردا ـ قەسىرلەر قۇملۇقنىڭ شەرقىي شىمال چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ شەكلى ئەجدىھاغا ئوخشاپ قالغان، دەيدۇ. بۇ يەنە بىر خىل قاراش.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرخىل قاراشمۇ بار: قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان خەلقلەر ئەجدىھانى تۇتېم قىلـ

غان. مەسىلەن، هونلار يىغىلىپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدىغان جاينى ئەجدىها شەھىرى دەپ ئاتىغان. «خەننامە. هونلار تەزكىرىسى» دە: «5- ئايدىكى چوڭ يىغىلىش ئەجدىها شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. چاڭلەيدىن ئىبارەت بۇ «خۇ(غۇز) لارنىڭ چوڭ بەگ- لىكى» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەرگىچە هونلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەچكە، ئاساسىي جەھەتتىن هونلىشىپ كەتكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ پايتەختىنىڭ نامىمۇ هونلار ئوردىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەجدىها شەھىرى دەپ ئاتالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى- كى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ بەگلىك زېمىنى چۆللىشىپ تاشلىنىپ كەتكەن.

چاڭلەي ۋە ئەجدىها شەھىرىنىڭ ئورنى، نامىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن جۇغراپە- يىلىك ئورنى توغرىسىدا قاراشلار ئوخشاش.

## بارچۇق

«بارچۇق» تۈركچە سۆز بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بىرىنچى خىل قاراش، بۇ ئەسلىي تۈرك سەركەردىسىنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، سەركەردە بۇ يەرگە قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ سەركەردىنىڭ نامىنى شەھەر نامى قىلىپ ئاتىۋالغان دېگەندىن ئىبارەت؛ ئىككىنچى قاراش، بۇ ئەسلىي تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى، بارچۇقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ قەبىلىدىن بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان دېگەندىن ئىبارەت؛ ئۈچىنچىدىن سىرت، يەنە بەزىلەر «بايلىقلىرى مول، نېمە دېسە شۇ تېپىلىدۇ» دېگەن سۆز دەپ تەبىر بېرىشىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەبىر توغرىسىدا گەرچە ھازىرچە تەتقىقات چوڭقۇرلاشمىغان، ئېنىقلىق ئاساس بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتىنى، يەنى «مارالبېشىدىكى بار-

چوق شەھىرى مارالبېشى شەھىرىدىنمۇ بۇرۇن بىنا بولغان. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولغان ۋاقتىمۇ ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، پۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا بارچۇقنىڭ داڭقى مارالبېشىنىڭ داڭقىدىن چوڭ بولغان» لىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بارچۇق شەھىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن ۋاقتى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى. بۇ غەربىي رايوندىكى قاراخانىيلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بارچۇق شەھىرىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى شەھەر نامى يېزىقتا خاتىرىلەنگەن ۋاقىتتىن خېلىلا بۇرۇن بولۇپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «بارچۇق ئافراسىياپ قۇرغان شەھەر، ئۇ يەردە بوختۇناسارنىڭ ئوغلى بەتنزەن قامالغان» دەپ يېزىلغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، بارچۇق شەھىرىنى قەدىمكى تۇرانلارنىڭ خاقانى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅷ ئەسىردە ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمىدا قۇرۇلغان مىدىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى كىياكسارس (625 — 584) بىلەن جەڭ قىلغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) قۇرغانلىقى مەلۇم. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بارچۇق 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، باسمىل، ياغما قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ياشاپ ئۆتكەن.

دەسلەپ چېدىر تاغ ئەتراپىدا قۇرۇلغان بارچۇق شەھىرى بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز قاتتىق ياغقان يامغۇر كۆر ئېقىن دەرياسىنىڭ سۈيىنى تاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، سۇ ئاستىدا قالغان. Ⅺ — ⅫI ئەسىرلەردە ياشىغان تارىخچى ئالباننىڭ «بارچۇق تارىخى» ناملىق قوليازما كىتابىدا «مىلادىيە Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تاشقىن ئاپىتى يۈز بېرىپ، شەھەر بىنالىرى، شەرقتىكى دەريا ۋادىسى ئەتراپىغا سېلىنغان ئاھالىلەر ئۆيلىرىنى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەن. مۇداپىئە سېپىللىرى، راۋاق، مەنزىرلەر، ئوردا سارايلىرى، ئىبادەتخانىلار توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا مەنزىرىلىك باغلار،

سانسىزلىغان چارۋا ماللار، ئېتىزلار سۇ ئاستىدا قالغان» دەپ بايان قىلىنىدۇ. قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇجمىقى (جەننىتى) بارچۇق 10 مېتىردىن ئارتۇق يەر ئاستى مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە. يەر ئۈستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستى ئوچۇق مۇزېيدەك كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىدۇ. تارىخنىڭ چاقى بارچۇق زېمىنىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ھۈنەر - سەنئەت قاتلىمىدىن دېرەك بېرىدىغان بارچۇق مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاقنىتىپ، ھەشەمەتلىك ھەيكەللەر، كۆركەم سىزىلغان (ئويۇلغان) رەسىملەردىكى ئادەملەر، ھايۋانات، قۇشلار، ئۆسۈملۈكلەر، ئۆي - ئىمارەتلەر قىممىتىنى نامايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى مۇزېي، كۆرگەزمىلەردە كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىگىمۇ ئېستېتىك زوق بەرمەكتە.

**بۇيلۇق**

بۇ تۇرپاندىكى بىر جاي بولۇپ، بەزىلەر بۇ سۆزنى«بۇيىلىق» ، يەنى«بۇيا ئۆسىدىغان جاي» دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلەر «بويلۇق» ، يەنى«ئېگىز يەر» دېگەندىن كەلگەن دەيدۇ. بۇ ئىككى تەبىرنىڭ ھېچقايسىسى توغرا ئەمەس. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلاردا«بور» ، «بورچى» ، «بورلۇق» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «بور» سۆزى«ئۈزۈم، شاراب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «بورچى» سۆزى «باغۋەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بورلۇق» سۆزى بولسا «ئۈزۈملۈك مېۋىلىك باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزدىكى «ر» تاۋۇشى«ي» غا ئۆزگىرىپ «بويلۇق» شەكلىگە كەلگەن.

**بېشبالىق شەھىرى**

«بېشبالىق» شەھىرى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ شاھىتى سۈپە-

تىدە شەھەر - قەلئە، مۇرەككەپ قائىدە - يوسۇن، تىل - يېزىق
مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارالغان قەدىمىي
مەدەنىيەتلىك تارىخىي شەھەردۇر. ئۇ بىنا بولغاندىن تارتىپ تاكى
خارابىگە ئايلانغانغا قەدەر ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي مۇھىتىنىڭ
كۆركەملىكى، ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، ئىقتىسادىي
ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەۋزەل شارائىتى بىلەن تارىختا
شىمالىي چۆللۈكنى مەركەز قىلىپ ياشىغۇچى قوۋم - قەبىلىلەرنى
ئۆزئارا بېرىپ - كېلىش ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى جەھەتلەردە
ئۆزىگە كۆچلۈك قىزىقتۇرۇپ كەلگەندىن سىرت، ئېلىمىزدە ئۆتكەن
خەن سۇلالىسىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەرنى
ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلگەنىدى. تاڭ، يۈەن سۇلالىلىرى بۇ جايدا
ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ئەمىر - لەشكەر مەھكىمىلىرى-
نى قۇرۇپ، غەربىي رايوننى باشقۇرغانىدى. ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىلدە خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بولدى. بۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى قوش خانلىق تۈزۈ-
مى ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مۇھىمى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك
ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ۋە قۇلاي بولۇشى سەۋەبلىك،
تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى سىياسىي،
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى، مەشھۇر «يىپەك يولى» تۈگۈنى
بولغانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئىقتى-
سادىي پايتەختى بولۇشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كەلگەنلىكىدىن ئىدى. كې-
يىن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ بېشبالىقنى مەركەز قىلىپ، غەربىي
رايوننى باشقۇرۇشى ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بېشبالىقنى مەركەز
قىلىپ، غەربىي رايوننى باشقۇرۇشى، بىرىنچىدىن، بۇ جاينىڭ دېھ-
قانچىلىقتىن كۆرە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تولىمۇ ماس كەل-
گەنلىكىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، يايلاق مەدەنىيىتىگە ماسلاشقانلى-
قىدىن ئىدى. بېشبالىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىيىتى-
دىكى بۇ خىل ئەۋزەل شارائىتى ئاخىر دۇنياغا مەشھۇر كۆپ قاتلاملىق

ھەم رەڭگارەڭ «بېشبالىق مەدەنىيىتى» نىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

«بېشبالىق» سۆزى «چوڭ شەھەر» ياكى «بەش شەھەر» دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدىكى «بالىق» سۆزى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تىلىدا «شەھەر» مەنىسىنى بىلدۈرگەن. بۇ نام ۋە ئىبارىلەر ھەققىدە ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «بالىق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى 〈بېشبالىق〉 دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ 〈بەش شەھەر〉 دېگەن بولىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى 〈ياڭى بالىق〉 دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ〈يېڭى شەھەر〉 دېگەن بولىدۇ» دەپ «بېشبالىق» ، «بالىق» ئاتالغۇلىرىغا بىرقەدەر ئېنىق ئىزاھات بەرگەندىن باشقا، يەنە «شەھەر» مەنىسىنى بېرىدىغان «بالىق» سۆزى بىلەن تەڭداش «كەند» ، «ئۇلۇش» دېگەندەك سۆزلەملەرنى خاتىرىلەپ شەرھلىگەن. دېمەك، بۇ سۆزلەملەرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلۈپ شەرھلەنگەنلىكى بۇ سۆزلەملەرنىڭ «دىۋان» مەيدانغا كېلىشتىن خېلىلا ئىلگىرى تۈركىي خەلقلەر تىلىدا يۇقىرىقىدەك مەنە ئىپادىلىرى بىلەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا «بالىق، كەند، ئۇلۇش» سۆزلىرى خۇددى ئەرەبلەردىكى «بەلەن» ، پارس تىلىدىكى «شەھەر» سۆزلىرى ئىپادىلىگەن مەنە بىلەن تەڭداش بولۇپ، مەدەنىيەت سۆزلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىلەن ئورگانىك يوسۇندا باغلىنىپ، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەردە بىر قەدەر يىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھېسابلانغان «بېشبالىق» ، «ئوردۇ كەند» ، «قۇز ئۇلۇش» قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ھالدا بىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

شەھەر بولۇش ئۇچۇن ئولتۇراق جاي، ئۆي - ئىمارەت؛ ئوزۇق-

تۆلۈك، تاماق؛ ھۈنەر - سەنئەت، سودا - تىجارەت، كىيىم - كې-
چەك، زىبۇزىننەت، تىل - يېزىق، قائىدە - يوسۇن، ئىلىم - پەن،
ئەدەبىيات - سەنئەت، قانتاش ۋاستىلىرى، قانۇن - تۈزۈم، ھاكىمى-
يەت ئاپپاراتى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت بىرلە-
كى بولۇشى كېرەك.

قەدىمكى شەھەر بېشبالىق ئۆز تارىخىدا يۇقىرىقىدەك ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلەرنى ھازىرلىغان.

جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا خېلى داڭق چىقار-غان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك چوڭ شەھەر بېشبالىق دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆچلۈك خىرىسى ئاستىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوت-تۇرا دەۋرلىرىدە خانىۋايران بولۇشقا يۈزلەندى. تەخمىنەن چىڭ سۇلا-لىسى دەۋرىگە كەلگەندە شەھەر مەركىزى قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇ-بىغا — ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ، ئەسلىدىكى شەھەر نامى «جىن ھىسار» ياكى «چىن ھىسار» غا ئالماشقان. بۇ ئىسىم ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن «جىمسار»، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «جى مۇ-سار» （吉木萨尔） دەپ ئاتالماقتا.

تارىخىي ماتېرىياللاردا «بېشبالىق» يەنە «قاغان قۇت شەھىرى» دەپ ئاتالغان. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «جىنمەنچىڭ （金满城）» ئالتۇن بىلەن تولغان شەھەر) دەپ ئاتىلىپ، كېيىن تۈركچە «ئالتۇن بالىق» دەپمۇ ئاتالغان.

«بېشبالىق» شەھىرىنى ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرى بىنا قىلغان: ئۇ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ۋەيران بولغانغا قەدەر ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆز مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، سەۋىنچ - قايا （贵云石）، ئەنسارى قاتارلىق چوڭ تەرجىمان، دىنشۇناس، ئەدىب، شائىرلار، ئىلى قايا، بارچۇق ئارتتېكىن قاتارلىق سەركەردە، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن داڭلىقتۇر.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋا-
نى» دا، يەر - جاي نامىلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىنىشى ئەھۋالى-
نى سىزىپ كۆرسەتكەن خەرىتىسىدە «بېشبالىق» شەھىرىنىڭ ئور-
نىنى كۆرسىتىپ، نامىنى ئاتايدۇ: «ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ ئىسمى،
ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى
بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن. بۇ شەھەرلەر:
سۇلمى، قۇچۇ، جانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق» دەپ مەلۇمات
بېرىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 127 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى
ئەلچىسى جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن غەربىي رايونغا
كېلىدۇ. ئۇ تۈرپانغا كەلگەندە يارخوتتا (جياۋخې گۇچېڭ — يارغول
قەدىمىي شەھىرى)، ئىدىقۇت (گاۋچياڭ، قۇچۇ) دىن ئىبارەت ئىك-
كى كاتتا شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىگە يېزىپ
مەلۇمات بەرگەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بېشبالىق شەھىرىنى كەم دېگەندىمۇ يۇقىرى-
قى ئىككى شەھەر بىلەن تەڭ بىنا بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بېشبالىق
ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 12 كىلومېتىر شىمالىدى-
كى گۇچېڭ (گۇباۋزى) يېزىسى دائىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، كونا-
شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېزا ئورگىنى جايلاشقان. يېزا بىلەن قەلئەنىڭ
ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر، شىمالىي قىزىل بايراق دېھقانچى-
لىق مەيدانىغا تەخمىنەن 18 كىلومېتىر، غەربىي غالىبىيەت مەھەللى-
سى (دادۇي) گە 700 مېتىردىن ئوشۇق كېلىدۇ. يەرلىك خەلق
بۇ كونا قەلئە خارابىسىنى ھازىرمۇ باۋزى ياكى كونىشەھەر دەپ
ئاتىشىدۇ.

قەدىمكى شەھەر قەلئەسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى
ئېدىرلىقلار بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى
تۇتىشىدىغان تۈزلەكلىككە جايلاشقان. جەنۇبىي تەرىپى تەڭرىتاغقا،
شىمالىي تەرىپى قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى

ئارقىلىق گۇچۇڭ، مورى، قۇمۇلغا، غەربتە فۇكاڭ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا، جەنۇبتا تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ تۇرپانغا، شىمالدا چوڭ قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل مۇڭغۇلىيە يايلىقىغا بارغىلى بولىدۇ.

تەڭرىتاغدىن باشلانغان چوڭ غول ئېقىنى (جىراسى — 长山沟) كونىشەھەرنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا شەرق، غەرب دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، بىرى كونىشەھەرنىڭ شەرقىي سېپىلىنىڭ سىرتىدىن شەرقىي شىمالنى ئايلىنىپ غەربىي شىمالغا، يەنە بىرى غەربىي سېپىلنىڭ تەخمىنەن 800 مېتىر كېلىدىغان جايىدىن شەرقىي جەنۇبنى بويلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ كېتىدۇ. بۇلار تەبىئىي مۇداپىئە توساقلىرىدۇر.

بېشبالىق قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىچكى - تاشقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئىچكى ۋە تاشقى قەلئە مەركىزىنىڭ سەل شەرقىي شىمالىغا قىيپاش جايلاشقان. شەھەر قەلئە سېپىللىرىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە قاراۋۇل راۋاقلىرى ھەمدە شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا مۇداپىئە ئاكۇپ ۋە بىرقەدەر زىچ قۇرۇلغان ئات يۈزى شەكلىدىكى مۇداپىئەلىنىش ئورۇنلىرى بار. شەھەر سىرتىنى خەندەكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. تاشقى قەلئەنىڭ شىمالىدىراق بىر ئات - ئۇلاغ ئېغىلى بار. تاشقى شەھەر سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى 4596 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي قىسىم سېپىلدىن باشقىلىرى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. سېپىل ئاستىنىڭ كەمتۈك كەڭلىكى 5 — 8 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2 — 5 مېتىر، كەمتۈك ئېگىزلىكى 3 — 5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شەرقىي قىسىم سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1686 مېتىر بولۇپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 850 مېتىر. شەرقىي قىسمىنىڭ ئىزى يوقالغان، غەربىي يېرىم قىسمى كەمتۈك بولسىمۇ بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. غەربىي سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1575 مېتىر كېلىدۇ.

شىمالىي سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 485 مېتىر بولۇپ، شەرق، غەرب تەرەپلىرى كەمتۈكرەك، ئوتتۇرا قىسمى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. 1928- يىلى غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كونىشەھەرنى تەكشۈرۈش، قېزىش، سىزىش جەريانى ھەمدە پروفېسسور يۈەن فۇلىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە خەرىتىگە ئېلىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى تەرەپتىكى سېپىللاردا بىردىن شەھەر دەرۋازىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا ئورنى ۋە شەكىللىرىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. ھازىر شىمالىي سېپىلدىكى دەرۋازا ئورنى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، غەرب، جەنۇب تەرەپتىكىلىرىنىڭ ئىزىلا قالغان. شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ ئىزىمۇ يوقالغان. ئېنىقلىنىشىچە تاشقى شەھەر سېپىلىدا سىرتقا تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئات يۈزلۈك مۇداپىئەلىنىش ئورنىدىن ھازىر 34 ى بار. ھەر بىرسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 60 مېتىر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى سىرتقا تام قىلىپ ياسالغان. دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئاكۇپىدىن ھازىر بىرسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، سېپىل سىرتىغا سەل چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ھەجىم جەھەتتىن ئات يۈزىدىن چوڭراق. بۇلارمۇ سوقما تام قىلىپ ياسالغان. ئەمما ئۈستىگە كېسەكتىن ياسالغان ئىككى قاتار كىچىك بالىخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاشقى شەھەر قەلئە سېپىلىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇل راۋىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكىسى كەمتۈك بولسىمۇ، بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. باشقا بۇرجەكتىكىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. تاشقى شەھەر شىمالىي سېپىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇلراق جاينىڭ شىمالىغا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ئات - ئۇلاغ قورغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ شىمالىي تېمى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان، شەرقىي تېمى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ قورغان تاملىرىنىڭ ئاستىنىڭ كەمتۈك كەڭلىكى تەخمىنەن 2 — 3 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1 — 2 مېتىر كېلىدۇ.

شەھەرنى قوغداش خەندىكى شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي ئۇچى بىلەن ئات ـ ئۇلاغ ئېغىلىنىڭ شىمالىغا يېقىنراق كەلگەن شەرقىي توغاننىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 30 — 40 مېتىر، ئەڭ كەڭ يەرلىرى تەخمىنەن 60 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 2 — 3 مېتىر كېلىدۇ. ھازىر شەھەر قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى خەندەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆكتاتلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىچكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3003 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سېپىل بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 818 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 560 مېتىر بولۇپ، كۆپ قىسمى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. جەنۇب تەرەپتىكى سېپىل بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 610 مېتىر كېلىدۇ. غەربىي سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1015 مېتىر كېلىدۇ. بىراق، كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ تۈگىگەن. ئىچكى شەھەر قەلئەسىنىڭ غەربىي، شىمالىي سېپىللىرىغا ئورۇنلاشقان دەرۋازا ئورنى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. شەرق، جەنۇب تەرەپتىكىلىرىنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئالاھىدىلىكى شۇكى، دەرۋازا قوۋۇقىنىڭ ئىككى يېقىغا چەمبەرسىمان، ئوتتۇرىسى كاۋاك نوركەش ۋە غالتەكسىمان ياغاچلار يەتتە داندىن قاتار قىلىپ ئۆرىسىگە تىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۇشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئات يۈزى، ئاكوپ، قاراۋۇلخانىلار ئاساسەن تاشقى قەلئەدىكىگە ئوخشاش كۆپ قىسمى سوقما تامدىن، ئاز قىسمى كېسەكتىن مۇستەھكەم قىلىپ ياسالغان. ئىچكى قەلئەدە 14 ئات يۈزىنىڭ تولۇقسىز قىسمى ساقلانغان، بۇلارنىڭ ئارىلىقلىرى 50 — 70 مېتىرغىچىلىك كېلىدۇ. مۇداپىئە ئاكوپىدىن ئىچكى قەلئەدە پەقەت ئىككىسىلا ساقلانغان، ئىچكى قەلئە سېپىلى بۇرجەكلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇل راۋىقىدىن ھازىر ئۈچىنىڭ تولۇقسىز قىسمى ساقلىنىپ قالغان ھەم قەلئەنىڭ شەرقىي سېپىلىغا يېقىن جايلاشقان شەرقىي توغان توسمىسىدىن باشقا، جەنۇب، غەرب، شىمال سېپىللىرىنىڭ ھەممىسىدە

مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار بولۇپ، بۇلار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغاندىن سىرت، يەنە شەرقىي توغان توسمىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 10 — 30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1 — 3 مېتىرغىچىلىك كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئىچكى - تاشقى شەھەر قەلئەسىدە ئوندىن ئوشۇق يول قۇرۇلۇشى بىلەن سۇ يولى قۇرۇلۇشلىرى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن غەربىي شىمالىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 — 8 مېتىرغىچىلىك كېلىدىغان بىر كۆلمۇ بولغان.

تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى شەھەرنىڭ تاشقى شەھەر قەلئەسى ئىچكى شەھەر قۇرۇلۇشىغا قارىغاندا سەل بۇرۇنراق ياسالغان بولۇپ، يۈەن دەۋرىگىچە ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئارخېتىكتوراشۇناسلار تاشقى شەھەرنى تاڭ سۇلالىسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەردىن لوياڭ، چاڭئەن (شىئەن) شەھەرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، ئىچكى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى بولسا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئوخشىتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ھەم پەرقلەرنى بىناكارلىق مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئومۇمەن، بېشبالىققا ئوخشاش شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا باشقا مەدەنىيەت سىستېمىسىغا باي بولۇپلا قالماي، بىناكارلىق مەدەنىيىتى ۋە ئارخېتىكتورا مەدەنىيەت سىستېمىسىغىمۇ باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بېشبالىق خارابىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللىك ئالىملار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان مەدەنىي بۇيۇملارنى، يەنى كومزەك، تاۋاق، تەخسە، تەشتەك، كوزا، قازان، ھىجىر، قەدەھ، ئىۋرىق، قوش قۇلاقلىق كوزا، كۈپ،

ئىدىش، سىياھدان قاتارلىق ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرىنى ئۇچراتـ-
قان. بۇلارنىڭ تولىسى كۆل رەڭ قوڭۇر، سارغۇچ رەڭلەردە بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئىچىگە كۆپىنچە ھالدا سۇس قىزىل، سىرتىغا توق قىزىلـ-
-راق رەڭلەر بېرىلگەن. بۇ رەڭلەرنىڭ ئۈستىگە قارا ياكى جىگەررەڭ
ئارقىلىق ئەگرى - بۈگرى دولقۇنسىمان، قوپالراق كاتەكچە، بۇدۇر-
سىمان، شارسىمان، ئەتلەس گۈلسىمان نەقىشلەر سىزىلغان. بۇلار-
دىن باشقا، بۇ يەردىن نوركەش شەكىللىك ۋالار، يۇملاق، چاسا
شەكىللىك، ئۈستىگە گۈل چېكىلگەن كاھىشلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بو-
لىدۇ. يەنە فارفور پارچىلىرى، بۇددا ھەيكەل سۇنۇقلىرى، يوللۇق
رەخت پارچىلىرى، نېلۇپەر قېتى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، قىزغۇچ
قىيا تاش، چوڭ تېپتىكى قىزىل رەڭلىك ساپال قاچا، تەڭگە پۇل،
مىستىن ياسالغان ئەمەلدارلار تامغىسى، قول ھۈنەر سەۋىيىسى خېلى
يۇقىرى بولغان مىس ۋە تاشتىن ياسالغان شىر ھەيكەللىرى، گۈل
ئويۇلغان يۇملاق تاش شار، يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىلىرى قاتارلىق
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. بۇلار بېشبالىقنىڭ
ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئۆلمەس شاھىتىدۇر.

### تەتەراغى ئالتۇن تۇغ قاراخان شەھىرى خارابىسى ھەققىدە

ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ 13 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا تىترگە دەپ ئاتىلىدىغان يەر بولۇپ، شىمالىي تەرىپى چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكىگە، شەرق تەرىپى چاقماق دەرياسى ئارقىلىق ئاقتاغقا، غەربىي تەرىپى قەشقەر - ئاتۇش تاشيولىغا، جەنۇب تەرىپى قورغان يېزىسىغا تۇتىشىدىغان بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ مو، جەنۇبىدىكى «قاراخان يېرى» نى قوشقاندا 15 مىڭ مو كېلىدۇ. تىترگىنىڭ توپا قاتلىمى قېلىن، تۆت ئەتراپى شېغىللىق، دەل مۇشۇ دائىرىدىكى «تەتەراغى ئالتۇن تۇغ قاراخان شەھەر خارابىسى» ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكتىن، خارابىنىڭ يەر

ئۈستىدىكى ئىزلىرى ئاساسەن ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەر ئاستىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. بەزى ئالىملارنىڭ ئىزاھلىرىغا قارىغاندا، بۇ شەھەر «تۇغ تۇرك شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. «توققۇز ھۇجرا» ۋە خەلق ئىچىدە سۆزلىنىپ يۈرگەن تارىخىي رىۋايەتلەر، مەزكۇر خارابىدىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار «تەتەراغى ئالتۇن تۇغ قاراخان شەھىرى» نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق پارلاق مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ئەپسۇسكى، بۇ شەھەر ھەققىدىكى تارىخىي يازما ھۆججەتلەر يا ئېلىمىزدە، يا چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنمىغان. بۇ شەھەر چاقماق دەريا جىلغىسىنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدىكى مۇھىم تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان. تۆپىلىكنىڭ پەس تەرىپىدە« تەتەراغى ئالتۇن تۇغ قاراخان شەھىرى» نىڭ شىمالىي دەرۋازىسى بولۇپ، 1920- يىللارغىچە دەرۋازا ئورنى، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارنىڭ خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ جاي ھازىر ياۋلىق( يارلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە نۇرغۇن ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى، دۆۋە - دۆۋە ئادەم ئىسكىلىتلىرى ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ يەردىن 1985- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا قېزىۋېلىنغان ئەڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى «جەسەت كۈلىنى ساقلاش قاچىسى» بولۇپ، بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت تالانتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ قاچىنىڭ ئۈچ تەرىپىدە تۇتقۇچ بار، قاچىنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت ۋە بۇرۇت قويۇۋالغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا قويۇلغان تەخسە شەكلىدىكى تەرىپىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مەنزىرە شەكىللەندۈرۈلگەن. بۇ ھال بىزگە بۇ يەرنىڭ شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنىدىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ياۋلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىنى «بۆلۈمى ئالتۇن تۇغ» دەپ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ شەھەرگە دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كىرگەندە، ھەربىي قىسىم «ئالتۇن تۇغ» دېگەن يەردە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، دۈشمەنلەرگە زەربە بەرگەن. شۇڭا، بۇ يەرنى «بۆلۈمى» دەپ ئاتىغان.

«ئالتۇن تۇغ» ئەسكەرلەرنىڭ تۇغ تىكىلگەن جايى بولۇپ، بۇ يەردە «قوشقار ئاتام» ناملىق بىر قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىستانلىقتا ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ قۇربان بولغان مەشھۇر سەركەردىلەر دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالتۇن تۇغنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرى «سۆگەتلىك»، «يار بۇرجەك»، «يېڭى يار»، «قارا كۆز» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

## دۇنياغا مەشھۇر مۇزېي شەھەر — خىۋە

خىۋە ئەڭ قەدىمكى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن خارەزىمنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدىن بىرى. خارەزىم توغرىسىدىكى دەسلەپكى تارىخىي مەلۇماتلار «ئاۋېستا» كىتابىدا كەلتۈرۈلىدۇ. ئىرامىزدىن ئاۋۋالقى بىرىنچى مىڭ يىللارنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، بېھىستون يازۇلىرىدا خارەزىم دارا I سەلتەنىتى (ئىرامىزدىن ئاۋۋالقى 521 — 425- يىللار) تەركىبىگە كىرگۈچى بىر ۋىلايەت سۈپىتىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن. قەدىمكى گرېك مۇئەللىپى مىللىق ئىئائىتى ۋە ھىرودۇت ئىرامىزدىن ئاۋۋالقى V ئەسىردە «خارەسمىيا شەھىرى» ۋە خارەزىملىقلار مەملىكىتى بولغانلىقى توغرىسىدا يازغانىدى.

قەدىمكى قىياچ ۋە ئۆرگەنچ (ھازىرقى كونا ئۆرگەنچ) بىر زامانلار خارەزىمنىڭ مەشھۇر پايتەختى بولغان شەھەر بولۇپ، تەبىئەت ئاپەتلىرىگە ھەمدە ئىجتىمائىي بۆھرانلارغا بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقان شەھەرلەردىن بىرى خىۋە شەھىرىدۇر. ئۇ ئەپسانىۋى قەقنۇس كەبى قانچە-قانچە خارابىلار - ۋەيرانىلەر ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەنە قايتىدىن قەددىنى رۇسلاپ كەلمەكتە. تامچە سۇدا قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكەندەك، ھازىرقى خىۋەنىڭ قىياپىتىدە خارەزىم مەمۇر-

چىلىقنىڭ ئورتاق ئەسىر ئاخىرلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئورتاقلى-رى مۇجەسسەملەشكەن. شەھەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى ساقلىنىپ قالغان قىسمى بۇگۈنكى كۈندە ئوچۇق ئاسمان ئۇستىدىكى مۇزېي شەھەر سۈپىتىدە غايەت قىممەتلىكتۇر.

ئەرەبلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا باستۇرۇپ كېلىشى ئۆلكىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا تەڭداشسىز زىيانلارنى كەلتۈردى. باسقۇنچىلار مە-ھەللە، خەلق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بەربات قىلىش بىلەن كۇپايە قىلماستىن، خەت ساۋاتى بولغان كىشلەرنى، ئادەملەرگە ئىلىم - پەن تارقاتقۇچى زىيالىيلارنى ھەم خارەزىملىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى-نى ياخشى بىلىدىغان كىشلەرنى ھەم تەقىپ ئېتىپ ئۆلارنىڭ كۆپىنى-چىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەرەبلەرنىڭ يولباشچىسى بولغان جۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم «خارەزىملىق خەتتاتلارنى قىلىچىدىن ئۆتكۈزدى. رو-ھانىلارنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ۋە قولىيازمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى» . ئەبۇ رەيھان برونىنىڭ ئەلەم بىلەن يازغان بۇ سەترلىرى ئۆتمۇشتە نەقەدەر كاتتا يوقىتىشلار بولغانلىقىدىن گۇۋاھ-لىق بېرىدۇ. لېكىن، خارەزىم خەلقى بەربىر ئۆز ھاياتىنى، ئۆز شەھەرلىرىنى قايتىدىن تىكلەش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ كۈچ - غەيرىتىنى توپلىدى. باسقۇنچىلار زۇلمىدىن كۆپ ئەرزىيەت چەككەن پايتەخت شەھەر ئۆرگەنچ بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەرەب سەيياھى ئىبنى باتۇتانىڭ گۇۋاھلىق بېرىشچە، ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئاھالىسى زىچ جايلاشقان مەدەنىي ئىقتىساد مەركىزىگە ئايلاندى.

برونىي دەۋرىدىكى خارەزىم تارىخىدا مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. تارىخىي مەنبەلەر-دە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ھاۋزىسىغا جايلاشقان 30 دىن ئارتۇق شەھەرنىڭناملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. مانا مۇشۇ شەھەرلەر ئىچىدە پەقەت خىۋە شەھىرىلا باشقا شەھەرلەردىن پەرقلىق ھالدا بارچە سىناق-لارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن. ماقىرسىنىڭ V ئەسىر) برونىي

دەۋرىدىكى شەھەر توغرىسىدا يازغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى دىققەتكە
سازاۋەردۇر: «خىۋە شەھىرىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان كاتتا شەھەر،
ئۇ دەريادىن ئېچىپ كەلگەن قانالغا ئىگە، ئۇنىڭدا ھەشەمەتلىك جامى
مەسچىتى ھەم مەۋجۇت. شەھەر سەھراغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئامۇ دەرياسىدىن باشلىنىدىغان ۋە كېمىلەر قاتنايدى-
غان چوڭ بىر ھەيۋەتلىك قانال ئۆتكەن. ئۇشبۇ قانال ھازىر پالۋان
ئېرىق نامى بىلەن مەشھۇر.»

خىۋە قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ بېرىدە تەكىتلىنىشىچە، شەھەرنىڭ
ئاساسى سېلىنغان ۋاقتى تارىخىي سالنامىلىرى يېزىلىشتىن ئىلگىرى-
كى كونا زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. گويا نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى
سام ئۇنى قەلئە شەھەر سۈپىتىدە بۇ دۇنيادا بىنا ئەتكەنمىش. شەھەر
قۇرغۇچىلىرى تەشنا بولغاندىن كېيىن بىر چوڭقۇر قۇدۇق قازغان-
مىش، ئۇ قۇدۇقتىن چىققان سۇ ناھايىتى تاتلىقمىش، ئۇنى ئىچكەن
كۆچمەنلەر «ھەي-ۋاھ!» دەپ يۇرۇشكەنمىش. رىۋايەت قىلىنىشىچە،
شەھەرنىڭ نامى مانا شۇ ھاياجانلىق سۆزلەردىن كېلىپ چىققانمىش.

شەھەرنىڭ قەدىمكى قىسمىدا ئاشۇ كونا زامانلاردىن قالغان چوڭ-
قۇر قۇدۇقنى ھازىر ھەم كۆرسىتىشىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ V ئەسىرگە
ئائىت جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىۋە ئۆرگەنچ
بىلەن مەرۋى ئوتتۇرىسىدكى كارۋان يولىغا جايلاشقان مۇھىم ئاھالە
ياشايدىغان پونكىتلاردىن بىرى ئىدى. بۇ ئەسەرلەردە خىۋە V
ئەسىردە شەكىللەنگەن شەھەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغانلىقى ئېيتىلى-
دۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئاساسىدا ئېلىنغان مەلۇماتلار
شەھەرنىڭ بۇنىڭدىنمۇ قەدىمىي تارىخى توغرىسىدا ھېكايە قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا ئائىت قەلئە دىۋارى ئاستىدىن
ئانتىك دەۋرگە تەئەللۇق بولغان ئىنشائاتلارنىڭ قالدۇقلىرى تېپىل-
غان. بۇ ماتېرىياللار شەھەر يېشىنى يەنە تارىخ بېتىگە ئېلىپ كىرى-
دۇ. جاھانغا ئالگېبرا (ئەلجەبىر) ۋە ئالگارىتىم (ئەلفازىم - ئالگارى-
تىم) پەننى يارىتىپ بەرگەن بۈيۈك ماتېماتىك ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت

ئىبنى مۇسا ئەلخارەزىمى (780 — 850)، قامۇسۇل ئەئلام ئەبۇ رەيھان برونى (973 — 1051)، تېبابەت ئائىلىسىدە مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە باشقا پەن ـ مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر ئەللامىلىرىدىن ئۇ شەھەردە بىرقانچىسى بولغانلىقـ لىرى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مۇڭغۇللار ئىستىلاسىدىن ئىلگەـ رى خارەزىمنىڭ كۆپ شەھەرلىرىدە بولغان ئوتتۇرا ئەسىر سەيياھلىـ رىدىن بىرى تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان: «مەن يەر يۈزىدە خارەزىمگە قارىغاندا كەڭ، يەر-زېمىنلىرى كۆپ، ئادەملىرى ئەمگەكـ چان بولغان جاي بولمىسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئەڭ مۇھىمى ئاھالە خەلقى ئېغىر مېھنەتكە ئادەتلەنگەن. ئاز نەرسىگە قانائەت قىلىدىغان خارەزىمنىڭ كۆپ قىشلاقلىرى مەشھۇر كۆرۈنۈشتە بولۇپ، ئۇلاردا بازار هاياتى ئۇچۇن زۆرۈر تاۋارلار ۋە دۇكانچىلار مەۋجۇت. قەدىمدىن كەمدىن ـ كەم قىشلاقتا بازار يوق، خەلقنىڭ ئومۇمىي ئاسايىشلىقى تەمىنلەنگەن ۋە خاتىرجەم كۆن كەچۈرىدۇ. مەن: خارەزىمنىڭ ئاساـ سىي شەھىرىگە ئوخشايدىغان ئىنتايىن كۆپ ئاھالە ياشايدىغان بىرقەـ دەر باي ۋە ئۇلۇغۋار پايتەخت شەھەر دۇنيانىڭ باشقا ھېچ بىر يېرىدە بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن!» ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقى نەتىجىسىدە خارەزىم ۋەيران قىلىندى. لېكىن، خىۋە جەسۇر كىشىلەر قەلئەسىگە ئايلاندى. مەشھۇر ھىمايىـ چىلەر دەپنە قىلىنغان جاي ئۈستىگە مەقبەرە قۇرۇلغان خىۋە دەۋر سىنىقىدىن ئۆتكەن. بىنالارنى يېڭىلاش زۆرۈرىيىتى ئۆز ئۆمرىنى ئۆتەپ بولغان كېرەكسىز ئەسكى ئىمارەتلەرنىڭ بارچىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەقەززا ئەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى خىۋەدىكى ئىمارەتلەرنىڭ تولىسى XVIII — XVII ئەسىرگە ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى ئىنشائاتلار يەر ئۈستىدە مەدەنىي قاتلاملار باغرىدا قېلىپ كەتكەن، خىۋە پەقەت دوستىخان ئىبنى بۇزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە خارەزىم دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ پايتەخت شەھەر سۈپىتىدە روناق تېپىشى ئەرەب مۇھەممەدخان ھۆكۈمـ

رانلىق قىلغان(1602 — 1623. يىللار) دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مانا شۇ دەۋردە كەڭ مىقياسىدا مۇنەممەنتال ئىنشائاتلار قۇرۇلدى. شۇ يىللاردىكى تارىخىي يادىكارلىقلار ئارىسىدا ئەرەب مۇھەممەدخان مەدرىسەسى(1616. يىلى) جامە مەسچىتى ۋە ئانۇشاخان هاممامى مەشھۇر ئىدى. XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مەملىكەتتە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھرانلار، ھاكىمىيەتنىڭ تېز - تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى «خان ئويۇنلىرى» (خان بازى) دەپ ئاتالغان دەۋر بىلەن باغلىق بولۇپ، پۈتۈن خارەزىم ھاياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. 1470. يىلدا ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن خارەزىمنىڭ بېسىۋېلىنىشى بۇ مەملىكەتنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى.

1768. يىلدا تارقالغان ئۆلات (ۋابا) كېسىلى خارەزىمدە كۆپ كىشىلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋەتتى، ئۆي - جايلار بوش - بىكار قالدى. شۇندىن كېيىن خىۋە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان شەھەرلەر كۆپرەك ئەرزىيەت چەككەنلىكىنى شائىر تەكىتلەپ ئۆتىدۇ: «خىۋەدە بار - يوقى 40 ئائىلىلىكتىن ئىبارەت ئادەم تىرىك قالدى. شەھەردە ھەممە ياقنى يۇلغۇن بېسىپ كەتتى. ئۆيلەرگە ياۋايى ھايۋانلار ئۇۋا ياسىدى».

1770. يىلىغا كەلگەندە، مۇھەممەد ئەمىن ئۇنۇق ئۆزارە ئۇرۇش-جاڭجاللارغا چەك قويۇپ، خارەزىم زېمىنىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «يېڭى خىۋەگە ئاساس سېلىش باشـ-لاندى.» مەدەنىي ھايات يۈكسەلگەن بۇ دەۋردە قۇرۇلۇشلار ئەۋج ئالدى ۋە خەلق ھۈنەرۋەنچىلىكى راۋاجلاندى. باسقۇنچىلارنىڭ خۇرا-سانغا قىلغان ھۇجۇمىدىن كېيىن جەنۇبىي رايونلارنىڭ 20 مىڭ ئاھالىسى زورلۇق بىلەن خارەزىمگە كۆچۈرۈلدى. بۇ ھال 1844. يىلدا مۇھەممەد ياقۇپ مۇختار رەھبەرلىكى ئاستىدا 30 كۈن ئىچىدە خىۋە تەۋەلىكىدە ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر يولغا يېڭى قەلئە دىۋارىنى ۋە ئۇنىڭ 10 دەرۋازىسىنى قۇرۇپ پۈتكۈزۈش ئىمكانى بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى باغلاردىن ئۇستامى داچاچانىق نورۇلباي ۋە

نۇرۇلبېك باغلىرى شەھەر تەركىبىگە كىردى. شۇ شەھەرنىڭ كاتتا قەلئە ئىچىدىكى قىسمى داستان قەلئە (تاشقى قەلئە) نامى بىلەن مەشھۇردۇر. شەھەر بىناكارلىرى شەرىپىگە قەسىدىلەر پۈتكەن ئەسلى خىۋەلىك شائىر ۋە تارىخچى ئالىم مۇھەممەد رىزا ئاگاھى (1809 — 1874) قەلئە دېۋارى كۆرۈنگەن يىلنى نەقىش قىلىپ: «خىسارى خۇش نەبا» دەپ يازغان. يەنە ئەبۇ ئەبجەت ھېسابى بىلەن ئۇشبۇ ئىنشائات ھىجرىيە 1258- يىلى (مىلادىيە1842- يىلى) قۇرۇلغان دېگەن. خىۋە خارەزىم تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ ۋە شەھەرنىڭ داڭقىنى دۇنياغا تاراتقان ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن ھەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىدۇ. تارىختا «خىۋە قىيى» تەخەللۇسلۇق كۆپلىگەن كىشى ھەم مەلۇمدۇر.

خارەزىم شاھلىرىدىن ماينۇن (XIII ئەسىر) سارايدا ياشىغان شاھابىددىن خىۋە قىيى ئۆز مەبلىغىگە بىباھا كۇتۇپخانا سالدۇرغان. تارىخچى ناساپىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، «بۇنىڭغا ئوخشاش كۇتۇپخانا ئىلگىرى ھەم بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق».

مۇڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋردە خارەزىمدىن ئۇزاقتا ياشىغان مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر پەھلىۋان مۇھەممەد ئىنتايىن زور جىسمانىي كۈچكە ئىگە كۈرەشچى پەھلىۋان ئىدى. ئۇ ئاددىي موزدۇزلۇق، كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، پەھلىۋان مۇھەممەد ھىندىستانغا سەپەر قىلغاندا مەزكۇر مەملىكەت ھۆكۈمدارىنى بىر قېتىملىق ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان. بۇنىڭدىن مىننەتدار ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپاتلار ئىنئام قىلماقچى بولغان. لېكىن، شائىر ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى رەت قىلغان ھەمدە بۇنىڭ ئورنىغا خارەزىملىق ئەسىرلەرنى بەندىلىكتىن ئازاد قىلىشنى سورىغان.

خارەزىم ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى ئابۇلغازى باھادىرخان (1603 — 1664) شەرقشۇناسلىقتا غايەت قىممەتلىك بولغان

«شەجەرەئى تۈرك» ۋە «شەجەرەئى تۈركمەن» ئەسەرلىرىنىڭ مۇئەل-لىپى سۈپىتىدە مەشھۇردۇر. خارەزىمدە تۇرغان ۋە خىۋە سارايىدا مېھمان بولغان شەرقشۇناس ئالىم ئا. ۋامبىرى ئابۇلغازىنىڭ خىزمەت-لىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخىي ئەسىرى ئۇچۇن دۇنيا ئۇنىڭدىن مىننەتداردۇر.

شائىر مۇھەممەت مىراپ (1778 — 1829) خەلق ئارىسىدا مۇنى خارەزمى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان شائىردۇر. ئۇ «پىردەۋ-سۇل ئىقبا»، «سائادەت بېغى» ناملىق ئەسىرىدە خارەزىم تارىخىنى يېزىپ قالدۇرغان. شائىر مۇنىس ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشىنى پايانىغا يەتكۈزۈش جىيەنى مۇھەممەت رىزا ئاگاھىغا نىسىپ بولدى. ئاكادېمىك بارتولدىنىڭ پىكرىچە «ئۇشبۇ ئەسەر ۋەقەلەر مۇپەسسەل بايان ئىشلىتىلىش ھەمدە پاكىتلىق ماتېرىياللارنىڭ كۆپلۈكى جەھەت-تىن بۇخارا ۋە قوقان خانلىقلىرىنىڭ تارىخى بويىچە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بارلىق ئەسەرلەردىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ.»

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرى خارەزىم ئۇچۇن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نىسبەتەن يۈكسەلگەن دەۋر بولدى. بىر قانچە بەدىئىي سۆز ئۇستىلىرى ناھايىتى كاتتا ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇردى. بۇ دەۋردە خارەزىم مۇقاملىرى راۋاجلاندى، مۇزىكاشۇناس-لار تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى زور ماھارەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. پەھلىۋان نىياز كامىل (1825 — 1899) مۇسقا (مۇزىكا) نى يېزىپ ئېلىش ئۇچۇن خارەزىم نوتا سىستېمىسىنى ياراتتى.

مەشھۇر شائىرلاردىن مۇنىس ۋە ئاگاھى يېزىپ قالدۇرغان يىلنا-مىدا بىردەك مەمۇرىي ئابىدىلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ مەمۇرىيلىرى ۋە يارىتىلغان ۋاقتى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئەلتۈزەرخان دەۋرى (1804 — 1806- يىللار) دە مەۋ-جۇت بولغان ساراي ئۇدۇلىغا يەنە بىر بىنا دىۋانخانا قۇرۇلغان. شۇنىڭدەك مىمار ئادىنا خارابىسى مۇنىمىنتال ئابىدىلەر بىنا قىلىنغان. 1810- يىلدا سىرچالى قانالى ئۈستىگە تاشكۆۋرۈك سېلىنغان. XX

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىۋە ئىنقىلابىي ۋەقەلەر تەسىرىدىن چەتتە قال-
مىدى. خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى دەپ ئېلان قىلىن-
دى. مىللىي دۆلەت چېگرا سۆھبىتىگە ئاساسەن 1924- يىلى خارەزىم
ۋىلايەت سۈپىتىدە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەركىبىگە كىردى.
1924- يىلى تەكشۈرۈلگەن نوپۇس بويىچە خىۋەدە 4029 ئائىلە بو-
لۇپ، ئۇلاردا 181 مىڭ 148 .كىشى ياشىغان. كۆپ يىللاردىن بېرى
مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، خەلق سەنئىتىگە باي بولغان
مۇزېي شەھەر سۈپىتىدە خەلقنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن.

خىۋە شەھىرى خەلق مەمۇرچىلىقىنىڭ ئاجايىپ جاۋاھىرلىرىنى
ئۆزىدە مۇجەسسەم ئەتكەن نادىر ئارخىتېكتورا كومپلېكسىدىن ئىبا-
رەت. ئىچان كولا دەپ ئاتالغان شەھەر ئىچكىرىسىدە مۇنىمېنتال ئىن-
شائاتلار ۋە پۈتۈن - پۈتۈن مەمۇرچىلىق مەجبۇئەلىرى مەۋجۇت بو-
لۇپ، ئۇلار ئۆزبېك خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرنىڭ مىمارچىلىق سەنئىتى-
نىڭ مەھسۇلىدۇر. خىۋە XIV — XX ئەسىرلەرگە ئائىت خارەزىم
مىمارچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزېيى ھېسابلىنىدۇ. ئىچان قەلئە
ئىچىدىكى شەھەر بولۇپ، ئاشۇ زاماننىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان مىمار-
چىلىق سەنئىتى بىلەن يارىتىلغان ئاجايىپ بىنالار ئانسامبىل ئورنى
بولۇپ قالغان. بۇ بىنالارنىڭ كۆپىنچىسى پەخسا ۋە خام خىشتىن
قۇرۇلغان. كۆپ تورۇسلۇق جامە مەسچىت ئۆز دەۋرىنىڭ ئاجايىپ
ئارخىتېكتورا يادىكارلىقلىرىدۇر. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا ئائىت
غايەت گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەن ئىمارەتلەرنى كۆرگەن كى-
شىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. ئۇلار دەسلەپكى دەۋرلەرگە مۇناسىپ
بولغان نەقىشلەردۇر. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەربىرى مەھەللىي مىمارچى-
لىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە بىر سەھىپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا
تۈرلۈك شەكىلدىكى نەقىشلەر ۋە ئويما قۇرلۇق سەنئىتى نەمۇنىلىرى
مەۋجۇت. XIV ئەسىر بىناكارلىقىغا تەئەللۇق سەنئەت نەمۇنىلىرى
مەۋجۇت. شۇ مەزگىل بىناكارلىقىغا تەئەللۇق يادىكار سۈپىتىدە سە-
ئىد ئالاۋىدىن مەقبەرىسى بىلەن باغبانلى مەسچىتىنى تىلغا ئېلىش

كۈپايە.

خارەزىمنىڭ مىمارچىلىق مەكتىپى ئۆزىگە خاس ئورىگىنال بەخت بويى تاللىۋالغان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆزىگە خاس ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇتقۇرات سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان خىۋەدە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر تالاي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئىچان قەلئەسىدىكى تاش ھەۋلى ساراي كومپېلىكسى قايتىدىن تىكلەندى. كونىراپ غۇلاپ چۈشەي دەپ قالغان ئىمارەتلەر ئورنىغا يېڭى ساراي قەد كۆتۈردى. ئىچان قەلئەسى تەخمىنەن XVII ئەسىرگە قەدەر خىۋە زېمىنىنىڭ 440 — 650 مېتىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئاجايىپ كاتتا قورغان دىۋارى بىلەن ئوراپ ئېلىنغان. بۇ دىۋار بىر قانچە تايانچ قۇببىلىرى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2100 مېتىردىن زىيادىرەكتۇر. دىۋارنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ 8.8 مېتىر يېرىگە يېقىنراق قىسمىدىكى قېلىنلىقى 5.6 مېتىرغا ئىنشائاتىنىڭ بۇرجەك قىسمىدا مۇستەھكەملىگۈچى مۇنارلار قەد كۆتۈرگەن. شىمالىي باغچە دەرۋازىسى ئۆرگەرنچ يولىغا چىقىدۇ.

شەرق تەرەپتىكى دەرۋازا «پالۋان دەرۋازا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ئامۇ دەريا ۋە ھازارىسپ يولىغا قارايدۇ. جەنۇبىي دەرۋازا، تاش دەرۋازىسى ۋە غەربىي دەرۋازىلەر ئاتا دەرۋازا دەپ ئاتىلىدۇ. كونا ئېرىققا يېقىن جايلاشقان بۇ دەرۋازا ئاۋارىيە ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن 1920- يىلى بۇزۇپ تاشلانغان. 1975- يىلى ئىلگىرىكى شەكلىدە قايتا تىكلەنگەن. پالۋان دەرۋازا مىمارچىلىق ئانسامبىلى ئىچان قەلئەسى شەرقىي دەرۋازىلىرى تەرەپكە جايلاشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ كاتتا شەكلى ۋە باشقا ئۆلچەملىرى جەھەتتىن خىۋەنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. دەرۋازا ئۈستىگە ئورنىتىلغان مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان تارىخىي بىتىكلەر ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭغا «خىۋە شەھىرى» ھىجرىيە 1221- يىلى (مىلادىيە

1806- يىلى ) دېگەن سۆزلەر قويۇلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ دەرۋازىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلغان ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قەلئە دىۋارىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىگە جايلاشقان. مۇھەببەتلىك ئاللا گۇلخان مەدرىسەسى 1835- يىلى پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن جەنۇب تەرەپكە ئالتە قۇببىلىق يېپىق بازار بىنالىرى سېلىنغان.

دەرۋازىنىڭ ئۆلچەملىرى 52. 175 مېتىر، گۈمبەزلەرنىڭ دىئامېتىرى 5 . 2 مېتىر، پالۋان دەرۋازا ھۇدۇدىدىن ئاللا گۇلخان دەۋرىدە يىرىك شەھەرسازلىق ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. 99 ھۇجرىسى، كارۋان سارىيى، ۋەخپىسى بولغان مەدرىسە قۇرۇلغان. غايەت مۇرەككەپ لايىھە ئاساسىدىكى كۆپ ھەۋلىلەردىن تەركىب تاپقان تاش ھەۋلى سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغان قوش دەرۋازىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي كەڭلىكى 17 . 25 مېتىر، ئېگىزلىكى 9 . 45 مېتىر، كىرىش ۋە چىقىشلەردىكى ئارىكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 . 4 مېتىر بولۇپ، چۆرىسىنى بېزەشتە خىشلاردىن چىرايلىق گۈل ياسالغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يالتىراق سىر يالتىش سەنئىتىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىلغان. خىۋەدىكى ئەڭ كاتتا ھامام 1651 - يىلى ئابدۇلغازىخان زامانىسىدا بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى مىمارى يادىكارلىقلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. خىۋە شەھىرى مۇنارلىرى شەكلى ۋە بېزىلىش جەھەتتىن رەڭمۇرەڭدۇر. ئۇلار ئاممىۋى ئۇسلۇبتا كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلاپ تۇرىدۇ. ئەنئەنە بويىچە ھەر بىر مەسچىتتە مۇنارلار قۇرۇش رەسمىي قائىدىگە ئايلانغان. خىۋە شەھىرىدە 500 دىن ئارتۇق مەسچىت ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئىناۋەتكە ئالىدىغان بولساق، بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان مۇنارلار سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بۇ مۇنارلار ئىچىدە ئەڭ ئېگىزى 6. 44 مېتىر بولۇپ، دىئامېتىرى 5 . 90 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ مىمارچىلىق جەھەتتە مۇكەممەل ئىسلام خوجا مۇنارىسى ھېسابلىنىدۇ. شىر غازىخان مەدرىسەسى (1719 — 1726) تارىخ جەھەتتىن ئەڭ ئىلگىرى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قويىنىدا ئۆز زامانلىرىنىڭ ئەڭ پېشقەدەم ئىلىم

پېشۋالىرى يېتىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەدرىسە خەلق ئارىسىدا «مەشھۇر فازىللۇن» (فازىل كىشىلەر دەرگاھى) دەپ نام ئالغان.
خىۋە بازىرى قەدىمدىن تارتىپ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرىدىن بىرى. يەكشەنبە كۈنلىرى بازار بولىدۇ، يىراق قىشلاقلاردىن ئىلگە-رىكى ۋاقىتلارغا ئوخشاش بازارچىلار كېلىدۇ. بازاردا سېتىلىۋاتقان تەسىر سەنئەت بۇيۇملىرى، ئائىلە جابدۇقلىرى، ھەرخىل قول سانا-ئەت بۇيۇملىرى، گۈللۈك گىلەملەر، مەرۋايىت - مونچاق قاداپ تىكىلگەن روماللار ۋە خىلمۇ خىل دوپپىلار، چىنە - قاچا بۇيۇملىرى، سىرلىق ئىدىشلار ۋە باشقا نەرسىلەر بىزگە قەدىمكى خارەزىم سەنئى-تىنىڭ ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.
خىۋە ئۆزاقتىن بېرى رەسساملارنىڭ سۆيۈملۈك جايى بولۇپ، تارىخىي تېمىدىكى نۇرغۇن كىنو فىلىملىرى بۇ جايدا ئىشلىنىدۇ. ئەلبۇكى، ھازىرقى زامان مۇزېي شەھەر قىياپىتىگە سىڭىپ كېتىش تۇپەيلى كەسكىن پەرقلەر كۆرۈلمەسلىكى، ئەڭ ئىلگىرىكى خەلق ئەنئەنىلىرى ھېسابقا ئېلىنىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلۇشى زۆرۈر. نۆۋەتتە ئىجتىمائىي مەركەز ھېسابلانغان ئىچان قەلئەسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قوش دەرۋازا بىنا قىلىنماقتا. بۇ مەركەز بىر قاتار مەيدان-سارايلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوتتۇرا دەرۋازىدىن كىرسە مۇزېي، مېھمانخانا، رېستوران ۋە چايخانىسى بولغان مېماندوستلۇق مەيدانى كۆزگە تاشلىنىدۇ. دەل شۇ جايغا مۇھەممەت مۇسا ئەلخارەزىمىنىڭ مونىمېنتال ھەيكىلى ئورنىتىلغان. ھەربىر بىنا ئۆز ئورنىدا قەد كۆ-تۇرگەنلىكى خىۋەنىڭ يېڭى مىمارى ئىجتىمائىي مەركىزى قىياپىتىگە ئىگە جەزبىدار خۇسۇسىيىتىدۇر.
دېمەك، خىۋە بىنا قىلىنغىنىغا 2500 يىل بولغان ئۇلۇغ موزېي شەھەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

## راۋاق خارابىسى

خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش بازىرىدىن 40 نەچچە

كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا «راۋاق» ناملىق قەدىمىي ئىبادەت-خانا خارابىسى بار.

راۋاق مۇنار مەركەز قىلىنغان ئىبادەتخانا بولۇپ، تۆت چاسا قورۇ، قورۇ ئىچىدىكى بۇت مۇنارىسى ۋە قورۇ سىرتىدىكى بۇتخانى-لاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى ھازىرغىچە خو-تەن ۋىلايىتىدە مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ بۇددا دىنىي خارابىسى ھېساب-لىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 1568 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مەركىزىي بۇت مۇنارىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 9 مېتىر بولۇپ، يۇقىرى قىسمى يۇمىلاق، تۆۋەن قىسمى چاسا شەكلىدە ياسال-غان. ئۇ قۇملۇق ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قورۇ تېمىنىڭ سىرتىدىن كۆركەم لاي بۇت ۋە رەڭلىك تام رەسىملەر، چاپلىما تام نەقىشلىرىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇتلارنىڭ ئېگىزلىكى2 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىمارەت ۋە يەردە چېچىلىپ ياتقان قالدۇق نەرسىلەردىن ئەينى زاماندا بۇ يەرنىڭ ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان، راھىپلار ناھايىتى كۆپ جاي ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. قۇمنىڭ ھۇجۇمىدىنمۇ ياكى ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىنمۇ، بۇ ئىبادەتخانا ئاخىر قۇم ئاستىدا قالغان، ھەتتا ئەسلىدىكى نامىمۇ يوقىلىپ، «راۋاق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

1901- يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1000 يىللاپ قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان راۋاقنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغان. ستەيىن بۇ يەرنى توپتوغرا توققۇز كۈن قېزىش ئارقىلىق، كەم ئۇچرايدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاپقان ھەمدە خارابىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. ستەيىن قېزىۋېلىنغان 91 چوڭ بۇتنى ئېلىپ كېتىشكە ئامال قىلال-ماي، سۈرەتكە ئېلىۋېلىپ، ئۆز جايىغا كۆمۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن بەش يىل كېيىن، يەنى 1906- يىلى ستەيىن راۋاق خارابىسىغا يەنە كەلگەن. لېكىن، بۇ چاغدا لاي بۇتلارنىڭ كۆپىنى يەرلىك كىشىلەر بۇزۇۋەتكەنىدى. ئەمما، ستەيىن بۇ قېتىمقى سەپىرىدىمۇ قۇرۇق

قول قايتىمىغان، يەنە بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن.

گېرمانىيە تېرىنكېل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بوسھات 1927- يىلى بۇ يەرگە كەلگەن. ئەمما، قۇرۇق قول قايتىپ كەتكەن.

1928- يىلى گېرمانىيىلىك چونكېر بۇ يەردىن ئالتە ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ھازىر گېرمانىيىنىڭ بىرھېن شەھىرىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

1929- يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى راۋاق خارابىسىدا ئاز - تولا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تولىمۇ قىسقا ماتېرىيال يېزىپ قالدۇرغان.

1948- يىلى لوپ ناھىيە دائىرىلىرى گويا قاتتىق ئۈيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، ئۇشتۇمتۇت راۋاق خارابىسى «تېپىلدى» دەپ جاكارلىغان ۋە ناھىيە ھاكىمى جۇباۋچېڭ ئەۋەتكەن روزى ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر قورۇ تېمىنىڭ شىمالىدىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۈچ بۇت، 20 لاي بۇت، لاي مايمۇن، مارجان قاتارلىق نەرسىلەرنى قېزىۋالغان. بۇ ئەھۋال ئۆلكىگە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت لوپ ناھىيىسىگە قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قوغداش - باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇشنى تاپشۇرۇپ تېلېگرامما بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، خوتەندە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن. بىراق، ئۇ چاغدا كۆرگەزمە قىلىنغان بۇت ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىر ئىز-دېرىكى بولمايۋاتىدۇ.

ئىمارەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەيكەل، تام سۈرەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، راۋاق ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يەرنى كۆرۈشكە كېلىدىغانلار كۈندىنكۈنگە كۆپەيمەكتە. لېكىن، بۇزغۇنچىلار، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلار كۆپ ، ئاسرىغۇچىلار بەك ئاز بولماقتا. ئالاقىدار تارماقلار بۇ يەرنىڭ

قوغدىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان تاختاي قاداپ قويۇش بىلەنلا مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق، دەپ يۈرۈۋېرىدىغان بولسا، ئېغىر نابۇت قىلىنغان راۋاق قۇملۇقتىن غايىب بولۇشى مۇمكىن.

## سۇغۇن سامۇر شەھىرى

ئاتۇش ناھىيىسىدىكى توختى هون تاغلىرى ئېتىكىدە تۇرۇپ جەنۇبقا كۆز تىككەندە تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، سۇنتاغ يېزىسىغا تەۋە تۇت كۆل كەنتىنىڭ جەنۇبىدا بىر خارابە ئىزى كۆرۈنىدۇ، بۇ دەل سۇغۇن سامۇر شەھىرىدۇر.

هازىرقى كۇندە بۇ رايون ئىچىدىكى مەلۇم يېزىنى ساغان يېزىسى دەپ ئاتايدۇ. يەرلىك كىشىلەر بۇ شەھەر خارابىسىنى ئۇيغۇر بۇددىستلىرى شەھىرى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

دۇنياغا مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 533 ـ بېتىدە «سۇغۇن سامۇر — بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەرنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلانغان، «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 71 ـ، 72 ـ بېتىدە «ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان مىلادىيەنىڭ 955 ـ يىلى سۇغۇندا ۋاپات بولغان» دەپ كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى يولداش هاجى نۇراجىنىڭ بۇ جۈملە توغرىسىدىكى ئىزاھاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «سۇغۇن بۇغراخانغا زەھەر بېرىگەن جاينىڭ ئېتى» دېيىلگەن. ئەمما، قايسى بۇغراخان ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلمىغان. شۇ چاغدا سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشتىكى سۇغۇن دېگەن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىمال سۇتۇق بۇغراخان بولسا كېرەك دەپ تەخمىن قىلىمىز. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن بۇ ئىزاھاتتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ياكى باشقا بۇغراخانلارنىڭ تۇرغان جايى ئاتۇشتىكى سۇغۇن سامۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

بۇ شەھەرنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدا مەشھۇر تارىخىي كىتاب «تارىخىي خەمسى» (بەش تارىخ) نىڭ 768 ـ بېتىدىكى «بىلا (سا-

غۇن) ، گۇبالىق (قەشقەر) ، بەرساغان شەھەرلىرىنىڭ بايانى» دېگەن بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ خاقان 1 - بۇغراخان بولۇپ خانلىق ئورنىغا ئۆتۈش بىلەن گۇبالىق (قەشقەر) نىڭ شەرقىي شىمالىغا مې- ڭىشىدا بىر كۈنلۈك مۇساپە يەردە بىر شەھەر ئىسمىنى سوغۇن دەپ قويۇپ، شۇ شەھەردە ئولتۇردى. سوغۇن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 〈ھەيۋەتلىك، نامى ئۇلۇغ〉 دېگەن بولىدۇ… بۇ يۇرت ئاستىن‌ئاتۇشتا» . يۇقىرىدىكى بايانلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 850 - يىللاردىن بۇرۇن بۇ شەھەر پۈتكەن. 1 - بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى بۈيۈك بىر رەھبەر بولۇش سۈپىتىدە تارىخىي كىتابلاردا بايان قىلىن- غان. بۇگۈنكى كۈندە بۇ شەھەر خارابىسىگە قايتا بېرىپ تەكشۈرگەن- دە، بۇ يەردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملار- نىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، تۆرلۈك گېئومېتىرىك شەكىلگە ئىگە تەسۋىرىي سۈ- رەتلەر چۈشۈرۈلگەن رەڭدار ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى، قاشتې- شىدىن ئىشلەنگەن بىلەزۈكنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە زىبۇزىنىنەت بۇيۇملى- رى، ھەرخىل تارىخىي دەۋرلەردە ئىشلەنگەن مىس پۇللار بار.

X ئەسىرگە تەئەللۇق مىس پۇللاردىن ئىككى خىلى بولۇپ، بۇ پۇللارغا ئەرەبچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت يېزىلغان. چوڭ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 3.8 سانتىمېتىر، كىچىك پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر بولۇپ، كىچىك پۇلنىڭ بىرىدە تارىخىي ھىجرىيە 515- يىلى (مىلادىيە1120-، 1121 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن سان بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىنىڭ 6 - بېتىدە «قاراخانىيلار 1067 - يىلىدىن باشلاپ چىقارغان تەڭگە پۇللاردا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئىشلىتىلگەن» دېگەن سۆزنى سوغۇن سامۇر شەھىرىدىن چىققان پۇللاردىكى ئىككى خىل يېزىققا ئاساسلىنىپ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى بو- لۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇلتانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ياساتقان ئالتۇن، تىللا پۇللار ئىچىدە «سۇلتان سۇتۇق ئابدۇلكەرىم»

دېگەن خەت ئويۇلغانلىرىمۇ بولۇپ، بۇ پۇللارنىڭ نۇسخىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد (پېتروگراد) دۆلەتلىك موزېيىدا ساقلانماقتا. قاراخانىيلار قۇيدۇرغان تۈرلۈك پۇللار ھەرقايسى دۆلەت- لەرنىڭ پايتەختىدىكى دۆلەتلىك موزېيلاردا ساقلانغانلىقى ھەممە كى- شىگە ئايان. 1980 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوغۇن سامۇر رايونىغا تەۋە «سارايبويى» دېگەن جايدىن ئىككى تونىنا مىس پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ، بۇ پۇل بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (964 — 1127 - يىللار) غا ئائىت مىس پۇللارمۇ تېپىلغان. بۇ ئەھۋال قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنىڭ خېلى قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىمۇ 1066 -، 1067 - يىللىرىدىن باشلاپ «مەلىكۇل مەشرىق ۋەسىنى» دېگەن نامدا پۇل چىقارغان («قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 87- بەتكە قاراڭ). سوغۇن سامۇر رايونىغا تەۋە «يەر قورغان»، «ساراي- بويى»، «تۇركۆل»، «سۇنتاغ» نامىدىكى جايلار بولۇپ، بۇلارمۇ مەلۇم تارىخىي ئۇقۇمغا ئىگە ھەممە سوغۇن سامۇرغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىش زۆرۈر، «يەر قورغان» ھەربىي قىسىملار تۇرىدىغان ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، «يەر قور- غان» دەپ ئاتالغان. «سارايبويى» ئەسلىدە كارۋانلارنىڭ كېلىپ - كېتىدىغان قونالغۇ ئورنى بولغاچقا، «سارايبويى» دەپ ئاتالغان. «تۇر كۆل» ئەسلىدە تۈرك كۆلتېگىنلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار تۇ- رىدىغان ئورۇن بولغاچقا تۇر كۆل دەپ ئاتالغان.

«تۇر» دېگەن سۆز تۈركىيچىكى «تۇر» دۇر. كۆل — كۆلتېگىندىكى «كۆل» دۇر. سۇنتاغ ئەسلىدە «سۇن تەخت»، «ئۇس- تىن تەخت» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، سوغۇن سامۇر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، بۇ جاي قاراخانىيلارنىڭ بىر مەزگىللىك پايتەختى بولغان. خۇلاسە شۇكى، سوغۇن سامۇر شەھىرى 850 - يىلدىن تارتىپ، IV ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك

تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلغان.

## سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھەت يېزىسىغا جايلاشقان، ئاپتونوم رايوندىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان — بىلگە كۆل قىدىرخاننىڭ نەۋرىسى، تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر خانى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگە كۆل قىدىرخاننىڭ نەۋرىسى سۇتۇق X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سامانىيلار دۆلىتىدىن كەلگەن ئۆلىما ۋە ئالىم ئەبۇناسىر سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىدا مەخپىي يوسۇندا دىن تارقىتىپ كۈچ توپلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (دىنىي ئىسمى ئابدۇكېرىمخان) دەپ ئېلان قىلغان ھەم ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلار ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە344- يىلى (مىلادىيە 955-يىلى) ۋاپات بولغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنىپ، مازىرى ياسالغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ئىسلام مىمارچىلىقىغا مەنسۇپ ئىمارەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە بىرنەچچە قېتىم قايتا ياسالغان. مازارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەتلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ مازار ئەڭ بۇرۇن ياغاچ

تۆۋرۈك - لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۆت ئەتراپىغا ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلىپ، دائىرە ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەتتى جەھەتتە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەت — مەھمۇد قەشقەرى مازىرىدىن ئانچە پەرق. لەنمەيدۇ. بۇ مازار يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن قىش ۋە رەڭدار كاھىشلار بىلەن تۆت چاسا گۈمبەز تورۇس. لۇق قىلىپ قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان. ئۇنىڭ هازىرقى هالىتى 1956- يىلى قايتا ياسالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە ياسالغان، غەرب تەرىپىگە ئىشىك قويۇلغان، قالغان ئۈچ تەرىپىگە تۆمۈر پەنجىرىلىك دېرىزە ئورنىتىل. غان. تۆت بۇرجىكىگە خىش بىلەن يۇمىلاق تۆۋرۈك چىقىرىلغان، تۆت تېمىنىڭ سىرتى ھەر خىل نەقىش ئويۇلغان خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۈستى ياغاچ لىم بىلەن يېپىلىپ، ئوتتۇرىسىغا كى. چىك مۇنار چىقىرىلغان. ئۇ ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەتتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە تارىخىي - مەدەنىي يادىكارلىق، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش شىن. جاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيانقى تارىخى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

## شەرقىي پايتەخت — ئاقسېپىل شەھرى

ئاقسېپىل قەدىمكى شەھرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، لوپ ناھىيىسى ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە توغرا كېلىدۇ. 1929 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىي ئاقسېپىل قەدىمكى شەھرىگە كېلىپ قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ستەيىننىڭ ئاقسېپىل قەدىمكى شەھرى توغرىسىدىكى بەزى

قاراشلىرىنى رەت قىلغان. ئۇ ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىل-
غان مول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «قەدىمكى ئۇدۇن
دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە، بۈگۈنكى
خوتەن بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنى
قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەرقىي پايتەختى دەپ مۇئەييەنلەشتۈر-
گەن. بۇ قاراش دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگ
ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن
جۇڭگو تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى تەھرىر گۇرۇپپىسى تۈزگەن
«جۇڭگو تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» دا «ئاقسېپىل قەدىمكى شەھە-
رى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەرقىي پايتەختى» دەپ قايتا سىزىپ
كۆرسىتىلگەن.

ئاقسېپىل شەھىرىنىڭ ئورنى لوپ ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 30
يولچە كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 5 كىلومېتىر بولۇپ،
ھازىر پەقەت شىمال تەرەپتىكى يېرىمىلا ساقلىنىپ قالغان. يېقىندا
خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بۇ تامدا
20 خىلدىن ئارتۇق يېزىق بارلىقىنى كۆزەتكەن. 1984 - يىلى
ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدىن يولداش سابىت ئەخمەت بىلەن قۇربان
ۋەلى ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا چېچىلىپ ياتقان سۇنۇق كېسەك-
لەرنىڭ بىر يۈزىدە يېزىق بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەپسۇسكى،
كېسەكلەر سۇنۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. بۇ جايدىن تېپىل-
غان ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورخۇن -
يېنسەي ۋادىسىدا قوللىنىلغان شەكىللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئارخې-
ئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ مىلادىيەدىن
ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن بۇرۇنراق بىنا قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەك-
تە. بەزىلەر ئاقسېپىل كېسەكلىرىدىكى يېزىقلارنىڭ بەزىلىرىنى قە-
دىمكى قارۇشتى ھەرپلىرىگە ۋە بەزىلىرىنى براھمى يېزىقى ھەرپلىرى-
گە ئوخشايدۇ، قارۇشتى يېزىقى بىلەن براھمى يېزىقى شەكلى ھىن-

دىستانىنىڭ مائۇرىيا خاندانلىقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 322 ~ 185- يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان دېيىشىۋاتىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا لوپ ناھىيىلىك پارتكوم ئادەم ئاجرىتىپ ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان. بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن ۋۇجۇ پۇلى ئىككى تال، خەنزۇ يېزىقى ۋە خوتەن يېزىقى بېسىلغان مىس پۇل بىر دانە، تاڭ دەۋرىدىكى مىس پۇل تۆت دانە، سۇڭ دەۋرىدىكى مىس - تۆمۈر پۇل 30 دانە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مىس پۇلى تۆت دانە، سۇڭ دەۋرىدىكى پۇللار ۋە يالغۇز قۇلاقلىق قىزىل ساپال كومزەك بىر دانە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مىس پۇل ئىككى دانە... بۇلاردىن باشقا، مىس - تۆمۈرلەردىن ياسالغان ۋە پارچىلىنىپ كەتكەن بۇيۇملارمۇ خېلى كۆپ. ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇش ھەم زىننەت بۇيۇملىرى بولسا، يەنە بىر قىسمى بۇددا سەنئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، سېغىز ھەيكەل، زەر يالىتىلغان مىس ھەيكەل، سۆڭەكتىن ئويۇلغان شىر ھەيكىلى، نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدىكى بۇددا ھەيكىلى قاتارلىقلار بۇددا سەنئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1900- يىلى 11 - ئايدا ستەيىن لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن بەدىئىي سەنئەت نەمۇنىسى بولغان بىر تۇركۇم ياغاچ ئويما ۋە گۈزەل مەلىكە سۈرىتىنى، شۇنىڭدەك يۇقىرىقىغا ئوخشاش نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە ئولتۇرغان شىر سۈرەتلىك كۆمۈش ھەيكەلنىمۇ تاپقان. بۇلار خوتەننىڭ ئىپتىدائىي بۇددا سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ستەيىننىڭ «غەربىي رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 - بابىدىن مۇھىم يىپ ئۇچى تاپقىلى بولىدۇ. XVIII — XIX ئەسىرلەردىن باشلاپ بۇ جايدىن تېپىلغان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا

ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە خېلى گۈللەنگەنلىكىنى كۆر-
گىلى بولىدۇ. ئەمما، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەزكۇر
شەھەر ئۆز تارىخىدا ئۈچ قېتىملىق زور بالايىئاپەتنى باشتىن كەچۈر-
گەن.

بىرىنچى قېتىم، VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۇبۇتلارنىڭ شىد-
دەتلىك ھۇجۇمىدا ئوت قويۇلۇپ ۋەيران قىلىنغان؛

ئىككىنچى قېتىم، X — IX ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار سۇلا-
لىسىنىڭ مۇسۇلمانلىرى بۇ شەھەرگە بېسىپ كەلگەندە ئوت قويۇپ
كۆيدۇرۇلگەن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭ داۋامىدا ئېغىر ۋەيران بول-
غان؛

ئۈچىنچى قېتىم، XIII ئەسىرلەردە موڭغۇل قوشۇنلىرى بېسىپ
كىرىپ ئوت قويۇپ كۆيدۇرۇۋەتكەن ۋە خان ئوردىسىغا ئوخشاش
ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى ئۆرۈپ تاشلىغان. شۇڭلاشقا، بۇ شەھەر
خارابىسىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدىن كۆل ۋە چۈچۈلگە ئايلان-
غان ياغاچلار تېپىلىدۇ.

## قارا قاش

«قارا قاش» ناھىيىسىنىڭ ئىسمىدىكى «قاش» سۆزى «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «بۇ بىرخىل سۈزۈك تاش
بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كېلىدۇ. بۇنىڭ ئېقى گۈلدۈرمامىدىن،
ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق سوقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە
كۆز قىلىنىدۇ» ، «قاش ئۆگۈز خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن
ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى 〈ئۈرۈڭقاش ئۆگۈز〉 (يۇرۇڭقاش
دەرياسى) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاقتاش چىققاچقا، دەريا
مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى 〈قارا قاش ئۆگۈز〉 (قارا قاش
دەرياسى) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار
دۇنيانىڭ باشقا يېرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ.»
بۇ بايانلاردىن «قارا قاش» ۋە «يۇرۇڭقاش» دېگەن يۇرت ناملىرىنىڭ

قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «يۇرۇڭقاش» قەدىمكى «ئۇرۇڭقاش» سۆزىنىڭ بۇزۇلغان شەكلىدۇر.

## قەدىمكى شەھەر — بىربالىقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

«بىر بالىق» دەسلەپ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، قارايغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان. چىڭگىزخاننىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرى قارايغاچ بۇيرۇق شۇ دەۋرلەردە ئۇرۇش ئاپىتىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ شەھەرنى قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇرغانىدى. لېكىن، ئۇزاق تارىخقا، ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بۇ شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار تېخى ھەل بولمىدى. بىرىنچى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گېئوگراف شۇسۇڭ «بىر بالىق ھازىرقى گۇچۇڭدا بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلغان؛ ئىككىنچى، «شىنجاڭ رايونى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى» ناملىق ئەسەردە «بىر بالىق مورى ناھىيىسىدىكى ئۇچبۇلاققا توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن؛ ئۈچىنچى، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «بىر بالىق ئاقتاش (مورى ناھىيىسىدىكى چوقپار تاش يېزىسى) غا توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن؛ تۆتىنچى، بېيتىڭنىڭ «تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقاتى» دا «بىر بالىق گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى لاۋچېتەيگە توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن؛ بەشىنچى، «غەربىي يۇرتنىڭ يەر ناملىرى» دا «بىر بالىق ھازىرقى مورى ناھىيىسى بازىرىغا توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ئىچىدە «غەربىي يۇرتنىڭ يەر ناملىرى» دىكى قاراشلار يازما خاتىرىلەرگە، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«بىر بالىق» خەنزۇچە مەنبەلەردە «دۇشەنچىڭ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ «يەككە تاغلىق شەھەر» دېگەنلىك بولۇپ، شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قاراپ قويۇلغان نام ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مورى ناھىيە بازىرىنىڭ 2 كىلومېتىر جەنۇبىدا ئەنە شۇنداق يەككە تاغ — قالقانتېغى بار. تەڭرىتاغلىرىغا ياندىش، يەلپۈگۈچ شەكىللىك

بۇ تاغ يەككە هالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ قالقانتاغ باغرىدىكى قەدىمكى شەھەر خا-رابىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، غەربىي ۋە جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر كېلىدىكەن. بىراق، ئاقتاش، ئۇچبۇلاق، لاۋچىتەي، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن يۇقىرى-قىغا ئوخشاش يەككە تاغ باغرىغا جايلاشقان، كۆلىمى بۇنچىلىك چوڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان دۇشەن بۇقالى يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر بالىقنىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە، جۇغراپىيە تەپسىراتى» دا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا قۇرۇلغان لاپچۇق ناھىيىسىدىن بېيتىڭ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (جىمسار-دا) گە بارىدىغان يول لىنىيىلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بوزلۇق بۇقالدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ… ئۇزۇنبۇلاق، ئەج-دىھا بۇلىقى (هازىرقى يىلان بۇلىقى) نى بېسىپ ئۆتۈپ، 180 چاقى-رىم ماڭغاندا دۇشەن بۇقالغا بارغىلى بولىدۇ». ئۇزۇنبۇلاق ۋە ئەج-دىھا بۇلىقى مورى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى چوقپار تاش يېزىسىدا بولۇپ، بۇ جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ 180 چاقىرىم غەربكە ماڭغاندا ئاقتاش ۋە ئۇچبۇلاقنى بېسىپ ئۆتۈپ توپتوغرا مورى ناھىيە بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ. لاۋچىتەي ۋە گۇچۇڭلار بولسا خېلىلا يىراقتا قالى-دۇ.

## قەدىمكى بىر قىسىم دەريا ۋە يۇرت ناملىرى

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى بىر قىسىم دەريا ۋە يۇرتلارنىڭ نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

قاش ئوگۈز — خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى، يۇرۇڭقاش ئوگۈز (يۇرۇڭقاش دەرياسى) دېيى-لىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريا مۇشۇ نام بىلەن

ئاتالغان. يەنە بىرى، قاراقاش ئۆگۈز (قاراقاش دەرياسى) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك قاراتاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ. پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ.

مانقىشلاق — ئوغۇزلار ئېلىدىكى بىر يەرنىڭ ئېتى.

مانكەنت — قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. كېيىن خاراب بولغان. هازىر بۇ نام قوللىنىلىۋاتىدۇ.

باي — كۇچا بىلەن ئۈچ ئارىسىدىكى ئۇچقا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى.

قاياس — توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى، سابلىغ قاياس؛ ئىككىنچىسى، ئۈزۈك قاياس؛ ئۈچىنچىسى، قارا قاياستىن ئىبارەت.

كەيگەن — قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرى كىچىك كەيگەن؛ يەنە بىرى ئۇلۇغ كەيگەن دېيىلىدۇ (بۇ چوڭى).

سايرام — ئىسپىجاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پەيزا شەھىرىنىڭ ئېتى بولۇپ، سەريام دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بارسغان — ئافراسياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر.

## قىزىل دەرياسىنىڭ نامى

قىزىل دەرياسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6084 مېتىر ئېگىز بولغان تېلا پۇچىيا (لېنىن) چوققىسىدىن باشلىنىپ شەرققە ئېقىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاناركۆل سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 778 كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسى-

دىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ.
قىزىل دەرياسىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان. «خەننامە قوشۇمچە ئىزاھلىرى» دا: «پامىر (كۆكئارت) دەرياسى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دەرياغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇبىي بۆلىكى يەكەن دەرياسى، شىمالىي بۆلىكى قەشقەر دەرياسىدۇر» دېيىلگەن. قىزىل دەرياسى باشلىنىش نۇقتىسىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە «قىزىل دەرياسى»، قەشقەر شەھىرىدىن مارالبېشىغىچە «قەشقەر دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر دەرياسى دەل ھازىرقى قىزىل دەرياسىدۇر. ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە) «شىمالىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى» دەپ ئاتالغان. بۇ، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى، ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى» دىكى مەلۇماتلار بىلەن ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدا «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يوللىرى تەزكىرىسى» دە «قەشقەر دەرياسى شىمالىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دا «دەريا پامىر (كۆكئارت) نىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، ‹شىمالىي دەريا› دەپ ئاتالغان، دەپ خاتىرىلەنگەن» دېيىلگەن. «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قىزىل دەرياسى سۇي سۇلالىسى دەۋرى (581- ، 618 - يىللار) دە ئوخشاشلا «شىمالىي دەريا» دەپ ئاتالغان.
ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قىزىل» دېگەن سۆزلەمگە «قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن.
دېمەك، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، قىزىل دەرياسى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا شىمالىي دەريا، يەنى شىمالىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى، قىزىل دەرياسى، قەشقەر دەرياسى دېگەنناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمدى ئۇنىڭ «قىزىل دەرياسى» دېگەن نامىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئۇچۇن ئاۋۋال «قى-

ـزىل» دېگەن سۆپەت سۆزى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
قىزىل دەرياسى 4 - دەۋرنىڭ دەريا ئېقىنلىرىغا كىرىدۇ، سۇيىـ
ـنىڭ كېلىش مەنبەسى قار - مۇز، بۇلاق سۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ،
يۇقىرى ئېقىنى پامىر (كۆكئارت) تاغ رايونىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان
بولغاچقا، پامىر تاغلىرىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىـ
ـلار، قارلار ئاساسلىق سۇ تولۇقلىغۇچى مەنبە ھېسابلىنىدۇ. قىزىل
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قىزىل تاغ جىنسلىق تۇپراقلارنى بېسىپ
ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇيىنىڭ رەڭگى كۆپ ھالدا قىزىل بولىدۇ.
كىشىلەر دەريا سۇيىنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «قىزىل
دەرياسى» دەپ ئاتاشقان.

«قەشقەر دەرياسى» دېگەن نام «قەشقەر» دېگەن يۇرت نامى
بارلىققا كەلگەندىن كېيىن قويۇلغان. «قەشقەر» دېگەن نام ئەڭ
بۇرۇن Ⅷ ئەسىردە ئۆتكەن چاۋشىيەنلىك راھىب خۇيچاۋنىڭ «ھىندىسـ
ـتاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» دىكى «پامىردىن بىر ئاي پىيادە يول
يۈرۈپ، سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى جيا
شىجىلىگو ( 伽师祇离国 ) دەپ ئاتايدىكەن» دېگەن بايانلىرىدا تىلغا
ئېلىنغان بولسا، خۇيچاۋ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئالىم
پىرقۇيلان ئۆزىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ ئىزاھى» ناملىق ئەسىرىدە
قەشقەرنى « 伽师吉梨 » (Kashgiri) دەپ تىلغا ئالغان. دېمەك،
بۇ يەردىكى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان
« 伽师吉梨 » بىلەن « 伽师祇离国 » دېگەن خەت «Kashgar»
دېگەن سۆزگە يېقىن «Kashgiri» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە
ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭغا قارىغاندا «قەشقەر» دېگەن
نام Ⅷ ئەسىردىلا تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. قىزىل
دەرياسىنىڭ قەشقەر تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىنكى قىسمىمۇ مۇشۇ
ۋاقىتتىن باشلاپ «قەشقەر دەرياسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

قىزىل دەرياسى ھازىرقى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىلا ئەمەس،
بەلكى قەشقەر شەھىرىدىن تاكى مارالبېشىدىكى ئاناركۆل سۇ ئامبىرىـ

غا قوْيوْلغوْچە «قەشقەر دەرياسى» دەپ ئاتالغان. نېمە ئۈچۈن پەيزاۋات تەۋەسىگە كىرگەندە «پەيزاۋات دەرياسى»، مارالبېشى تەۋەسىگە كىرگەندە «مارالبېشى دەرياسى» دەپ ئاتالمايدۇ؟ بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوكيانوس»تا: «سۇلې غەربىي يۇرتتىكى دۆلەت نامى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (618 ـ 907 ـ يىللار)... جياشىجىلىگو (伽师祇离国) دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سۇلې 〈چۇشا〉 (传沙) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پادىشاھى پېي ئۇرۇقىدىن، ئىسمى ئامۇجى، ئۇ (伽师城) دە تۇرىدۇ...» دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ سۇرەتلىك خەرىتىسى» دە: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلې دۆلىتىنىڭ مەركىزى پەيزاۋاتتا بولغان» دەپ يېزىلغان. دېمەك، يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە سۇلې (قەشقەر) دۆلىتىنىڭ مەركىزى پەيزاۋاتتا ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، قىزىل دەرياسى بۇ يەردىن ئۆتكەندە شۇ دۆلەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

قىزىل دەرياسى (قەشقەر دەرياسى) پەيزاۋات تەۋەسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەدرىجىي تارىيىپ سۇ مەنبەسى ئازلاپ، چوڭراق بىر ئۆستەڭ ھالىتىدە مارالبېشى تەۋەسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇنى «مارالبېشى دەرياسى» دەپ ئاتاشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمايدۇ.

## «كېرىيە» دېگەن نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخ ـ تەزكىرىلىرىدە ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىنغان «يۈتيەنگو» (于田国)، يەنى كېرىيە دۆلىتى قەدىمكى چاغلاردا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشلۇق بولغان بىر تارىخىي نامدۇر. دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» بۇ يەردىن ئۆتەتتى. «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى دۇنخۇاڭ، يۈيمېندىن باشلىنىپ غەربتىكى پىشامشان، چەرچەن، نىيە، كېرىيە، خوتەنلەر ئارقىلىق يەكەنگە، ئاندىن پامىردىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ ياۋچىغا تۇتىشاتتى. بۇ لىنىيە

كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىي
چېتىنى بويلاپ سوزۇلغان. كېرىيە بولسا مۇشۇ بۇيۇك كارۋان لىنىد-
يىسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر «زۇمرەت لەڭگىرى»
ئىدى. كېرىيىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى « 于田 » دېگەن ئاتالمىسى
توغرىسىدا بەزى مەنبەلەردە مۇنداق مەلۇمات بار: «يۈتيەن» دېگەن
نام ۋېي سۇلالىسى (385 ـ، 534 ـ يىللار) دەۋرىدە قويۇلغان
بولۇپ، شۇ چاغدا كېرىيىدە ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان « 于 » (يۈ)
فامىلىلىك كىشىنىڭ فامىلە خېتىگە «زېمىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدىغان« 田 » دېگەن خەت قوشۇلۇپ«يۈتيەن» («يۈنىڭ زېمىنى»)
دېگەن نام بارلىققا كەلگەن. لېكىن، بەزى ئارخېئولوگلار«يۈتيەن»
دېگەن بۇ سۆز «يوتقان» (خوتەن ناھىيىسىدىكى شەھەر خارابىسىنىڭ
نامى) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بو-
لۇپ، ئۇ ھازىرقى خوتەننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق
بولسۇن، «يۈتيەن» بۈگۈنكى كۈندە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە
خاس نامىدۇر. كېرىيە گۇاڭشۈينىڭ 8- يىلى (1883- يىلى) رەسمىي
ناھىيە بولغان. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا رەسمىي تەسىس
قىلىنغان توققۇز ناھىيە ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىدىن كېرىيىلا بار.
1958 - يىلى گوۋۇيۈەن كېرىيىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتا ئىپادىلى-
نىشىدىكى « 于 » خېتى (ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى مەنىسىدە)
نى «قاشتېشى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « 玉 » گە ئۆزگەرتكەنىدى.
بۇنىڭ بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى «يۈتيەن»
(قاشتېشىلىق) دېگەن نامى ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەنە تەرجىمىسى-
گە بۇ دىيارنىڭ قاشتېشىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى باب كەلگەند-
دى. لېكىن، 1959 - يىلىغا كەلگەندە خېبېي ئۆلكىسىدە يەنە بىر
« 玉田 » بولغانلىقى ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ خەن-
زۇچە ئىسمىنى يەنە ئاۋۋالقى « 于田 » گە ئۆزگەرتىۋەتتى. روشەن-
كى، ھازىرقى بۇ ئىككى خەت كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مەنە تەرجىمى-
گىمۇ، ئاھاڭ تەرجىمىسىگىمۇ ماسلاشمايدۇ. «كېرىيە» دېگەن نام-

ىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى خەلق ئارىسىدا ساقلىنى-
ۋاتقان قاراشلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بەزىلەر كېرىيە
«كەل يار» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى دەيدۇ. 756- يىلىدىن
كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدا
ياشايدىغان قارلۇق قەبىلىسى تەدرىجىي راۋاج تېپىپ، 10 ئۇرۇق
خاقان ئىلكىدىكى يەرلەرگە كۆچكەندە، بىر قىسىم قارلۇقلار كېرىيە
دەريا ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. شۇ چاغدا كېرىيىدە ياشايدىغان
يەرلىك ئاھالە: «كەل يار» (كەلگىن، دوستۇم) دەپ ئۆز قېرىنداش-
لىرىنى ئىللىق قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي
قېرىنداشلىق، ئىناقلىقنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە «كەل يار» دەپ
ئاتالغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كېرىيە» دەپ ئۆزگەرگەن.
ھازىرمۇ جانلىق تىلدا كېرىيىنى «كەييا» دەپ تەلەپپۇز قىلغۇچىلار
بار. لېكىن، بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كېرىيە
دەرياسىنىڭ غەربىدىكى، ناھىيە بازىرىدىن باشلاپ شىمالغا سوزۇلغان
بىر يېزىنىڭ ئىسمى «قارلۇق» (بەزىلەر جانلىق تىلدا «قالۇق» دەپ
تەلەپپۇز قىلىدۇ) بولۇپ، كېرىيە بازىرىنى قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ
ئۆتىدىغان ئۆستەڭ «قالۇق ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. كېرىيىگە كەل-
گۈچىلەر «قارلۇق ئۆستەڭ»، «تاختا كۆۋرۈك» دېگەن ناملارنى
بىلمەي كەتمەيدۇ. ئۇنداقتا، «قارلۇق» دېگەن نام كېرىيىدە زادى
قانداق پەيدا بولغان ۋە شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆزگىرىپ كەتمەي
ساقلىنىپ كەلدى؟ بۇ مۇقەررەر كېرىيىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىغا
چېتىلىدۇ. قارلۇق يېزىسىدا ھازىر ياشاۋاتقان قارلۇقلارنىڭ بۈگۈن-
گىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادەتلىرى-
دىن ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندا، چارۋىغا ھېرىسمەنلى-
كى (ئۇلار چارۋىنى «ئۇلاغ» دەيدۇ)، يايلاق تاللىشىدىغانلىقى، ئاتقا
ھەم ئوۋ قىلىشقا ئامراقلىقى، چەۋەندازلارنىڭ كۆپلۈكى، سۈت- قېتىق-
نى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقى، سۈتتىن قېتىق، قايماق ئىشلەش-
تە ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى، نەسەب ۋە ئۇرۇق قوغلىشىشى،

ئەۋلادلىرىغا ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەل-
گەنلىكى، قول ھۈنەرگە ئانچە قىزىقمايدىغانلىقى، ئومۇمەن كۆچمەن
خەلققە خاس بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ شۇ جايدىكى
يەرلىك ئاھالىدىن روشەن پەرقى بولۇپ، بۇلارنى كۆچمەن چارۋىچى
قەبىلىلەردىن ساقلىنىپ قالغان خۇسۇسىيەتلەر دېيىشكە ئاساس قىلا-
لايمىز. تارىخچىلارمۇ قارلۇقلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى
دەريا ۋادىسىدىكى كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
يەرلەردىن دېھقانچىلىق قىلىدىغان جايلارغا كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلاي-
دۇ. تارىخشۇناش گۇباۋ ئەپەندى: «756-يىلىدىن كېيىن قارلۇقلار...
10 ئۇرۇق خانىنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەرگە كۆچۈپ بېرىپ ...
شەھەرلەرگە ئىگە بولدى» دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە
تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان كىرىش سۆزىدە: «840- يىلى
ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغمىلار ۋە قارلۇق-
لار... بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بىر ھاكىمىيەت قۇردى. كېيىنچە
بۇ ھاكىمىيەتكە قەشقەر رايونىمۇ تەۋە بولدى» دەپ قەيت قىلى-
نىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت دەل ئۇيغۇر - قارلۇق چوڭ خانلىقى
«قاراخانىيلار» ئىدى. يەنە بىر مەنبەدە تېخىمۇ ئېنىق قى-
لىپ: «... كۆچۈشتىن كېيىن توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى بىلەن
قارلۇق ئۇيغۇرلىرى ئارىلىشىپ، 870 - يىللىرى قۇرۇلغان قاراخا-
نىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى» ، «... پامىرنىڭ
غەربىگە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار 870 - يىلىدىن 1213 -
يىلىغىچە... كۈچلۈك قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. بالاساغۇن،
تالاس، ئوترار (فاراب) ، ماۋەرائۇننەھر ۋە شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدى-
كى قەشقەر، كېرىيە، قاراقۇرۇم قاتارلىق جايلار خانلىقنىڭ شەھەر-
لىرى ۋە يەرلىرى ئىدى» دەيدۇ. تارىخچىلارنىڭ يۇقىرىقى دەلىللىرى-
دىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار تۇرلۇك تارىخىي - ئىجتى-
مائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنىڭ يۇرتلىرىغا كۆپ قېتىم
كۆچكەن، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. دېمەك، كېرىيىدە ساقلىنىپ

كېلىشۋاتقان «قارلۇق»، «قاراخان» دېگەن يەر نامىلىرىنىڭ 1000 يىللار مابەينىدە ئۆچۈپ كەتمەي ساقلىنىشى تاسادىپىي بولمىغىنى-دەك، «كېرىيە» دېگەن نامنىڭ ئېھتىمال «كەل يار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بەزىلەر «كېرىيە» دېگەن نام «قېرى يەر» ياكى «قېرى يار» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. چۈشىنىشلىككى، «قېرى يەر» دېگەن سۆز «كونا، قەدىمىي جاي» دېگەن مەنىنى؛ «قېرى يار» دېگەن سۆز «كونا يارلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردۇر. يۇقىرىقى ئىككى سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىلا بۇ يۇرتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي بىر جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندىمۇ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى-دىكى يارلىقلاردىن باشقا، ئويچۇغىيار، سايۋاغىيار، داۋزىيار، لايسۇ-يار، چىگىلىكيار قاتارلىق يارلار بار. كېرىيە بازىرىدىن 5 كىلومېتىر جەنۇبتىكى بىر جاي «كۆكيار» (دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلۈك، كۆكلۈك يار) دېيىلىدۇ. دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى كۆكيار بولسا، تۆۋەن تەرىپى قېرى يار بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يارلىق«يار ئىلەك» (جانلىق تىلدا يارغىلاق) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان «قىر يار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشلارمۇ خېلى كۆپ. «قىر يار» دېگەن سۆز «قىرلىق، يارلىق جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزمۇ كېرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، «كېرىيە» دېگەن بۇ سۆز مۇقەررەر ئەسلىي ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىق-قان بولۇپ، ساپ ئۇيغۇرچە سۆزدۇر. كېرىيە دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىققىنىغا مەيلى مىڭلارچە ياكى يۈزلەرچە يىللار بولسۇن، لېكىن بۇ يەرنىڭ ناھايىتى قەدىمىي يۇرت ئىكەنلىكى بىزگە تارىختىن مەلۇم.

كېرىيە ناھىيىسىدىكى شەرقىي خەن ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان «ئاق ئىلەك»، «قارناق» قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەر، قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر، مۆھۈر - تامغىلار، پۇل - يارماقلار، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ساپال قاچىلار، ئۈنچە - مارجان، يىپەك، يۇڭ، پاختا توقۇلمىلار ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۇ يۇرتنىڭ 2000 نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلىلا گۈللەنگەن ھەم كاتتا - كاتتا شەھەرلەر بولغان ئاۋات بىر يۇرت بولغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسىدىكى «قارناق» قەدىمىي شەھەر خارابىسى (ھازىر كىشىلەر قارناق دەيدۇ. ئېھتىمال قارناق بولۇشى مۇمكىن) نىڭ ساقلىنىپ قالغان ئىزنالىرىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ كاتتا بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا: «قارناق — ئوغۇز شەھەرلىرىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

قاراخانىيلار (870 — 1231 - يىللار) دەۋرىدىمۇ كېرىيە تازا گۈللەپ، راۋاجلانغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، كېرىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قاراخان (ھازىرقى كېرىيە دېھقانچىلىق مەيدانى تۇرۇشلۇق جاي) ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا سەلتەنەتلىك شەھەر خارابىسى كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. رىۋايەتلەردە: «بۇ شۇنداق كاتتا شەھەركى، شەھەر كوچىسىنىڭ بىر بېشىدىكى بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىققان كىشى توختىماي مېڭىپ 25 كۈندە ئۇ بېشىدىكى ئۆگزىدىن چۈشەرمىش» دېيىلىدۇ. بۇ گەرچە مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن سۇرلۇك قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مىسلىسىز گۈللەنگەن، چوڭ، ئاھالىسى زىچ شەھەرنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

XIII ئەسىردە شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنىمۇ كېرىيىدە ئۇچرىتىمىز. بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ

كېلىشۋاتقان «مۇغاللا» («موغۇللا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن) دې-
گەن يەر نامىمۇ شۇ دەۋرنىڭ قالدۇرغان ئىزى - تامغىسىدۇر.

1514 — 1678 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن تا مۇشۇ ئەسىرىمىزگىچە قەدەر «كېرىيە» دېگەن بۇ ئۇقۇم يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن چەرچەنگىچە بولغان كەڭ زېمىننى كۆرسىتىدۇ.

## لوپنۇر كۆلى

لوپنۇر رايونى دېيىلسە، لوپنۇر كۆلى رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى-دىكى قۇملۇق، چۆل - جەزىرە (شامالدا يېمىرىلگەن توپا دۆڭلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، جېجياڭ ئۆلكىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ رايون تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ جەنۇبتا ئالتۇن تاغقا، شىمالدا قۇرۇق تاغ ۋە شىمالىي تاغقا ئۇلىشىدۇ. لوپنۇرغا ئەڭ يېقىن شەھەرلەردىن دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كورلا بار. لوپنۇر رايونىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، بوران كۆپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» دېگەن نامى بار. ئۇ ئاساسەن شورلۇق، قۇملۇق ۋە ياردائىلىقتىن تەركىب تاپقان. لوپنۇر كۆلى ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ كۆل ئىدى. قەدىمكى دەۋردە كروران بەگلىكى بار ئىدى. 1972 - يىلى لوپنۇر كۆلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىپ، لوپنۇر ئويمان-لىقى بولۇپ شەكىللەندى. ھازىر ئىلگىرىكى سازلىقنىڭ ئەتراپىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتتى. لوپ-نۇردىكى شورتاڭ قۇملۇق كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ياردائىلىق كۆلىمى 3000 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ مەملىكىتىمىزدە سەيدام ئويمانلىقىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ.

لوپنۇر رايونىدا يېشىلمىگەن نۇرغۇن سىرلار بار. ئۇ ئەزەلدىن خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قىزىقىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ كەل-

ـدى. مەسىلەن، لوپنۇر كۆچمە كۆلمۇ؟ لوپنۇر كۆلى نېمە ئۈچۈن
قۇرۇپ كەتكەن؟ كروران بەگلىكى نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولغان،
كروران ئاھالىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى نەدە؟ لوپنۇرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى
قانداق ئۆزگەرگەن؟… قاتارلىقلار. لوپنۇر تۇز كۆلى ئېلىمىزدىكى
ئەڭ چوڭ تۇز كۆلى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
تۇز كۆل تەتقىقات ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيـ
ـتىشىچە، سەيدام ئويمانلىقىدىكى سارخان تۇز كۆلى ئېلىمىزدىكى ئەڭ
چوڭ تۇز كۆلى، دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشتا ئۆزگىرىش بولىدىكەن.
ئۇلار نەق مەيدانغا بېرىپ چارلاش ئارقىلىق يەر مەيدانى 7000 كۋادـ
رات كىلومېتىر كېلىدىغان لوپنۇر تۇز كۆلىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئەڭ
چوڭ تۇز كۆلى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.

ئېگىزلىكتىكى شەھەر شىنىڭدا تۇرۇشلۇق جوڭگو پەنلەر ئاكادېـ
ـمىيىسىنىڭ تۇز كۆل تەتقىقات ئورنى ئېلىمىزدىكى كۆل تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نوپۇزلۇق ئاپپارات. بۇ ئورۇننىڭ تۇز كۆل
چارلاش ئەترىتى لوپنۇر كۆلىدە 69 كۈن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ
باردى. يېقىنقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كاندىدات تەتقىقاتچى سەن
فاشيۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ لوپنۇرغا تۇنجى
قېتىم كىرىشى ئىكەن. تەكشۈرۈش خىزمىتىمۇ ئىنتايىن جاپالىق
شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ئۇلار لوپنۇر تۇز كۆلىنىڭ ئوخشاش
بولمىغان ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان چوڭ تۇز كۆلى ئىكەنلىكىـ
ـنى، يەنى شىمالدىن جەنۇبقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمالىي لوپنۇر ئويـ
ـمانلىقى، كارىدور رايونى ۋە لوپنۇر يېڭى كۆل رايونىدىن (1972-
يىلىدىن بۇرۇن بۇ يەردە سۇ بار ئىدى) ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنـ
ـدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ جايدىكى تاش تۇزلار ئاساسەن شىمالىي
لوپنۇر ئويمانلىقى ۋە كارىدور رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي
لوپنۇر ئويمانلىقى 1300 كۋادرات كىلومېتىر؛ كارىدور رايونى
5600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىكەن، ئومۇمىي يەر مەيدانى 7000
كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىكەن، يەنى ئۇنىڭ كۆلىمى 5856 كۋادـ

رات كىلومېتىرلىق سارخان تۇز كۆلىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

لوپنۇر تۇز كۆلى قۇرۇغان تۇز كۆل بولۇپ، يەر ئۈستىدە تۇز قاتلىمى يوق ئىكەن. لېكىن 2 — 11 مېتىرغىچە قېزىلسا تۇز چىقىدىكەن. 30 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان گەج قاتلىمىدىن سۇپسۇزۇك سۇ چىقىدىكەن. لوپنۇر تۇز كۆلى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا تۇز كۆللەرگە قارىغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. كېيىنرەك قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇر يېڭى كۆل رايونىدا تاش تۇز چۆكمىلىرىمۇ، سۇمۇ يوق. مانا بۇ لوپنۇر يېڭى كۆل رايونىنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى سۇ يىغىلىدىغان نۇقتا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، كارىدور رايونىنىڭ سىرتقى تۇزۇلۇشى سۇنئىي ھەمراھتىن ئېلىنغان خەرىتىگە قارىغاندا ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن. بۇنداق ئۆزگىچە ئەھۋال ھېچقانداق يەردە يوق ئىكەن. شىمالىي لوپنۇر ئويمانلىقى بىلەن كارىدور رايونى قەدىمكى تۇز كۆل ئىكەن، ئەمما شىمالىي لوپنۇردىكى تۇز كۆلى قۇرغاق تۇز كۆلى بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ بۇ رايوندىن تاتلىق سۇ چىقىپ تۇرغان ئىكەن. شۇڭا، تاش تۇز قاتلىمى چۆكمىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان.

ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر لوپنۇر تۇز كۆلىدىكى زور بايلىقتىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئىستىقبالى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، لوپنۇر تۇز كۆلىدە ئىقتىسادىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كالىيلىق تۇز بايلىقى ناھايىتى مول ئىكەن. تۇز كۆلىنىڭ تەركىبىدىكى كالىينىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ، بىر لىتىر تۇزدا 10 گرام كالىي بار ئىكەن. بۇ ھازىر ئېچىلىۋاتقان سارخان تۇز كۆلى تۇزىدىكى كالىي مىقدارىغا تەڭ كېلىدىكەن. ئېلىمىز كالىي بايلىقى كەمچىل دۆلەت، مۇبادا لوپنۇردىكى كالىي تۇز بايلىقى كەڭ قېزىلىپ پايدىلىنىلىدىغان بولسا، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ كالىيلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشىغا زور تەرەققىيات ئېلىپ كېلىدۇ.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سافار خانلىقى

سافار خانلىقى IX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان فېئودال خانلىق بولۇپ، بۇنى سافار ئىسىملىك كىشى قۇرغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا «سافار خانلىقى» دەپ ئاتالغان.

IX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىستان (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى) دا ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش پارتلىغاندا، سافار كۈرەشنىڭ يولباشچىسى بولغان. ئۇ 861 - يىلى سىستان ئارمىيىسىنىڭ سەركەردىسى (قوماندانى) بولغان. بەزى تارىخىي كىتابلاردا سافار خانلىقى مۇشۇ يىلى قۇرۇلغان دېيىلىدۇ.

سافار خانلىقى ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆزلىرى قۇرغان تۇنجى خانلىق ھېسابلىنىدۇ. خەلق قەھرىمانى سافار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئاباسىلار خەلىپىلىكىگە بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئەينى دەۋردە سافارنىڭ ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئاباسىلار خەلىپىلىكىگە قارشى تۇرۇش، مۇستەقىللىق، ھۆرىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان.

سافار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئامۇر ۋەلىئەھدى بولغان. سافار خانلىقى يەنىلا ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالمىغان. 884 - يىلى ئامۇر ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلگەن ۋە سىستانغا قايتۇرۇۋېتىلگەن. لېكىن، ئۇ پۇرسەت بولسىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان. تاشىر خانلىقى سافار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدە خەلىپە ئاباس ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گۈللىنىۋاتقان كۈچلەرگە قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن سافار خانلىقىدىكى ئامۇرنىڭ سامانىيلار خانلىقىدىن زېمىننى تارتىۋېلىشىغا يول قويۇ-

غان، يەنە بىر تەرەپتىن سامانىيلار ئىسمائىلنى ئۆزىنى قوغداشقا قۇترىتىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا قىرغىن قىلدۇرغان. 900 - يىلى ئىسمائىل سافار خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ ئامۇرنى ئەسىر ئالغان. ئامۇر خەلىپىنىڭ يارلىقى بىلەن باغدادقا يالاپ ئاپىرىلىپ قەتل قىلىنغان. تارىخىي كىتابلاردا سافار خانلىقى 903 - يىلى مۇنقەرز بولغان دېيىلىدۇ.

## «ئۇدۇن» دېگەن نام توغرىسىدا

«ئۇدۇن» خوتەننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولۇپ، هازىرقى «خوتەن» («和田») چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن خەنزۇچە نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە كۆپىنچە «ئۇدۇن» (于阗) دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا ئالىمى، تەرجىمان، سەيياھ شۈەنزاڭ يازغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا ئەينى زاماندىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ نەپىس تىلدا ئۇدۇن «قۇستانا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئاۋام تىلىدا بولسا «ۋاتخانا» دۆلىتى دېيىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «ھونلار ئۇدۇن، غۇزلار خوتەن، ھىندىلار چۇدەن دەپ ئاتايدىكەن. ئىلگىرى ئۇدۇن دەپ ئاتىلاتتى، بۇلار خاتادۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. XI ئەسىردە ئۆتكەن تۈركشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا «ئۇدۇن» دېگەن سۆزنى كىرگۈزگەن ھەمدە بۇ سۆزنى مۇنداق يەشكەن: «خوتەن شەھىرىنىڭ نامىنى خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ 〈Udun〉 دەپ ئاتايدۇ». نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە «Khotan» (خوتەن) ياكى «Kustana» (قۇستانا) دېگەن ئىككى خىل شەكىلدە پۈتۈلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «Udun» ئۇدۇن دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ، بۇلار شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى بىلەن بىردەك. دېمەك، خوتەننىڭ بۇ ناملىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تاۋۇشلارنى

ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «ئۇدۇن» دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ. چىن ۋە خەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى ئەپسانىۋى تۈس ئالغان قەدىمكى كىتابلاردا كۆئېنلۇن تېغى ۋە ئۇنىڭدىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. «ئۇدۇن» دېگەن نام ئەڭ بالدۇر «تارىخنامە پەرغانە تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «... شىمالىدا سوغدىيانا، غەربىدە ئۇلۇغ توخرىيلار، غەربىي جەنۇبىدا باكتېرىيە، شەرقىي شىمالىدا ئاسىيۇ، شەرقىدە ئۇزۇن تات، ئۇدۇن بار» دەپ بايان قىلىنغان. ئۇدۇننىڭ جۇغراپىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى رايونلاردا سۇ غەربكە ئېقىپ بالقاش كۆلىگە؛ شەرقىتىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ تېتما كۆل (لوپنۇر كۆلى) گە قۇيۇلىدۇ. لوپنۇرنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. ئېقىننىڭ ئايىغى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى، دەريادىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. خۇاڭخې ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە قاراپ ئاقىدۇ». يۈەن سۇلالىسى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئارىلىشىپ ياشىغان دەۋرى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ئالماشتۇرۇشى ئىنتايىن كۆپ بولغان. «خوتەن» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ كۆپ مەنبەلەشكەن. مەسىلەن، «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە «ۋۇدۇن»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «ۋۇدۇن»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «ۋۇدۇن»، «غەربىي شىمال زېمىنى توغرىسىدا قوشۇمچە خاتىرىلەر» ۋە «يۈەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىلىك قامۇسى» دا «خوتەن» دەپ يېزىلغان. يەنە كودۈەن، ئېدۈەن دەپمۇ يېزىلغان. بۇ ئاھاڭ تەرجىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئەدىبلەر يەنىلا ئۇدۇن سۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاھاڭ تەرجىمىسى «يۈتيەن» نى تاللىۋالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خېتيەن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 1959-يىلى « 闐 » خېتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، « 田 » (تيەن) قىلىپ

يېزىلغان.

«ئۇدۇن» (ياكى «خوتەن») دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە تاڭ دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: «يەر ئەمچىكى» دېگەن قاراش؛ «كالىلىق» دېگەن قاراش؛ «كۈچتۇڭگۇر» دېگەن قاراش؛ «گۈلباغ» دېگەن قاراش؛ «قاشتېشى ماكانى» دېگەن قاراش؛ «ئۈزۈم» دېگەن قاراش. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئاساسلىرى بار.

1. «يەر ئەمچىكى» دېگەن قاراش

بۇ، شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، تىبەتچە ۋەسىقە «ئۇدۇن دۆلىتىدىكى راھىبلارغا نام - ئەمەل بېرىش رىسالىسى» ۋە «ئۇدۇن بۇددىزم تارىخى» قاتارلىق مەنبەلەردىن كەلگەن. شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە قۇستانا دۆلىتىنى «تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر يەر ئەمچىكى دەيدۇ» دېگەن. بۇ قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىدىكى بىر رىۋايەتتىن كەلگەن بولۇپ، شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە يېزىپ قالدۇرغان رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: شەرقىي ئەلنىڭ شاھزادىسى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قېلىپ، ئۇدۇن زېمىنىغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. ئۇ يولدا تاكساسىلار دۆلىتىنىڭ مۇساپىرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ بىر پەس قوراللىق ئېلىشىش نەتىجىسىدە يېڭىپ ئۆزىگە قوشۇۋاپتۇ. «پايتەختنى كۆچۈرۈپ شەھەر بىنا قىلىپ، دۆلەت قۇرۇپ، ئەلنى خاتىرجەملەندۈرۈپتۇ. بۇ ئىشلار پۈتكەندە ئۆزىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ، لېكىن پەرزەنت كۆرمەپتۇ. نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋايىسىراۋاتا ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، پەرزەنت تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتنىڭ پېشانىسىدىن بىر بوۋاق چىقىپتۇ. ئۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. بۇنى ئەل - خالايىق مۇبارەكلىشىپتۇ. لېكىن، بالا سۈت ئەممەپتۇ. ئۇ بالىنىڭ ئەي بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، يەنە ئىلاھ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، ۋايىسى-

ـراۋانادىن بالىنى قانداق بىقىشنى سوراپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەر تۇپۇقسىز پولتىيىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ شەكلى بەئەينى بىر ئەمچەككە ئوخشايدىكەن. بۇ خىسلەتلىك بالا ئۇنى ئىمىپ چوڭ بولۇپتۇ. ئۇ يەر ئەمچىكىنى ئىمىپ چوڭ بولغاچقا، دۆلەت نامىمۇ 〈يەر ئەمچىكى〉 دېيىلىپتۇ.»

تىبەتچە تارىخي ماتېرىياللاردا «يەر ئەمچىكى» دېگەن سۆز «Sa — nu» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇمۇ خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسىدۇر. «ئۇدۇن دۆلىتىدىكى راھىبلارغا نام ـ ئەمەل بېرىش رىسالىسى» دە قەيت قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «دارما ئاسوكا (Dlarmaasoka) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 13 ـ يىلى ئۇنىڭ خانىكىسى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. رەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ بالا كەلگۈسىدە شاھـ نىڭ تەختىنى تارتىۋالىدۇ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۇنى تاشلىۋېـ تىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. خانىكە بۇ بالىنى تاشلىۋەتمىسە، پادىـ شاھنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، شاھزادە تاشلىۋېتىلگەن چاغدا يەردىن بىر ئەمچەك پەيدا بولۇپ سۈتى بىلەن باققاچقا، شاھزادە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا قۇستانا (Kustana) يەنى 〈يەر ئەمچىكى〉 دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.»

«ئۇدۇن بۇددىزم تارىخى» دا تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىـ سى» دىكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەر ئەمچىكى ئاسۇكا خانىـ نىڭ ئوغلى دېيىلگەن. زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار «قۇستاـ نا» («Kustana») سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، «Kustana» نىڭ ئۇدۇل تەلەپپۇز قىلىنىشى «Ku» يەر، «Stana» ئاياللارنىڭ ئەمچىـ كى دېگەنلىك. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندە «يەر ئەمچىكى» دېـ گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

2. «كالىلىق» ياكى «كالا ئەمچىكى» دېگەن قاراش

ۋات ئىسىملىك 51 ئالىم ئۆزىنىڭ «شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىـ

ـرىسى» ناملىق كىتابىدا «Y — tien Chu — tam» قاتارلىق تەلەپپۇز-
دىكى سۆزلەر ئەمەلىيەتتە Godan (گودان) ياكى Gotnan (گوتنان)
غا ئوخشاش ناملارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ تېخىمۇ
ئېنىق قىلىپ، بۇ شەكىللەر ئالدى بىلەن تۈركىي تىللار تەركىبىدە
پەيدا بولغان، كېيىنچە ھىندىستاننىڭ شېۋىلىرىدە كۆرۈلگەن، ئۇنىڭ
مەنىسى «كالا باقىدىغان يايلاق» ياكى «كالا باقىدىغان جاي» دېگەنلىك
بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىبەت تىلىدىمۇ
ئۇدۇن Li — Yul دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «Li دۆلىتى»
دېگەنلىك بولىدۇ. «Li» قوتاز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇمۇ
يۇقىرىدىكى ئاتاشلارنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. ئېلىمىزدىمۇ بەزى-
لەر ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ، شۆەنزاڭ خاتىرىلەپ قالدۇرغان
سانسكرىتچە تەلەپپۇزدىكى «كۇستانا» نى ئەسلىدىكىسىگە ئۇدۇللاپ
Kustana دېمەسلىك كېرەك، پەقەت ئىككى سانسكرىتچە سۆزلا ئۇ-
نىڭغا ماس كېلىدۇ: بىرى Gostana (گوستانا)، يەنە بىرى Gostan
(گوستان). لېكىن، بۇ ئىككىلا سۆزنىڭ «يەر ئەمچىكى» دېگەن
مەنىسى يوق. ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈلگەن بىرىنچى سۆزنىڭ ئەسلىي
مەنىسى «كالىلىق»، ئىككىنچى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «كالا سۈ-
تى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار شۆەنزاڭنىڭ بۇ ئىككى
قوشما سۆزنىڭ ئالدىدىكى بىر تەركىب Go (كالا) نى تاشلىۋېتىپ،
كېيىنكى تەركىبى stana (يەر) بىلەن stana (ئەمچەك) نى بىرلەشتۈ-
رۈپ قۇراشتۇرۇپ چىقىش پۈتۈنلەي «يەر ئەمچىكىنى ئېمىپ چوڭ
بولغانلىقتىن، ئۇ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان» دېگەن بىمەنە رىۋايەتكە
پۈتۈنلەي زورمۇزور ئوخشىتىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، «كۇستانا» دېگەن
سۆزنىڭ مەنىسى «كالىلىق» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. خوتەن-
لىك بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زاتلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتى-
دىغان قاراشلىرى بار، يەنى Khotan n نىڭ ترانسكرىپسىيىسى تۈرك
تىلىدا Kotan دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «قوتان» دېگەنلىك بولىدۇ،
دېيىشىدۇ. لېكىن، بۇنداق قوتان ئادەتتە قوي سولاشقىلا ئىشلىتىلى-

دۇ. فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پىللىئوت يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشنى ئىنكار قىلىپ، ۋاتىنىڭ تۈركىي تىل شەكلىدىكى سۆز دېگىنى ئويدۇرما، Gostana سۆزى يەنىلا «يەر ئەمچىكى» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3. «كۆچتۆگۈر» دېگەن قاراش

چەت ئەللىك بەزى ئالىملارنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇدۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى hu — vat — ana بولۇپ، مەنىسى «كۆچتۆگۈر» دۇر. قەدىمكى دەۋردىكى ئۇدۇنلۇقلار («سانسكرىتچىمۇ بولمىغان، خەنزۇچىمۇ بولمىغان») ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساكلار قوللانغان تىل بىلەن ئوخشاش. شۇڭا، ئۇدۇننىڭ يەرلىك ئاھالىسى ساكلاردىندۇر. ساك (saka) دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى «sak» نىڭ مەنىسى «كۆچلۈك» دېگەنلىك بولىدىكەن. «ئۇدۇن» دېگەن نام ئومۇمەن مۇشۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

4. «گۈلباغ» دېگەن قاراش

خەنزۇچە قەدىمكى كىتاب «سانسكرىت تىلىنىڭ تەرجىمىسى» ناملىق ئەسەردە (Yu — tien) دېگەن سۆز ئۇديانا (Udyana) دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە مەنىسى «ئارقا ساراي» دەپ ئىزاھلانغان. پىللىئوت سانسكرىتچە Udyana سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «مېۋىلىك باغ» ياكى «گۈلباغ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

5. «قاشتېشى ماكانى» دېگەن قاراش

بۇ قاراشنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغۇچى رۇسىيىلىك دوكتور بۇشىر، لېكىن ئۇنىڭ دەلىلى كۈچلۈك ئەمەس. كېيىن ياپونىيىلىك دوكتور شىراتورى كۈركىچى ئۇنىڭ قاراشلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دەلىللەش ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇدۇن» سۆزى تىبەتچە بولۇپ، تىبەت تىلىدا «قاشتېشى» (yu) gyu دېيىلىدۇ. قەدىمكى تىبەتلەر (يۇ) تاۋۇشنى Khu ياكى gu دەپ

تەلەپپۇز قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «يۇ 于 » سۆزى «قاشتېشى»
دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە تىبەت تىلىدا شەھەر - يېزىلار «tong»
دېيىلىدۇ. بۇ tan گە ماس كېلىدۇ. شۇڭا، «خوتەن» ياكى «ئۇ-
دۇن» نىڭ مەنىسى «قاشتېشى شەھىرى» ياكى «قاشتېشى ماكانى»
دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەر قاشتېشى چىقىدىغان مەشھۇر جاي بولغاچقا،
مەنتەقىگە ئۇيغۇندۇر.

6. «ئۆزۈم» دېگەن قاراش

فرانسىيە ئالىمى لېۋى مۇنداق قارايدۇ: تاڭ دەۋرىدىكى شۇەنزاڭ
قوللانغان «كۇستانا» ئاتالغۇسىدىكى «چۇ» تاۋۇشىنى Ku ياكى Ko
دەپ ئوقۇماي، ئەسلىي تاۋۇشى بويىچە «qu» (چۇ) دەپ ئوقۇش
كېرەك. ھىندىچە لۇغەتتە qustani، يەنى Kustan، qustani نىڭ
مەنىسى «ئۆزۈم» دېيىلگەن.

ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەندۈرۈشلەر
ئومۇمەن يۇقىرىقىلار بولۇپ، سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن تىل تۈرى:
سانسكرىت تىلى، ساك تىلى، تىبەت تىلى، تۈرك تىلى، ئۇيغۇر تىلى
قاتارلىق بەش تۈرلۈك قاراشلار ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى «يەر
ئەمچىكى» دېگەن قاراش بولۇپ، ھازىرغىچە بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەر-
قانداق بىر قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تېخى تەس.

## ئۈچتۇرپان

ئۈچتۇرپان ئاتالغۇسى «ئۈچ» ۋە «تۇرپان» دېگەن ئىككى سۆز-
دىن ياسالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئۈچ مەشھۇر بىر شە-
ھەرنىڭ نامى» دېيىلگەن. «ئۈچ» ھازىرقى ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى
نامى. XVIII ئەسىردە ئۈچتا يۈز بەرگەن «جىگدە يېغىلىقى» دىن كې-
يىن، ئۈچ خەلقى قاتتىق قىرغىنچىلىقتا ئۇچراپلا قالماي، بىر قىس-
مى ئىلى قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئاندىن بۇ يەرگە
تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «ئۈچتۇرپان»
دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئۈچتىكى تۇرپانلىقلار»

دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر ئۈچتۇرپاندا پىچان، تۇيۇق، قارا غوجا... ناملىرىنىڭ بولۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

## «يەكەن دەرياسى» نىڭ نامى

يەكەن دەرياسى قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ، تاشقورغان، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتە ئاقسۇ، خوتەن دەريالىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1078 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يەكەن دەرياسىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «خوتەن قاراڭغۇ تاغ (كوئېنلۇن تېغى) نىڭ ئاستىدا، دەريالىرى شىمالغا ئېقىپ، پامىر (كۆكئارت) دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، لوپنۇر كۆلى ( 浦昌海 ) (قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئاتىلىشى) گە قۇيۇلىدۇ» دېيىلگەن. «تاغ - دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەرگە ئىزاھات» تا: «دەريا جىسار ( 圾沙 ) جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى شەرققە ئېقىپ... سارىقول (قەدىمكى تاشقورغاننىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئاتىلىشى) بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ. يەنە شەرققە ئېقىپ گۇما بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ» دېيىلگەن. گۇما بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەن بۇ دەريا جەنۇبىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، «شەرقتە يەنە خوتەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ». «قامۇسنامە» دە پامىر (كۆكئارت) دەرياسى دەپ ئاتالغان دەريا دەل جەنۇبىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر جەنۇبىي دەريا مەۋجۇت ئەمەس. «پامىر دەرياسى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دەرياغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇبىي بۆلىكى يەكەن دەرياسى، شىمالىي بۆلىكى قەشقەر دەرياسىدۇر» دېيىلگەن. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىۋاتقان شەرققە ئېقىپ خوتەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ

لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ۋە تاشقورغان بىلەن گۇما بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتكەن دەريا باشقا دەريا بولماستىن، دەل ھازىرقى يەكەن دەرياسىدۇر.

«جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلەر توپلىمى» دا يەكەن دەرياسىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى نامى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ دەريا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 316 - يىلىغىچە) پامىر (كۆكئارت) دەرياسى، سۈي سۇلالىسى دەۋرى (581 — 618 - يىللار) دا جەنۇبىي دەريا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (518 — 907 - يىللار) دا شىدۇ ( 涉多 ) دەرياسى، بەش دەۋر ۋە ئون پادىشاھلىق دەۋرى (907 — 979- يىللار) دا يالى ( 雅勒 ) دەرياسى، جىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىرى دەۋرى (1115 — 1279 - يىللار) دا يەكەن ( 雅儿看 ) دەرياسى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 — 1644- يىللار) دىن باشلاپ يەكەن ( 叶儿看 ) دەرياسى دەپ ئاتالغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىدۇ دەرياسى ھەققىدە «ئوكيانوس» تا شىدۇ ( 涉多 ) قەدىمكى دەريا نامى، سىتو ( 斯陀 ) دەرياسى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. قەدىمكى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى چوڭ دەريالارنىڭ ھەممىسى قارلىق تاغ (ھازىرقى ھىمالايا تېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ) دىن تۆت تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. شىمالغا ئاققان بىر بۆلىكى بولسا شىدۇ دەرياسىدۇر〉 دەپ قارىلىدۇ. كېيىن جۇڭگو بىلەن غەربىنىڭ قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىدۇ دەرياسى ھازىرقى يەكەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى دەپ ئاتالغان ھەم خاتا ھالدا سېرىق دەريا ( 黄河 ) نىڭ مەنبەسى دېيىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى» دا تور ( 涉多 ) دەرياسىغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: تور دەرياسى «شىدۇ ( 涉多 ) دەرياسى» دېيىلىدۇ. «بۇ دەريا بۇددا مەنبەلىرىدە 私他 ، 私多 ، 斯多 دەپ

ئاتالغان. 〈sita〉 بولسا هازىرقى يەكەن ۋە تارىم دەرياسىنىڭ سانسك-
رىتچە نامىدۇر» . ئوخشاشلا «سانسكرىتچە - خەنزۇچە سۆزلۈك»
تىمۇ «sita» سۆزى ئىزاھلىنىپ: «بۇ دەريا سىرىققول (تاشقورغاند-
نىڭ يەنە بىر نامى) نىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىپ، هازىرقى يەكەن
دەرياسىنى شەكىللەندۇرىدۇ» دېيىلىدۇ.
دېمەك، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، يەكەن دەرياسى ئەڭ قەدىم-
كى دەۋرلەردىن باشلاپ پامىر (كۆكئارت) دەرياسى، تور (سانسك-
رىتچە sita) دەرياسى، يارلى دەرياسى دېگەن نامالار بىلەن ئاتىلىپ
كەلگەن. ئەمدى ئۇنىڭ «يەكەن دەرياسى» دېگەن نامىنىڭ قانداق
بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال «يەكەن» دې-
گەن نام ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى ۋە 119 - يىلى غەربىي خەن
سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان ئىككى
قېتىملىق سەپىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى چۈ-
شەنچىسى چوڭقۇرلىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ھەققىدە
بىرقەدەر توغرامەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى
36 بەگلىك ئىچىدە سارلىق ( 莎车 ) بەگلىكىنىڭ ئورنى هازىرقى
يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىدى. بۇ يەردىكى 莎车 نامى «خەننامە،
غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن. هازىرقى ۋا-
قىتتىمۇ يەكەن ناھىيىسى شۇ ئىككى خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلى-
نىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا، خەنزۇ تىلىدىكى بۇئىككى خەت-
تىن مەيلى ترانسكرىپسىيە قىلىنىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنە
جەھەتتىن بولسۇن، ھېچقاچان «يەكەن» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. دې-
مەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ماتېرىياللاردا 莎车 دېگەن بۇ نام
ئۈچرىسىمۇ، ئۇنى هازىرقى يەكەن دەپ قاراش ئورۇن جەھەتتىن
توغرا دەپ قارالغاندىمۇ، نام جەھەتتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.
«يەكەن» دېگەن بۇ نام گەردىزىنىڭ 1050 - يىلى يېزىلغان «زەينۇل
ئەخبار» دېگەن كىتابىدا ۋە بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈر-

كىي تىللار دىۋانى» دا ھەقىقىي ۋارىئانتى بولغان «يەركەنت» بىلەن تىلغا ئېلىنغان.

بىزگە مەلۇمكى، يەر ـ جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ جاينىڭ ئاچقۇچىسى، قەھرىمانلىرىنىڭ نامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. دەريالار مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، سىرىق دەريا، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قىزىل دەريا دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، بۇ دەريا «يەكەن» (يەركەنت) دېگەن يۇرت نامى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يۇرتنى غەربىي جەنۇبتىن شەرققە يايسىمان ئوراپ ئاققاچقا، شۇ يۇرتنىڭ نامى بىلەن «يەكەن دەرياسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ دەريانىڭ يەكەن يۇرت ئىچىگە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسمى يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «زەرەپشان دەرياسى» دېيىلسە، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن ئۆتكەن قىسمى «دولان دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» دا: «مۇنداق زەرەپشان نامىدىكى دەريادىن ئىككىسى بار. بىرى، قەدىمكى «سوغد (sogd) دەرياسى، يەنە 〈سۇينامە〉 دىكى نامى (那密) دەپ كۆرسىتىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەرەپشان دەرياسى، يەنە بىرى يەكەن دەرياسىنىڭ يەنە بىر نامى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

# IV مەشھۇر شەخسلەر

## ئابدۇرەھمان جامى

نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى (1414 — 1492 - يىللار) مۇتەپەككۇر شائىر، ھۆرىيەتپەرۋەر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، مەشھۇر سوفىزم يولباشچىسى ۋە پەيلاسوپىدۇر. ئۇنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيىتى XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىدۇر.

جامى خۇراسان (ھازىرقى ئىران دائىرىسىدە) نىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسپاھان شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرى (ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە) گە كېلىپ ماكانلاشقان. جامى دەسلەپتە نىزامىيە مەدرىسەسىدە تاجىك تىل - ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي يەتتە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ، ھەمەدان، كوردىستان، باغداد، مەككە، دەمەشىق، تەبرىز، ئىران ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان. ئۇ يەرلەردە ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشقان، دانىشمەنلەرنى زىيارەت قىلغان. يازغۇچى، شائىرلار بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەت بولغان ۋە ئاتاقلىق سوپىستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇزاق يىللىق ساياھەت جەريانىدا ئۇ تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرگە، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان.

جامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى. ئۇ سوپىزم ئەقىدە ـ تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق ـ تەرغىب قىلغانلىقى، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن دەستۇرلارنى يازغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ قېيناتىسى سەدرىددىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سوپىزمنىڭ يولباشچىسى بولغان. شۇڭا، ئۇ 58 يېشىدا بىر قېتىم مەككىگە تاۋابقا بارغاندا، يول بويى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ، ھەر ساھە خەلقىنىڭ دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

جامى يەنە ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501 ـ يىللار) نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق خۇراسان شاھى ھۇسەيىن بايقارا (1469 — 1506 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

جامى ياشىغان دەۋر چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، تېمۇرىيلەر ئوتتۇرا ئاسىيا سەھنىسىگە چىققان بىر شارائىتقا توغرا كېلىدۇ. تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ۋەزىيەت بىرقەدەر ئوڭشىلىپ، مەدەنىيەت يېڭىۋاشتىن جانلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھىرات، سەمەرقەند، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە بىر قىسىم ئالىم، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەنىدى.

يۇقىرىدىكى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ئامىللار ئابدۇرەھمان جامىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تەفەككۇرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جامى ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت جەمئىي 100 پارچىغا يېقىن چوڭ ـ كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر جامىدىن كېيىن توپلىنىپ، «كۇللىياتى جامى» نامى بىلەن دۇنياغا تارالغان.

جامىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

«ھەفت ئەۋرەڭ» («يەتتە تەخت») «خەمسە جامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ نىزامى گەنجەۋى، خىسرەۋ دېھلىۋى خەمسىلىرىدىن كېيىن، شەرق خەمسىچىلىكى تارىخىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان 3ـ

خەمسە، يەنى جامى خەمسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھەفت ئەۋرەڭ» — «لەيلى - مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «سەلامان ۋە ئەبسال»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر سوۋغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» دىن ئىبارەت يەتتە چوڭ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«لەيلى - مەجنۇن» مۇھەببەت داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ.

«ئىسكەندەرنامە» داستانىدا شائىر پادىشاھ ئىسكەندەرنى ئادىل شاھلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، غايىۋى گۈزەل جەمئىيەتنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

«سەلامان ۋە ئەبسال» داستانىدا شائىر سەلامان بىلەن ئەبسالنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

«يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانى «خەمسە جامى» ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە شائىرغا شانۇشەۋكەت ئېلىپ كەلگەن لىرىك مۇھەببەت داستانى. بۇ داستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، شائىر «قۇرئان» ۋە «ئىنجىل» دىكى قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەش ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەنە بىرى، داستاننىڭ ۋەقەلىك لىنىيىسى مۇرەككەپ ۋە مەنتىقىلىق، پېرسوناژلىرى كۆپ، بەدىئىي سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوقۇغاندا كىشىگە بىرخىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ. داستاننىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسلىقى شۇ يەردىكى، باش پېرسوناژ يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ كەچۈرمىشلىرى زىددىيەتلىك بولسىمۇ، شائىر ئاخىرىدا ئەپچىل بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق بۇ ئىككى شەخسنى ئويلىمىغان يەردە ئۇچراشتۇرىدۇ. داستان يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ جۈپلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ نۇقتا رېئال تۇرمۇشتا كىشىگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

سوپىستىك داستانلاردىن جامىنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر

سوۋغىسى» ، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ داستانلاردا ئاساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدە ـ تەلىماتلىرى ئوخشىمىغان جەھەتلەردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا، بۇ ئۈچ داستان سوپىزمچىلار ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىغان.

جامىنىڭ «باھارىستان» («باھارىستانى جامى») ناملىق نەسرىي ئەسىرى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن XV ئەسىر نەسرچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن سەئدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق داڭلىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان.

«ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى» سوپىزم ئېقىمى تارىخىدىكى 600 دىن ئارتۇق مەشھۇر سوپىستلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى سوپىزم ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ھىرات تارىخى» جامىنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ھىرات شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى، قەدىمكى تارىخىي تەرەققىياتى، ھىراتتا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا شەرھلەنگەن.

جامىنىڭ يەنە «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە» ۋە «شېئىرىيەتنامە» قاتارلىق مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بار. بۇلار كلاسسىك مۇزىكا ۋە كلاسسىك شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا مۇھىم نەزەرىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

«ئەۋلىيا شائىر» دەپ سۈپەتلەنگەن جامىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مىسرالىق رۇبائىي، غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىسىنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە ئايان.

## ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە خاقانلىرى

ئالتۇن ئوردا خانلىقى جوجى ئۇلۇسىدىن بولغان فېئوداللىق

تۆزۆمدىكى دۆلەت. XIII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا كەڭ ـ بىپايان
قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا زېمىنلىرىنى موڭـ-
غۇللارنىڭ بېسىۋېلىشى ئاساسىدا قۇرۇلغان. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىـ
غىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ئالتۇن ئوردا ئۆز تەركىبىدىكى خەلقلەرنىڭ
تارىخىي تەرەققىياتى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بىر خانلىق بولماسـ
تىن، باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش، خەلقلىرىنى قۇل قىـ
لىش، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش ھېسابىغا قۇرۇلغان خانلىقتۇر.
موڭغۇل قوشۇنى 1223 ـ يىلى دەشتى قىپچاقنى بېسىۋېلىپ، قالقا
دەرياسى بويىدا رۇس كىنەزلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق
غەربكە ئىلگىرىلىدى. جۇجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، چىڭگىزخاننىڭ
نەۋرىسى باتۇخان قوماندانلىقىدا موڭغۇللار رۇس ئېلىنىڭ كۆپ يەرـ
لىرىنى بېسىۋالدى (1236 — 1241)، شۇنىڭدەك پولشا، ۋېنگرىيە
ۋە دالماتسىيالارنىمۇ بېسىۋالدى. گۇرجىستاننى يېڭىپ، كاپكازنىڭ
قىسمەن خەلقلىرىنى بويسۇندۇردى. ئالتۇن ئوردىنىڭ چېگرىسى ئىرـ
تىشتىن دېنىستىرگىچە سوزۇلدى. شەرقىي ياۋروپادا ئۇنىڭغا ئىدىل
بۇلغارلىرى يېرى، دەشتى قىپچاق، قىرىم، دەربەنتكىچە، شىمالىي
كاپكاز (باكۇ) غىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆرگەنچ، شىمالىي خارەزم،
سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى بويىدىكى ئايماقلار پۈتۈنلەي قارىدى.
ئالتۇن ئوردىنىڭ پايتەختى ئىدىل دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىدىكى (ھاـ
زىرقى ساراتوۋدىن ئاستىراخانغىچە) ساراي شەھىرى ئىدى. ئۇزاق
ئۆتمەي بۇ شەھەر ئاسىيادىن ياۋروپاغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى
يىرىك سودا مەركىزىگە ئايلاندى.

ئالتۇن ئوردىلىقلار ئېتنىك جەھەتتىن ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىـ
لىق قىلىدىغان ئىدىل بۇلغارلىرى، شەھەر قىپچاقلىرى، رۇسلار،
ئەرمەنلەر، يۇنانلىقلار، قەدىمكى خەزەرلەر بىلەن ئالانلارنىڭ ئەۋلادـ
لىرى، خارەزملىقلار ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركىي
تىلدىكى قىپچاق، قاڭلى، ئارغىن، نايمان، قوڭرات، كەرەيلەردىن
ئىبارەت ئىدى. دەشتى قىپچاق ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئىدىل بويىدىكى

كۆچمەن موڭغۇللار ئازچىلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئالتۇن ئوردىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچى قىپچاق قوۋملىرى ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ غەربىدىكى يەرلەر چوڭ ئوغلى جۇجىغا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، باتۇ تەرىپىدىن بىسۇۋىلىنغان ئەللەر «جۇجى ئۇلۇسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۇلۇس ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بالقاش ۋە ئارال كۆللىرى ئارىسىدىكى جايلار بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەر باتۇنىڭ ئاكىسى ئوردىغا بېرىلدى ۋە «ئاق ئوردا» دەپ ئاتالدى. باتۇخانغا تەگكەن يەرلەر «جۇجى ئۇلۇسى» ياكى «كۆك ئوردا» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالدى. قانۇنىي جەھەتتىن قارا قورۇمدا «قاغان» سۈپىتىدىكى موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىغا باغلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بىر ھۆكۈمدار بولغان باتۇخان دۆلىتىنى موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىدىكى ئاساس ۋە پرىنسىپلار بويىچە تەرتىپكە سالدى ۋە ئۆزى «ھۆرمەتلىك خان» دەپ ئۇنۋان ئالدى.

ئەسىردىن باشلاپ ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن چىققان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە دۆلەت ئاجىزلاشتى. XIV ئەسىر ئاخىرىدا تۆمۈرلەڭ ۋە موسكۋا كىنەزى دىمىترى دونسكوينىڭ ھۇجۇملىرى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى زەئىپلەشتى ھەمدە نۇرغۇن مۇستەقىل بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. 1480 - يىلى موسكۋا كىنەزلىكى مۇستەقىل بولدى. زەئىپلەشكەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى 1502 - يىلى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى. پايدىلانغان ماتېرىياللاردا بۇ خانلىقتا سەلتەنەت سۈرگەن خانلار ۋە ئۇلارنىڭ سەلتەنەت يىللىرىدا قىسمەن ئوخشىماسلىقلار بار. شۇڭا، «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» دېگەن كىتابتىكى شەجەرە ئاساس، باشقا كىتابتىكىلەر قوشۇمچە قىلىندى.

1. جۇجى خان. چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى. 1223 - يىلى تەختكە چىققان. تۆت يىل سەلتەنەت

سوروپ، 1227 - يىلى ئۆلگەن.

2. باتۇخان. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، جوجىنىڭ ئوغلى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى. 1227 - يىلى تەختكە چىققان. 29 يىل سەلتەنەت سوروپ، 1256 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

3. سارتاق خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى خانى. 1256 - يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل دەۋر سوروپ، 1257 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

4. ئۇلاقچى خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تۆتىنچى خانى. 1257 - يىلى تەختكە چىققان.

5. بەركەخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ بەشىنچى خانى. 1257- يىلى تەختكە چىقىپ، توققۇز يىل دەۋر سۈرگەن. 1266 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

6. مەنگۇ تۆمۈرخان. جوجى ئەۋلادى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئالتىنچى خانى. 1266 - يىلى تەختكە چىقىپ، 14 يىل دەۋر سۈرگەن. 1280 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

7. تۇدا مەنگۇخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يەتتىنچى خانى. 1266 - يىلى تەختكە چىققان، 14 يىل دەۋر سوروپ، 1280 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

8. تەلەبوغاخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى خانى. 1287 - يىلى تەختكە چىققان. ئۈچ يىل دەۋر سوروپ، 1290 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

9. توقتا (توختا) خان. جوجى ئەۋلادى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ توققۇزىنچى خانى. 1290 - يىلى تەختكە چىققان. 22 يىل دەۋر سوروپ، 1312 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

10. ئۆزبەگ خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 10- خانى، 1312- يىلى تەختكە چىققان. 29 يىل دەۋر سوروپ، 1341 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

11. تىنبەگ خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 11- خانى، 1341- يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1342 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

12. جانبەگ خان. ئۆزبەگ خاننىڭ ئوغلى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 12 - خانى. 1341 - يىلى تەختكە چىققان. 16 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1357 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

13. بەردىبەگ خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 13 - خانى. 1357 - يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل دەۋر سۈرۈپ، 1359 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

14. قۇلپاخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 14- خانى. 1359- يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1360 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

15. نەۋرۇزبەگ خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 15 - خانى. 1360 - يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل دەۋر سۈرۈپ، 1361 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

16. خىزىرخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 16 - خانى. بۇ خان توغرىسىدا بەزى ماتېرىياللاردا 1361 - يىلى تەختكە چىققانلىقىلا بېرىلگەن. قانچە يىل دەۋر سۈرۈپ، قاچان تەختتىن چۈشكەنلىكى بېرىلمىگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 1359 - يىلى تەختكە چىقىپ، 1361 - يىلى تەختتىن چۈشكەنلىكى بايان قىلىنغان.

17. تۆمۈر خوجا خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 17 - خانى. 1361 - يىلى تەختكە چىققانلىقى مەلۇم. قانچە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، قاچان تەختتىن چۈشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

18. ئابدۇللاھخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 18 - خانى. 1361 - يىلى تەختكە چىققان. بىرىيل دەۋر سۈرۈپ، 1362 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا 1362 - يىلى تەختكە چىقىپ، 1366 - يىلى تەختتىن چۈشكەنلىكى يېزىلغان.

19. كەلدىبەك خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 19 - خانى.

1362 ـ يىلى تەختكە چىققان. بەزى ماتېرىياللاردا 1362 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1363 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەنلىكى يېزىلغان.

20. مۈرىدخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 20ـ خانى. 1362ـ يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1363 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا 1361 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1363 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەنلىكى يېزىلغان.

21. ئەزىزخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 21ـ خانى. 1363ـ يىلى تەختكە چىققان. تۆت يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1367 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ خاننى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 24 ـ خانى، 1365 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1367 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلىدۇ.

22. جانىبەگ خان Ⅱ . ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 22 ـ خانى. 1367 ـ يىلى تەختكە چىققان. قانچە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، قاچان تەختتىن چۈشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 26 ـ خانى دەپ يېزىلغان.

23. پولات تۆمۈرخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 23 ـ خانى. 1367 ـ يىلى تەختكە چىققان. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 22 ـ خانى، 1362 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1365 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن.

24. بۇلاق خان (مۇھەممەد بۇلاق خانمۇ دېيىلىدۇ). ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 24 ـ خانى. 1367 ـ يىلى تەختكە چىققان. ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1370 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ خان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 26ـ خانى. 1370ـ يىلى تەختكە چىققان دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 27 ـ خانى دېيىلگەن.

25. تولۇنبېك خانىم. جۇجىنىڭ كىچىك ئوغلى شايبان خان

ئەۋلادى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 25 - خانى. 1370 - يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1372 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

26. ئىلبان خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 26- خانى. 1372- يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1374 - يىلى تەختتىن چۈشكەن.

27. ئالاخوجا خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 27 - خانى. 1374 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. قاچان تەختكە چىققان ۋە قانچە يىل سەلتەنەت سۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

28. ئورۇس خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 28 - خانى. 1374 - يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1376- يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 30 - خانى دېيىلگەن.

29. تۆمۈر مەلىك خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 29 - خانى. 1376 - يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1377- يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 37 - خانى دېيىلگەن.

30. توقتامىش خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 30 - خانى. بۇلاق خاندىن كېيىن بىرقانچە خان كېلىپ، شايبان نەسلى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، ئورۇس خان تەختكە چىقتى (ئورۇس خان جۇجى خاننىڭ توقاتىمۇر نەسلىدىن ئىدى). ئورۇس خان توقتامىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، توقتامىش يېڭىلدى. توقتامىش 1377 - يىلى ئاقساق تۆمۈرنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتۇن ئوردا تەختىگە ئولتۇردى. توقتامىش خان باتۇر، غەيرەتلىك، رەھىمدىل ۋە ناھايىتى سەلتەنەتلىك ئىدى. 1382 - يىلى سېنتەبىردە موسكۋا شەھىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، موسكۋا بۈيۈك كىنەزىنى (دىمىترىنى) ئۆلتۈردى. 1386 - يىلى يانۋاردا ئىرانغا باردى. تۆمۈرنى كۆزگە ئىلماي كۆرەڭ-

لىدى. تۆمۈر بىلەن 1390- يىلى بولغان چوڭ ئۇرۇشتا توقتامىش خان يېڭىلدى. 19 يىل سەلتەنەت سۈرگەن توقتامىش خان 1395- يىلىغا كەلگەندە تەختتىن چۈشتى. 1398 - يىلى لىتۋادىن باشپاناھ-لىق تىلىدى. 1405 - يىلى يانۋاردا ۋاپات بولدى. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 31 - خانى، 1380 - يىلى تەختكە چىقىپ، 1395 - يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 35 - خانى دېيىلگەن.

31. تۆمۈر قۇتلۇغ خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 31 - خانى. 1395 - يىلى تەختكە چىققان. بەش يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1400- يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقى-نىڭ 32 - خانى، 1395 - يىلى تەختكە چىقىپ، ئالتە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1401 - يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 36 - خانى دېيىلگەن.

32. شادىبەك خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 32 - خانى. 1400 - يىلى تەختكە چىققان. سەككىز يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1408 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 33 - خانى، 1401 - يىلى تەختكە چىققان. ئالتە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1407 - يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 38 - خانى دېيىلگەن.

33. پولات خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 33 - خانى. 1408- يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1410 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 34- خانى، 1407 - يىلى تەختكە چىققان، ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1410 - يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 39 - خانى دېيىلگەن.

34. تۆمۈرخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 34 -خانى. 1410- يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1411 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 35-

خانى، 1410 ـ يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1412 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 32 ـ خانى دېيىلگەن.

35. جالالىدىن خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 35 ـ خانى. 1411ـ يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1412ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 36ـ خانى، 1412 ـ يىلى تەختكە چىققان دېيىلگەن. قانچە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، قاچان تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 41 ـ خانى دېيىلگەن.

36. كەرىم بەردى خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 36 ـ خانى. 1412 ـ يىلى تەختكە چىققان. ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1414ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن، بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 37 ـ خانى دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 42 ـ خانى دېيىلگەن.

37. كىبەك خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 37ـ خانى. 1414ـ يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1415 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 38ـ خانى دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 43 ـ خانى دېيىلگەن.

38. قادىر بەردى خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 38 ـ خانى. 1415 ـ يىلى تەختكە چىققان. بىر يىل دەۋر سۈرۈپ، 1416 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن.

39. جاپپار بەردى خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 39 ـ خانى. 1416 ـ يىلى تەختكە چىققان. ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1419ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا 1417 ـ يىلى تەختكە چىققان، ئىككى يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1419 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقـ

نىڭ 44 ـ خانى دېيىلگەن.

40. ئۇلۇغ مۇھەممەد خان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 40 ـ خانى. 1419 ـ يىلى تەختكە چىققان. 16 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1435 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 41 ـ خانى، بىرىنچى قېتىم 1419 ـ يىلى تەختكە چىققان، بەش يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1424 ـ يىلى تەختتىن چۈشـكەن. ئىككىنچى قېتىم 1427 ـ يىلى تەختكە چىققان، توققۇز يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1436 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 46 ـ خانى دېيىلگەن.

41. سەييىد ئەھمەدخان I . ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 41 ـ خانى. 1435 ـ يىلى تەختكە چىققان. 30 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1465 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 44 ـ خانى، 1433 ـ يىلى تەختكە چىققان. 32 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1465 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن (ئوكرائىنادا خان بولغان) دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 49 ـ خانى دېيىلگەن.

42. سەييىد ئەھمەدخان II . ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 42 ـ خانى. 1465 ـ يىلى تەختكە چىققان. 16 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1481 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 47 ـ خانى، 1469 ـ يىلى تەختكە چىققان. 12 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1481 ـ يىلى تەختتىن چۈشكەن دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 51 ـ خانى دېيىلگەن.

43. سەييىد ئەھمەدخان III . ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 43 ـ خانى. 1481 ـ يىلى تەختكە چىققانلىقى مەلۇم، قانچە يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، قاچان تەختتىن چۈشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بەزى ماتېرىـياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 53 ـ خانى دېيىلگەن.

44. مۇرتازاخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 44ـ خانى. 1481ـ يىلى تەختكە چىققان. 18 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1499 ـ يىلى

تەختتىن چۈشكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 48- خانى دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 54 - خانى دېيىلگەن.

45 . شەيخ ئەھمەدخان. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 45 - خانى (ئاخىرقى خانى) . 1499 - يىلى تەختكە چىققان. ئۈچ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1502 - يىلى تەختتىن چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن 45 خان 1223 - يىلدىن 1502 - يىلغىچە 279 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى مۇنقەرز بولغاندى. شەيخ ئەھمەدخاننى بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 49 - خانى، 1481 - يىلى تەختكە چىققان. 11 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، 1502 - يىلى (ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى) تەختتىن چۈشكەن دەپ كۆر- سەتسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ 52 - خانى دەپ كۆرسىتىدۇ.

## ئەلچى ۋاڭ يەندې ۋە ئۇنىڭ «ساياھەتنامە» سى

سۇڭ دۆلىتىنىڭ 981 — 984 - يىللىرى تۇرپان ۋە بېشبالىققا كەلگەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىنتايىن قىممەتلىك ساياھەتنامىسىنى قالدۇرغان. بۇ ساياھەتنامە ناھايىتى خالىسلىق بىلەن يېزىلغان. ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ: شەھەردە (بېشبالىقتا) نۇرغۇن ئۆيلەر، قەلئەلەر، باغچىلار بار ئىكەن. ئۇي- غۇرلار ناھايىتى ئەقىل - پاراسەتلىك، خۇلق - مىجەزى ياخشى، ئەدەپلىك خەلق ئىكەن. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ھەرخىل نەپىس بۇيۇملارنى ئىشلەشتە، كۆلالچىلىقتا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەن، بۇ ماھارەتنى ئاللا شۇلارغا ئاتا قىلغاندەك... دەپ يازىدۇ. تۆۋەندە ۋاڭ يەندېنىڭ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى قىسقى- چە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى. ئەلچى ۋاڭ يەندې تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھاۋا شارائىتىغا قانداق ماسلاشقانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا: بۇ يۇرتتا نە يامغۇر، نە قار ياغمايدىكەن، ئىسسىق ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرپان ئۇيغۇرلى-

-رى ياز كۈنلىرى يەر ئاستىغا كولىۋالغان گەمىلەردە ياشايدىكەن، دەپ
يازىدۇ. ئەلچى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ: قۇشلار سۇ ئىچىش ئۈچۈن توپ
هالدا سۇ بويىغا كېلىدىكەن، ئەگەر قۇشلاردىن بىرەرسى توپتىن
ئايرىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلسە، قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدە يەرگە چۈشۈپ
كېتىپ، قاناتلىرى سۇنۇپ كېتىدىكەن، دەپ يازىدۇ. تۇرپاندا ئىس-
سىقنىڭ قاتتىق بولۇشى ئەمەلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تۇرپان
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى هاك بىلەن ئاقارتىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى
ئالاهىدە تىلغا ئالغان. ئەلچى تۇرپاندا بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ناهايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىپ سەل كېلىپ نۇرغۇن ئۆي ۋە زىرائەت-
لەرنى ئېقىتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ يازغان. ئەلچى تۇرپان ئۇيغۇرلىر-
نىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ تېرىقچىلىق
ئىشلىرىنىڭ ناهايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ كارىز
سۈيى بىلەن زىرائەت ۋە باغلار سۇغىرىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇن-
داقلا بۇ سۇ بىلەن تۈگمەنلەر ماڭدۇرۇلىدىغانلىقىنى يازغان. قوغۇن،
تاۋۇزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغانلىقىنى يازغان. بۇ يۇرتتا نوقۇت،
دادۇر، پۇرچاق قاتارلىق بەش خىل زىرائەت تېرىلىدىغانلىقىنى،
پەقەت «چياۋ مەي» (قارا بۇغداي) تېرىلمايدىغانلىقىنى، تۇرپان
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئالاهىدە كۆرسەتكەن، شۇن-
داقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋا يىپەك قۇرتىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىد-
غانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئەلچى ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئۈستىدىمۇ توختى-
لىپ، بۇ يۇرتتا ئاتنىڭ ناهايىتى كۆپلۈكىنى، قاغاننىڭ، خاتۇننىڭ،
شاهزادىلەرنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئات-
لىرى بارلىقىنى، ئاتلار 100 مىل يىراقلىقتىكى ۋادىدا يايلايدىغانلى-
قىنى يازغان. هەربىر ئات توپى بىر - بىرىدىن ئوخشىمىغان رەڭ،
ئوخشىمىغان جىنسلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالاهىدە
تىلغا ئالغان. ئايرىم رەڭ، ئايرىم جىنستا ئات يېتىشتۈرۈش زور
بىلىم ۋە تەجرىبە تەلەپ قىلاتتى. ئەلچى يەنە هەربىر ئادەم ئۆز مېلىغا

ئوخشىمىغان شەكىلدىكى تامغىلارنى باسىدىغانلىقىنى، ئاتلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆز تامغىلىرىغا قاراپ تېپىۋالىدىغانلىقىنى يازغان. ئەلچى ئاتلارنىڭ سانى توغرىسىدا «سانىنى ئاللا بىلەر» دەپ يازىدۇ.

بېشبالىق يايلاقلىرىدا ئوۋلاشقا بولىدىغان ياۋايى هايۋانلار ناهايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە تازقارا، بۇركۇت، قارچىغا قاتارلىق قۇشلارمۇ كۆپ ئىدى. قولغا ئۆگىتىلگەن بۇركۇتلەر بىلەن كېيىك، تۇلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار ئوۋلىناتتى. بۇنى كۆرگەن ئەلچى ناهايىتى هەيران قالغانىدى. ئەلچى بۇ ئوۋ قۇشلىرىنىڭ نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى ئۇستىدە توختىلىپ: ئوتلاقلاردا توشقاندەك چوڭ چاشقانلار بار ئىكەن. قۇشلار بۇلارنى تۇتۇپ يەيدىكەن، دەپ يازغان. هون دەۋرىدە هون باللىرىنىڭ بۇ چاشقانلارغا ئوق ئېتىپ، قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئالاهىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇرلار هاياتىنى قىشتا تۇرپاندا، يازدا بېشبالىق يايلاقلىرىدا ئۆتكۇزەتتى. قىش كېلىشى بىلەن تۇرپانغا، ئەتىياز كېلىشى بىلەن بېشبالىق شەهىرىگە كۆچۈپ كېلەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، قاغانىنىڭ كۆپ ۋاقتى بېشبالىق شەهىرى بىلەن بېشبالىق يايلاقلىرىدا ئۆتەتتى. تۇرپان تىجارەت يوللىرىنىڭ تۇگۇنى بولغىنى ئۇچۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ناهايىتى مۇهىم شەهىرى ئىدى. ئۆز تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ئۇيغۇرلار شىمالدىكى تاغلاردا ۋە بېشبالىقتا ياشايتتى ۋە چارۋىلىرىنى شۇ يەرلەردە باقاتتى. ئىران مەنبەلىرىدە بېشبالىقنىڭ يازنى ئۆتكۇزىدىغان يەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولسا، مەهمۇد قەشقەرى بېشبالىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۆزلىرىنى سەنئەت ۋە باشقا ئىلىمگە بېغىشلىغان ئۇيغۇرلار تۇرپاندا ياشايتتى. بۇ تىجارەت شەهىرىدە هۆرمەت قازىنىشقا تىرىشاتتى. ئەلچى ۋە ساياهەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇيغۇرلار بېشبالىقتىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىدى. دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارمۇ شۇلار ئىدى. X ئەسىردىن كېيىن بېشبالىق ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزى-

گە ئايلىنىشقا باشلىغان. تۇرپان شەھىرىدە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ۋە چەت ئەللىك تىجارەتچىلەر بار ئىدى. دېمەك، تۇرپان ھەرقايسى خەلقلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئىدى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ پايدىسى زور ئىدى. ئۇيغۇرلار كارۋانلارنى باشقۇرۇش، باج ئېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بېيىتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل مىللەت ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلار ئۆز قاراشلىرىنى ئۆستۈرەتتى. كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ھەققىدىكى بىلىمى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئۇستۇن ئىدى. خەنزۇلار يالغۇز خەنزۇچىنىلا بىلەتتى، ئۇيغۇرلار بولسا بۇددا نوملىرىنى، ھىندىچە ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايتتى. ئەلچى ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلار يۇرتىدا كەمبەغەللەر يوقلۇقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: ئۇيغۇر يۇرتىدا كەمبەغەل ئادەملەر يوق ئىكەن. يەيدىغان - ئىچىدىغىنى يوق ئادەملەرگە دۆلەت ۋە خەلق ياردەم قىلىدىكەن. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ياردەم بىلەن ياشايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەم 100 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدىكەن، كىچىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنى زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، دەپ يازغان.

ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان قاغان ئىسسىق باشلىنىش بىلەن تۇرپاندىن بېشبالىققا كەلگەنىدى. دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى قېيناتىسى ئاتا ئۇگەگە تاپشۇرغانىدى. ۋەزىر ئاتا ئۇگە ئۆز سالىمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەلچى ۋاڭ يەندېگە بىر ئەمەلدار ئەۋەتىدۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا ئۇگە ئەلچىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارىدۇ ۋە ئەلچىگە ئۆز ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان قاغان ئەلچىنى شىمالىي پايتەخت بېشبالىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەلچى ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، قار - يامغۇرغا يولۇقۇپ، ئاخىر بېشبالىققا يېتىپ كېلىدۇ. ئەلچى ۋاڭ يەندې بېشبالىققا كەلگەن ھامان بىر كەچلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. زىياپەتكە

پۇقرالاردىنمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئەلچى تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈ-
كىگە، لەززەتلىكلىكىگە، ئويۇن - تاماشالارغا ھەيران قالغانىدى.
ئەلچى زىياپەت جەريانىدا سازلار چېلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بىر سەھنە
ئەسىرى ئوينالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئەلچى زىياپەت ئا-
خىرىدا بېشبالىق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر كۆلدە قېيىق بىلەن
ساياھەت قىلىنغانلىقىنى، ساياھەت جەريانىدا ھەرياندىن مۇزىكا سادا-
سى كېلىپ تۇرغانلىقىنى ئالاھىدە يازىدۇ. بۈگۈنكى بېشبالىق خارابى-
لىرى يېنىدا بىرەر كۆلنىڭ ئىزناسى يوق. بۇ كۆل سۇنئىي كۆل
ئىدى. توسما ياساپ ياسالغان سۇنئىي كۆلنىڭ بولۇشى ئاز ئۇچرايدى-
غان ئىش ئىدى. ئەلچى سازلاردىن سۆز ئاچقاندا، بۇ يەردە «باربىت»
دەپ ئاتىلىدىغان سازنىڭ چېلىنىدىغانلىقىنى، 25 تارلىق «كۇڭخۇ»
دەپ ئاتىلىدىغان سازمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى يازغان.

ئۇيغۇرلار چەت ئەل ئەلچىلىرىنى زور مۇراسىم بىلەن قوبۇل
قىلاتتى. ۋاڭ يەندې بېشبالىققا كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇيغۇر
قاغانى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلار بىر ئەلچىنى قوبۇل
قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك بىر كۈننى تاللايتتى. ئۇيغۇر قاغانى ئەلچى
ۋاڭ يەندېنى ئۆز ئوغۇللىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئىككى يېنىغا
ئالغان ھالدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلغان. ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ
يېنىدىكىلەر كۈن چىقىشقا قاراپ تەزىم قىلدى. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى-
نىڭ بىر ئەلچىنى قوبۇل قىلىشى دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا
تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە «يەتتە»
سانى مۇقەددەس سان ھېسابلىناتتى. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر يېڭى
چىقىۋاتقان كۈنگە «ئۈچ» ياكى «توققۇز» قېتىم تەزىم قىلاتتى. شۇ
كۈننىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا كۈنچىقىشقا قاراپ تەزىم قىلىش كۈنگە
تەزىم قىلغانغا باراۋەر ئىدى. كۈنچىقىشقا قاراپ تەزىم قىلىش ئەسنا-
سىدا سازلار چېلىنىپ تۇردى، ساز چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خان
ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىش باشلاندى. ئەلچىنى ئات ئۈستىدە
تۇرۇپ قارشى ئالغان قاغان ئەلچىگە يېقىنلىشىپ سوۋغىنى قوبۇل

قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىمۇول سۈپىتىدە جۇڭگو خانىغا ئاتاپ تەزىم قىلدى. لېكىن، قاغان ئاتتىن چۈشمىگەنىدى. ئەلچى قاغاننىڭ ئوغۇللىرىغا، قىزلىرىغا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سوۋغا بېرىشكە باشلىدى. سوۋغات ئېلىشقا نۆۋەت كەلگەن ھەربىر ئادەم ئاتتىن چۈشۈپ ۋە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ سوۋغىنى ئالدى. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەلچىنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلىشى ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى.

ئەلچى ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم يەرگە قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى، قىش مەۋسۇمىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى، يامان روھلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن ياسالغان قاچىلاردىكى سۇلارنى بىر-بىرىگە چاچىدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازغان. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. بۇ شامانىزمنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. ۋاڭ يەندې بۇددا دىنىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك دىنىي ئادەتلەرنى تىلغا ئالغانىدى.

ئۇيغۇر ئېسىلزادىلىرى شەھەردە ياشىسىمۇ، يەنىلا ئات گۆشى يەيدىغانلىقىنى، كەمبەغەللەر بولسا قوي گۆشى، ئۆردەك گۆشى يەيدىغانلىقىنى يازىدۇ ۋاڭ يەندې. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەنلىك تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى گۆش يېيىشنى مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئات گۆشى يېيىشنى تاشلىمىغانلىقى ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ئەلچى. تۇرپاندەك چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش بىلەن خۇشى يوق ئىدى. مانى ۋە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يوقالغانىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلار ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشتەك كونا ئادەتلىرىنى بىر تەنھەرىكەت سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. چۈنكى، ئوقيا ئېتىش تۈركىي خەلقلەردە مۇقەد-

دەس ۋە ھەركۈنى قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن ئىدى.

ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلارنىڭ باھار كېلىشى بىلەن ئاتلارغا مىنىپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى، يولدا كېتىۋاتقاندا، يامان روھلارنى جازالاش ئۈچۈن، ئۇچرىغان نەرسىگە ئوق ئاتىدىغانلىقىنى، نەيزىلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازغان. تۇرپان شەھىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. بۇلار بىلەن بىرلىكتە مانى ۋە زەردۇشت (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەلچى ئىبادەتخانىلاردا كۇتۇپخانا بارلىقىنى، بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ قىممەتلىك كىتابلار بىلەن تولغانلىقىنى يازىدۇ. تۇرپاندا ئىرانلىق دىنىي ئەربابلارمۇ ئۇچرايتتى. بۇلار ئۆز دىنلىرىنى تارقىتىشقا تىرىشاتتى. بۇ ئەربابلار بۇددا دىنىنى خاتا دەپ تەشۋىق قىلاتتى.

ئەلچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇ «ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ سۆسەر تېرىسى، ئاق كىگىز قالپىقى ۋە گۈللۈك رەختلىرى ناھايىتى داڭلىق ئىكەن» دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندا توقۇلغان گۈللۈك رەختلىرى ھەر تەرەپكە داڭق چىقارغانىدى. ئەلچى بۇ گۈللۈك رەختلەرگە ناھايىتى ھەيران قالغان. جۇڭگودا گەرچە ئەڭ ئېسىل رەختلەر توقۇلسىمۇ، ئەلچى ئۆزلىرىدە بولمىغان ئۇيغۇر رەختلىرىدىن سۆز ئاچماي ئۆتۈپ كېتەلمىگەن. ئەلچى بېشبالىق رەختلىرىدىن سۆز ئاچمىغان. ھالبۇكى، بېشبالىقتا توقۇلغان رەختلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىران ۋە ئەرەب رەختلىرى بىلەن رىقابەتتە ئىدى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇللارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇل ئاياللىرى كىيىدىغان «بۇغتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان زىننەتلىك بۆك ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۆكى ئىدى. ئەلچى ۋاڭ يەندې بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ سارايلىرىدا خاقان باللىرىنى

ئوقۇتىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى سەۋەب بولغان؛ شاھزادىلەرنى تەربىيىلىگۈچىلەر، ئىنىكئانىلار شۇ مۇئەللىملەرنىڭ ئاياللىرى ئىدى. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىننەتلىك بۆكى ۋە سىرلانغان قالپاقلىرى موڭغۇل ئاياللىرىغا مودا بولۇپ كىرگەن.

ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ساز ۋە نەغمە - ناۋادىن زادى ئايرىلمايتتى. ئەلچى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق يەرلەرگە بېرىپ سەيلە - تاماشا قىلىدىغانلىقىنى، تۈرلۈك چالغۇلارنى يانلىرىدىن ئايرىمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

## ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد

ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەننى 1150 - يىلى قەدىمكى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىزلىرىدىن بىرى بولغان يۇرتغان دېگەن يەردە خوجا مۇھەممەد ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قەشقەردىكى بىلىم يۇرتى «مەدرىسە ساچىيە» دە ئوقۇپ، دىنىي ۋە تېببىي ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئەللامە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. خوتەنگە قايتىپ مەدرىسە ئېچىپ، موللا، تالىپ ۋە تېۋىپ يېتىشتۈرگەن. ئوقۇغۇچىلىرى 3000 دىن ئاشقان. تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنى يازغان. چىڭگىزخانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن كۈچلۈكخانغا قارشى ئالىم، تالىپ ۋە خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۈچلۈكخان خوتەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئىلىم - بىلىمدە ئەللامە ئالائىددىن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالغان. خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، ئىزاغا چىدىمىغان كۈچلۈكخان 1222 - يىلى ئەللامە ئالائىددىن خوتەننىنى مەدرىسە قوۋۇقىغا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن.

## تابارى ۋە ئۇنىڭ «تارىخى ئەل تابارى» ناملىق ئەسىرى

ئېلىمىز جۇڭگو قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. جۇڭ-

گۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى تارىخشۇناسلىرىغا ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل تارىخچىلىرىمۇ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇلار ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر شەخس تابارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

تابارى (تولۇق ئىسمى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەل تابارى) 837 - يىلى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىدىكى تابارىستاننىڭ ئامۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدىن تارتىپ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 867 - يىلى مىسىرنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى قوستانغا بېرىپ ئىستىلىستىكا، ئەل - شافىئى ۋە ئەل مالىكىنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرىنى بىرقانچە يىل ئۆگەنگەن. كېيىن باغدادقا قايتىپ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ ئارىلىقتا ئۇ باش ۋەزىر ئەبۇ ھەسەن ئەبىد ئاللادە بىننى يەھيا ئەل قاغاننىڭ ئوغۇللىرىغا دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىرى ۋە ئوردىسىكىلەرنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ كۈنلۈكى 40 بەتتىن ئارتۇق ماقالە يازغان ۋە ھاياتىنى ئاخىرغىچە مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى، تارىخچى تابارى 923 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تابارى ئەمىر - مەرۇپشۇناسلىق، «قۇرئان» تەپسىرىسى، قىرائەت قىلىش ۋە ھەدىسشۇناسلىق ساھەسىدە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغانىدى. ھاياتىدا يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرىنىڭ ئۆزىلا 26 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ بولغىنى ۋە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغىنى «قۇرئان تەپسىراتى» ۋە «تارىخى ئەل تابارى» دىن ئىبارەت.

«تارىخى ئەل تابارى» نىڭ تولۇق ئىسمى «تارىخ ئەل رۇسۇل ۋە

ئەل مۇلۇك» ( «پەيغەمبەرلەر ۋە ئىمپېراتورلار تارىخى» ) ياكى «تارىخى ئۇمام ۋە ئەل مۇلۇك» ( «تارىختىكى مىللەتلەر ۋە ئىمپېراتورلار تارىخى» ) بولۇپ، ئاپتورىنىڭ تۇغۇلغان يېرىنىڭ نامى بىلەن «تارىخى ئەل تابارى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەسەر 915- يىل 10- ئاينىڭ 12- كۈنى تاماملانغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئالدى بىلەن يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىدىكى رىۋايەتلەردىن باشلىنىپ، تەرتىپ بويىچە يەر - جاھاننىڭ پەيدا بولۇشى، ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇيانقى قىسسەلەر بايان قىلىنغان. ئارىلىقتا ئەرەبىيەنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى دۆلەتلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قىستۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پارس خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخى يېزىلغان. ئىسلام ھىجرىيىسىنىڭ باشلىنىشى (772- يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) دىن باشلاپ، يىلنامە تەرتىپى بويىچە 915 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇھىم ۋەقەلەر ۋە مۇھىم جەڭلەرگە ئورۇن بېرىلگەن. مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى يېزىشتا يالغۇز ئەينى ۋاقىتتا ساقلانغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، سەپەر ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا توپلىغان ھەرخىل تارىخىي ماتېرىياللاردىن ناھايىتى تولۇق پايدىلانغان.

ئۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ئۈستىدە توختىلىپ، ئابباسىيلار پادىشاھىنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر تارىخىنى چۈشىنىپ دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشقا يول كۆرسىتىپ بېرىش ئىدى دېگەن. بۇ ئەسەر كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى تارىخىي مەنبەگە ئايلانغان. مەسىلەن، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1802 — 1862) ئۆزىنىڭ «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامە شاھى» دېگەن ئەسىرىنى مۇشۇ ئەسەرگە ئاساسەن يېزىپ چىققان. «تارىخى ئەل تابارى» نىڭ تارىخىي قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىنى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى «تارىخنامە» دىن قېلىشمايدۇ، دەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ

ئۆزىلا بۇ پىكرىمىزنى ناھايىتى روشەن دەلىللەپ بېرىدۇ. ئەسەردە تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ناھايىتى مۇكەممەل بايان قىلىنغان.

## جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

جۇڭغار خانلىقى — ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خاندانلىق بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە، جەنۇبىي سىبىرىيە، چۇ ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇ ۋەجدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە توختىلىش يالغۇز جۇڭغار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەينى دەۋردىكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. خودوخچىن (1640 — 1653)

خودوخچىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى. ئۇ 1640 - يىلى 9 - ئايدا چۆچەكتە (ئايرىم مەنبەلەردە قوبۇقساردا دېيىلىدۇ — ئا) ئويرات ۋە قالقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، «موڭغۇل - ئويرات جاساغى» نى تۈزۈپ چىققان ھەمدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. خودوخچىن كىچىككىدىنلا لاما دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى بولغاچقا، جۇڭغارلار ئارىسىدا بۇ دىننى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان. شۇڭا، 1635 - يىلى شىزاڭدىكى دالاي لاما ئۇنىڭغا «ئېردەنى باتۇر خۇنتەيجى» دېگەن نامنى بەرگەن. خودوخچىن دىنىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردىن سىرت، يەنە ھەربىي ئىشلاردىمۇ خېلى كامالەتكە يەتكەن. ئۇ تەختكە چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئويراتلارنىڭ خوشۇت، دۆربۈت، تۇرغۇت قاتارلىق ئۈچ چوڭ قەبىلىسىنى كۆچۈشكە ياكى بويسۇنۇشقا

مەجبۇر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ قەبىلە چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئىرتىش دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرى ئۇنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. ئۇ خانلىقنى رەسمىي قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاتىسى قاراخۇلانىڭ سىياسىتى بويىچە، بىر تەرەپتىن چىگىخەيگە كۆچكەن (1638 - يىلى) خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوچىرتۇ، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچكەن ( XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئاخىرى) تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خوئېرلىك بىلەن ئۆزئارا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ھەمدە دۆربۇت قەبىلىسى ۋە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى بولغان قالقا موڭغۇللىرى بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزۈپ، موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. يەنە بىر تەرەپتىن خانلىق تېررىتورىيىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىش مەقسىتىدە، غەربتىكى قوشنىسى — قازاق خانلىقىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان. ئۇ 1643 - يىلى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قازاق خانلىقىنىڭ خاقانى جاڭگىر خانغا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ قىلغان. نەتىجىدە، كەڭ قازاق دالاسى بىر مەزگىل جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئۇچىنچىدىن، ئۇ ئويرات قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. 1647 — 1649 - يىللىرى ئۇ ئۆزى شەخسەن زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، چاررۇسىيىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىگە سالغان ھەربىي قورغانلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە چاررۇسىيە قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. كېيىنكى مەزگىللەردە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزئارا يارىشىپ قېلىش مەقسىتىدە نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئومۇمەن، خودوخچىن يۇقىرىقىدەك چارە - تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتە جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىجتى-

مائي ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شارائىت هازىرلىغان؛ تاشقى جەھەتتە چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خانلىقنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان. 1653 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن.

2. سىڭگې (1653 — 1670)

سىڭگې خودوخچىننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئاتىسىغا ئوخشاشلا، بىر ئۆمۈر چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلغان. 1667 - يىلى چارروسىيە هۆكۈمىتى كورۋېنىسكىنى ئۇنىڭ هوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ مەردانە سۆزلىرى بىلەن چارروسىيە ئەلچىسىنى ناهايىتى قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان هەمدە ئەلچى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالام ۋە دۆلەت مەكتۇپىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىغان. بۇ هال جۇڭغار خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتقان. جۇڭغار خانلىقىنى ئەل قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن چار پادشاهى ئاخىر هەربىي هەرىكەت قوللانغان. لېكىن، سىڭگې چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئەمەلىي هەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ نەچچە قېتىملىق هۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. هەتتا چارروسىيىنىڭ كىراسنويارىسكى شەهىرىگە هۇجۇم قىلىپ كىرىپ، رۇس قوشۇنلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان. بىراق، خودوخچىننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن باشلانغان خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشى پەيدىنپەي ئۆتكۈزلىشىپ، سىڭگېنىڭ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن. 1670 - يىلىغا كەلگەندە سىڭگې تەخت تالىشىش كۈرىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئاكىسى چېچەن تەيجى بىلەن جوتبا باتۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

3. سونوم ئاراپتان (1670 — 1671)

سونوم ئاراپتان سىڭگېنىڭ ئوغلى. سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كې-

يىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. سۇنۇم ئاراپتاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئىنتايىن قىسقا بولغان. ئۇ خانلىقنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىنى ئوڭشىيالمىغاچقا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا تەختىنى تاغىسى غالدانغا تارتقۇزۇپ قويغان ۋە 1688 - يىلى غالدان تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

4. غالدان (1671 — 1697)

غالدان سىڭگېنىڭ ئىنىسى. ئۇ كىچىكىدىنلا شىزاڭغا بېرىپ دالاي لامانىڭ قول ئاستىدا لاما دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئاكى- سى سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شىزاڭ بىلەن جۇڭغارلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئەتراپىغا كۈچ توپلىغان. 1671- يىلى ئۇ شىزاڭدىن يۇرتىغا قايتىپ، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوچىرتۇنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن چېچەن تەيجى ۋە جوتبا باتۇ بىلەن جەڭ قىلغان. نەتىجىدە، چېچەن تەيجى ئۆلتۈرۈل- گەن، جوتبا باتۇ چىڭخەيگە قاچقان. شۇنىڭ بىلەن غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ، پايتەختنى چۆچەكتىن غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىگەن. غالدان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللان- غان:

بىرىنچى، ئاكىسى سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۆلۈنۈپ چىققان تاغىسى چوخۇر ئوباش ۋە ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئوچىرتۇنى قانلىق باستۇرۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇ- راقلاشتۇرغان ھەمدە سىڭگېدىن كېيىن شەكىللەنگەن تارقاقچىلىق ۋەزىيىتىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەرگەن. 1679 - يىلىغا كەلگەن- دە، ئۇ ئۇستازى دالاي لاما تەرىپىدىن «بوشۇقتۇخان» دېگەن ھۆرمەت نامىغا نائىل بولغان.

ئىككىنچى، شەرقتىكى قوشنىسى — چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، چىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خاقانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەلىپىگە قېتىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئاتا دۆلەت ئورنىدا ھېسابلاپ، غالدانىنىڭ بەزى ئىش - پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، غالدان چىڭ سۇلالىسىدىن ئۆزىنىڭ «بوشۇقتۇخان» دېگەن شەرەپ نامىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈنگەن، كاڭشى بۇنى رەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، غالدان يەنە خانلىقتىكى غەيرىي جۇڭغار قەبىلىلىرىنى باستۇرغاندا، بۇمۇ كاڭشىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئەڭ ئېغىرى شۇكى، چىڭ ھۆكۈمىتى ھەتتا پايتەختكە كېلىدىغان جۇڭغار ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ سانىغىمۇ مۇئەييەن چەكلىمە قويغان. بۇ ھال غالدانىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچى يوقالغان.

ئۈچىنچى، ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1678 - يىلى ئۇ زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ئەتراپىدا ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى بېسىۋالغان. 1682 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى ئىسمائىل خان تەرىپىدىن قوغلانغان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە ئىسمائىل خاننى ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. 1684 - يىلى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قازاق خانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ خانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە سىر، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى بېسىۋالغان. 1684 — 1685 - يىللىرى تەڭرىتاغ قىرغىزلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، كەڭ قىرغىزلار رايو-

نىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ، غالدان جۇڭغار خانلىقى-نىڭ زېمىنىنى شەرقتە ئوبا دەرياسىدىن غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قازاقلار رايونىغىچە؛ شىمالدا ئوم، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدىن جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىغىچە يەتكۈزگەن.

تۆتىنچى، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن جۇڭغار ئاھالىلىرىنى دېھقانچىلىق قى-لىش ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا دەۋەت قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇچ، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر قا-تارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلى رايو-نىغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلدۇرى-غان يانچىلارغا ئايلاندۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قورچاق خان ھىدايىتۇللا خوجا باشقۇرۇشىدىكى پۈتكۈل جەنۇبىي شىن-جاڭ رايونىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا ھەر ئايدا 100 مىڭ تەڭگە، غالدا-نىڭ ئۆزىگە 4000 تەڭگە پۇل تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھال جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى زور تەرەققىياتلارغا ئې-رىشتۈرگەن.

بەشىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىرىدىن قۇتۇ-لۇپ، خانلىققا كېلىدىغان تاشقى تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، چاررۇ-سىيىنىڭ ياردىمى ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. 1688 - يىلى ئۇ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خانگاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھامىي-لىقىدىكى قالقا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ جايدا تۇشەتۇ-خان، جاساختۇخان قاتارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قى-لىپ، ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا قاراتقان. 1690 - يىل 6 - ئايدا غالدان چاررۇسى-يىنىڭ قوللىشى بىلەن زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل رايونىغا قاراشلىق ئۇلۇخۇي، خالخا دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋادىلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ ئەھ-

ۋالدا، پادىشاھ كاڭشى ئۆزى شەخسەن نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا غالدان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەمدە غالداننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1695 - يىل 5 - ئايدا غالدان يەنە 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، كىررولۇن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان. ياندۇرقى يىلى 5 - ئايدا كاڭشى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جۇمۇتۇ دېگەن جايدا ئۇنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغان. 1679 - يىل 2 - ئايدا كاڭشى غالدانغا ئۈچىنچى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۈچىنچى قېتىم تارمار قىلغان. بۇ مەزگىلدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، غالداننىڭ جىيەنى سېۋان ئاراپتان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن. ئاچچىق دەرد - ئەلەمگە چىدىمىغان غالدان ئاخىر 1697 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نامىر دېگەن جايدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان.

### 5. سېۋان ئاراپتان (1697 — 1727)

سېۋان ئاراپتان سىڭگېنىڭ ئوغلى. ئۇ غالداندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا تاغىسى غالداننىڭ يولىدا مېڭىپ، بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1699 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى ئەھمەد خوجىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇنى تۇتۇپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. 1717 - يىلى قىشتا ئىنىسى چوڭ سېرىندۆندۈپنى شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، لاسانى ئىشغال قىلغان. بىراق، ياندۇرقى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، شىزاڭدىن ۋاز كەچكەن. 1718 — 1723 - يىللىرى قازاق خانلىقىغا زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، يەتتە سۇ رايونى، تاشكەنت، سايرام قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە بۇ جايلاردىكى قازاق، قىرغىز ئاھالىلىرىنى ئېغىر بالايىئاپەتكە دۇچار قىلغان.

سېۋان ئاراپتان يۇقىرىقىدەك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. 1715 - يىل 10 - ئايدا چاررۇسىيە قوشۇنلىرى جۇڭغار خانلىقىغا تەۋە ياموش كۆلى ئەتراپىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، رۇسلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1719 - يىلى چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى زايسان كۆلى بويىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ئوغلى غالدان سېرىننى ئەۋەتىپ، رۇس قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

سېۋان ئاراپتان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتىمۇ خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ نوقۇل ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا قارشى تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەلىرىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئىگىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن شەرققە كېڭىيىپ تا ئۈرۈمچى رايونىغىچە يېتىپ بارغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە، يۇڭ - توقۇلما، كۆن - خۇرۇم، گەزلىمە، مەتبەئەچىلىك، زەمبىرەك ياساش ۋە مېتال ئېرىتىش قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە بىر قاتار قول سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي قورال - ياراق ياساش ۋە مېتال ئېرىتىش كەسپى ناھايىتى جانلانغان. نەتىجىدە جۇڭغار خانلىقىدا ئىقتىساد گۈللەنگەن، دۆلەت قۇدرەت تاپقان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، خانلىقنىڭ شۆھرىتى بارا - بارا ئۆسۈپ بارغان. 1727 - يىلىغا كەلگەندە، سېۋان ئاراپتان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن.

### 6. غالدان سېرىن (1727 — 1745)

غالدان سېرىن سېۋان ئاراپتاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. غالدان سېرىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىر قاتار

ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى پائال تۈردە تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ئىقتىسادىي كونتروللۇقنى كۈچەيتىپ، بۇ رايوندىن ئېلىنىدىغان باج نورمىسىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ بارغان. مەسىلەن، ئەينى چاغدا يەكەن شەھىرىدىن يىلىغا 261 پاتمان ئالىي سۈپەتلىك گۈرۈچ، 5839 پاتمان ئادەتتىكى گۈرۈچ، 1715 چارەك پاختا، 428 چارەك زاراڭزا؛ قەشقەردىن 40 مىڭ پاتمان ئاشلىق، 1463 چارەك پاختا، 365 چارەك زاراڭزا ئېلىنغان.

غالدان سېرىن ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىق خاراكتېرى تۈپەيلىدىن ئەتراپقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان. ئۇ 1729 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ، يەتتە سۇ رايونىدىكى قازاق قەبىلىلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا قازاق قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 1731 - يىلى ئۇ يەنە نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى تاشقى موڭغۇل رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، كېيىنكى يىلى 7 - ئايدا شەرقىي موڭغۇللارنىڭ سايىن نويانغا قاراشلىق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى سېرىن جۇنۋاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غالدان سېرىننى بىردىنبىر تەھدىت ھېساپلاپ، جۇڭغار خانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش قارارىغا كەلگەن. لېكىن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 1731 — 1734 - يىللاردىكى ئۇرۇشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئاخىر جۇڭغار خانلىقى بىلەن ۋاقىتلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان. 1745 - يىل 11 - ئايغا كەلگەندە غالدان سېرىن كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

### 7. داباچى (1745 — 1755)

داباچى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى. ئۇ سىڭگېنىڭ

ئوغلى چوڭ سىرىندۇندۇپنىڭ نەۋرىسى. ئۇ غالدان سىرىن ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقىدا پەيدا بولغان دارجا، سىۋان دورجى، سىۋان داش قاتارلىق ئاكا - ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش كۇرىشىدىن پايدىلىنىپ، خۇيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامورسانانىڭ قوللىشى ئاستىدا، خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. داباچى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى خاقانلىققا كۆتۈرگەن ئامورساناغا نۇرغۇن ھوقۇق - ئىمتىيازلارنى بەرگەن. بىراق، ئامورسانا ناھايىتى قارانىيەت كىشى بولغاچقا، ئۆز تۆھپىسىگە زىيادە تەمەننا قويۇپ، بارغانلا يېرىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان. بۇ ھال داباچىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغى- غان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر ئىختىلاپ شەكىللى- نىپ، ئاخىر ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكەن. 1754 - يىل 3 - ئايدا ئامورسانا ئالدى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، 6000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىلىدىكى داباچىغا ھۇجۇم قىلغان. شۇ يىلى 6- ئايدا داباچى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئا- مورسانانى مەغلۇپ قىلغان. مەغلۇبىيەت ئىزاسىغا چىدىمىغان ئامور- سانا ئىنىسى بەنچۇر بىلەن قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 2000 ئادەم، يۇقىرىلاردىن 20 مىڭ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جۇڭغار خانلىقىنى يوقى- تىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان چىڭ ھۆكۈمىتى داباچىغا قارىتا دەرھال ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى قارار قىلغان ھەمدە 1735 - يىل 2 - ئايدا بەندىنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى باش سانغۇن، ئامورسانانى مۇئاۋىن سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى ئۇلاستايدىن قوشۇن باشلاپ چىقىشقا، يۇڭچياڭنى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش سانغۇن، سالىرنى مۇئاۋىن سانغۇن قىلىپ، قۇمۇلنىڭ باركۆلدىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇغان. ئىككى قوشۇندا 25 مىڭدىن جەمئىي 50 مىڭ ئادەم بولۇپ، داباچىنىڭ چوڭ قارارگاھى — بورتالادا ئۇچراش- ماقچى بولغان. 5 - ئايدا بۇ ئىككى يول قوشۇنى بورتالادا غەلىبىلىك ئۇچرىشىپ، ھاراق - شارابقا بېرىلىپ، تەييارلىقسىز تۇرغان داباچى-

نى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. داباچى ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، يېقىنلىرىغا پەرمان ئوقى تۇتقۇزۇپ ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن. ئۆزى بولسا 10 مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇننى باشلاپ، ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 180 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى گېدىن تېغىغا قېچىپ بېرىۋالغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ، 6 - ئايدا گېدىن تېغىنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ غەلىبىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مەزكۇر تاغقا «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش گېدىن تېغى مەڭگۈ تېشى» نى ئورناتقان. داباچى ئامالسىزلىقتىن 2000 كىشىلىك ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن جەنۇبقا قاراپ قېچىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يۇرتى ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە بۇ جاينىڭ ھاكىمبېگى خوجىس بەگ ئۇنى ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، زىياپەت ئۈستىدىكى داباچى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى جاي - جايىدا تۇتۇپ باغلاپ، تېكەستىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. خوجىس بەگ مۇشۇ تۆھپىسى ھېسابىغا چىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ تەرىپىدىن ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەن. داباچى بولسا بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلغان. كېيىن ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەچكە، چىنۋاڭلىق مەنسىپىگە نائىل بولغان ھەمدە بېيجىڭ شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن 115 يىل ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭغار خانلىقى ئاخىر چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

### شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ھۈسەيىن بايقارا

ھۈسەيىن بايقارا تېمۇر نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا مەنسۇر مىرزا بايقارانىڭ ئوغلىدۇر. ھۈسەيىن بايقارا1438- يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى تېمۇرىي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى

غىياسىدىن كىچىك ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئاتىسى غىياسىدىن مەنسۇر بىلەن ئېمىلداش بولغان. ھۆسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائى ياشلىقىدىن تارتىپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل بىرگە ئوقۇغان، بىرگە تەربىيىلەنگەن.

ھۆسەيىن بايقارا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ساراي خىزمىتىگە كىرگەن. تېمۇري مىرزىلىرىنىڭ ئۆزئارا تالاش - تارتىشلىرى، كۆرەشلىرى ۋە جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ شاھلىق تەختىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 1469 - يىلى مارتتا ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ، پادىشاھ بولغان. شۇ يىل ئاپرېلدا ئەلىشىر نەۋائى سەمەرقەنتتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمەن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىجابىي بولغان مۇھىم تەرەپلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىشتىراكى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بىرنەچچە يىللار جەريانىدا مەملىكەتتە تىنچلىق (پرىنسىپسىز ئۆزئارا فېئودال ئۇرۇشلاردىن خالىي بولغان ھالەت) مەۋجۇت بولدى. ئۇرغۇنلىغان جايلار ئاۋات قىلىندى. ئىقتىساد، سودا - سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك جانلاندى. مەدەنىي ھايات تەشكىل قىلىندى. پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە مەملىكەت پايتەختى ھىرات ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ شەرقتىكى داڭلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغاندى.

سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ھۆسەيىنى ئىدى.

بىزگىچە ئۇنىڭ بىر دىۋانى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھەممە غەزەللىرى بىرخىل ۋەزىندە يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋال ھېچقانداق شائىردا كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى تېخىچە ئېنىقلانمىغان. ھۆسەيىنى شېئىرلىرىدىكى كۆپ ئوبرازلارنىڭ گۈزەللىكى، ئىچكى كەچۈرمىلەرنىڭ جەزبدارلىق بىلەن ئىپادىلىنىشى، ئۇسلۇبىنىڭ راۋانلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىش ئۈچۈن پەرمان چۈ-

شۇرگەنلىكىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بۇ شۇ زامان ۋە شارائىتقا نىسبەتەن زور سىياسىي ۋە مەدەنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئومۇمەن، شەرق ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىشىدا ھۈسەيىن بايقارانىڭ رولى ۋە خىزمىتى ئاز ئەمەس. بۇنى نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئېتىراپ قىلغانىدەك، ئۆز زامانىنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كۆپ قېتىم مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يازغانىدى. نەۋائى «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا ھۈسەيىنىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ مەخسۇس بىر باب (8 - باب) يازغان ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن نۇرغۇنلىغان بېيىتلارنى كەلتۈرۈپ، بەدىئىي قىممىتىنى تەرىپلىگەن.

## «غەرىبى» تەخەللۇسلۇق شائىرلار

بىرىنچى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى

بۇ شائىر 1802 — 1862 - يىللىرى ياشىغان. قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قوغان (ئىلگىرىكى بەشكېرەم بەگلىكىگە تەۋە) يېزىسىغا تەۋە تىلسۇزاق كەنتىدە تۇغۇلغان. قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ماھىر خەتتات ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، بىر مەزگىل قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسىلەردە مۇدەررىس بولغان. 1835 - يىلى قەشقەر ھاكىمبېگى زوھورىددىنىنىڭ ھۇزۇرىدا ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بەش نەپەر ئەدىب بىلەن بىرلىكتە دىۋانخانا (ئىشخانا) نىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسىي ۋە كوللېكتىپ بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ باشقا كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 1841 — 1842 - يىللىرى تۈرلۈك ماۋزۇ ۋە ھەجىمدىكى 39 پارچە ئەسەرنى جەمئىي قىلىپ، ئۇلارنى «ھېكايەتى غەرىب» دەپ ئاتىغان. زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بىر مەزگىل «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتاپ كېلىشتى. غەرىبىنىڭ مۇشۇ توپلامغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن

ئەسەرلىرىدىن «كىتابى غەرىب»، «بەھرام گور»، «غەزەللەر» قا-
تارلىق ئەسەرلىرى بار.

«كىتابى غەرىب» (1841 - يىلى) 36 ماۋزۇ، 58 سوئال - جاۋاب بىلەن 33 خىل كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى XIX — XVIII ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھې-سابلىنىدۇ.

«بەھرام گور» نەۋائىنىڭ «سەبئى سەييار» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇرى ۋە چېۋەر تىل ماھارىتى ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى، خۇشھال غەرىبى

خۇشھال غەرىبى ئەسىرنىڭ XIX ئالدىنقى يىللىرىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسەدە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئالغان ۋە ئىستېداتلىق شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان. XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ قەشقەر تەرەپتە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىچكى نىزا ۋە قالايمىقانچىلىقتا شائىر قەشقەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالماي پەرغانە بوستانلىقىغا چىقىپ كەتكەن. بۇ توغرۇلۇق شائىر مۇنداق يازغان:

ئۇچرادىم ئول دەردگەكىم بىدەۋا،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.
يەنى ئىرۇر ئۆز ۋەتىنىم كاشغەر،
يىللار ئىدى ئول ماڭا جايىم بەقەر.

خۇشھال غەرىبى 1845 - يىلى «كۇللىيات غەرىبى» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭدا غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى، رۇبائىي، ساقىنامە، مۇستەھزات، قىتئە قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپ-

قان شېئىرلار بار بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئەينىكى ھېساب-لىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھەممەد غەرىب شەھيارى

بۇ شائىر XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنىڭ شايار ناھىيە-سىدە ياشىغان.

شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد دۆلەت خوجەيار ئوغلى بو-لۇپ، ياشلىق دەۋرىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇ-غۇللانغان. كېيىن ھەج - تاۋاپ ئىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقسۇغا كەلگەندە ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، پۇل - بىساتى تۈگەپ، يولىنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ «ئىشتىياقنامە» دە، دەۋرنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ئوبرازلىق رەۋىشتە، تۇرمۇشقا سادىق بولغان ئاساستا چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ، ئەسىرنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

شائىر «غەرىبى» ۋە «شەھيارى» دېگەن ئىككى تەخەللۇسنى قوللانغان.

تۆتىنچى، موللا سۇپۇرگى سەنجەرى (غەرىبى)

بۇ شائىر XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە تەۋە گۇما ناھىيە-سىنىڭ نىشاندار يېزىسى سانجار كەنتىدە ياشىغان. ئۇ مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماي، تەرجىمان ھەم خەتتاتتۇر. ئۇ «دىۋانى غىياس»، «دى-ۋانى سۇپۇرگى»، «غەرىبى سەنجەرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ دىۋانلارنىڭ ھەر بىرى 400 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر بېتىگە 14 — 16 مىسراغىچە شېئىر يېزىلغان. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتچىلىك، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى تەرغىپ قىلىنغان ھەمدە بەزى ناچار قىلىقلار قامچىلان-غان. شائىر «نەفھاتۇل ئۇنىس» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، شۇنداقلا يەنە ئون نەچچە پارچە كىتابنى كۆچۈرۈپ چىققان.

بەشىنچى، غەرىب خەستە

بۇ شائىر تەخمىنەن XIX ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھىجرىيە 1299- يىلى (مىلادىيە1881 — 1882- يىللار) كۆچۈرۈلگەن «ھەمزەنامە» ناملىق چوڭ داستانى بار. داستان-دا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈ-زەشتلىرى تەسۋىرلەنگەن. داستاندا نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر قا-تارلىق نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. بۇلار گەرچە تارىخىي شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئاساسىدا بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغان.

ئالتىنچى، ئاشۇراخۇن غەرىبى

بۇ شائىر 1833- يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ كېيىن-كى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان. ئۇنىڭ «ئەمىر ئەلى» ناملىق بىر داستا-نى بار بولۇپ، داستاندا فېئودال مۇستەبىت ياقۇپبەگنىڭ 1870- يىلى «يەتتە شەھەر» لەشكەرلىرىنى باشلاپ تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ، ئۇ-رۇمچىدىكى تۇڭگانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرى تەس-ۋىرلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە 1864 — 1867- يىللىرى بولۇپ ئۆتكەن ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ھەققانىي ھەرىكەتلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىر-لەنگەن. ئۇ مېھنەتكەشلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق يو-سۇندا ئىپادىلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلغان. شائىرنىڭ خىيانەتچى ئەمەل-دار ۋە مۇناپىقلارنى قارىلاپ يازغان ئوتلۇق شېئىرلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەردەك چىققان. شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئاشۇر (ئوشۇر) ئاخۇن ئىبن ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد (غەرىبى) دۇر.

يەتتىنچى، يۇسۇپ غەرىبى

يۇسۇپ غەرىبى (1864 — 1940) نىڭ تولۇق ئىسمى ئىبنى جۇبەيرى ئىبنى پەتەنۇش غەرىبى بولۇپ، قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن.

شائىر قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مەنسەپدار بولغان، يەنە ئەمچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆچلۈك دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بەزى شېئىرلىرىدا كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ھىجران، پىراق ۋە سېغىنىش كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن.

يۇسۇپ غەرىبى شېئىرلىرى قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

سەككىزىنچى، موللا توختى غەرىبى

موللا توختى غەرىبى (1861 — 1951) خوتەن لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا ياشىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھازىرچە مەلۇم بولغان ئەسىرى «تۇھفەتۇل ئۇششاق سانى» (ئاشىقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى) ناملىق كىتابى بولۇپ، لىرىك غەزەللەردىن تەركىب تاپقان. توپلامنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس بولۇپ، 30 كۇپلېت (مۇقەددىمە سۇپىتىدە بىر كۇپلېت يازغان بولۇپ، جەمئىي 31 كۇپلېت) مۇخەممەسنىڭ ھەر كۇپلېت باش ھەرپىنى «ھۇرۇفى ھىجا» (ھىجا ھەرپلىك) شەكلىدە يازغان. قالغانلىرى مۇناجاد (مۇستەھزاد مۇرەببە)، نەدامەت ئۇمر مازى، سەرگۈزەشت، نەسىھەت، ئىشق مەجاز، مۇخەممەس نەدامەت، ھەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى ناۋلانغان، مەزمۇنى تېرەن بولۇپ، تەنقىدىي رېئالىزملىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 20 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

توققۇزىنچى، موللا ھالاۋۇدۇن غەرىبى

موللا ھالاۋۇدۇن تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى قارا باش كەنتىدە تۇغۇلغان. ئوپال كۆكچى لايپەشتاق مەدرىسەسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسەلىرىدە ئوقۇغان. شۇ يەردە شائىر مۇدەررىسلەر ۋە شائىر

تەلەبەلەرنىڭ تەسىرىدە شېئىرىيەت مۇخلىسى موللا ھالاۋۇدۇن «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە شېئىرلىرىنى توپلاپ «كىتابى غەرىب» ناملىق كىتابنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا جاھالەت، ئادالەتسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، ئالدامچىلىق، ياۋۇزلۇق، رىياكارلىقلار قاتتىق پاش قىلىنغان. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى «جاھالەتكە چىراغ يېقىلسا شېئىرلىرىم ياغ بولۇر» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر مىسراسىدىن مەسخىرە ۋە ساتىرىك پۇراق گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شائىر 1931 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئونىنچى، مۇھەممەد ۋەلەد مىرئەھمەد شەيخ غەرىبى

بۇ XIX ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن شائىر ۋە تارىخچى بولۇپ، مىرئەھمەد ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى. ئاپتورنىڭ «تارىخنامەئى يەئقۇبخان» ناملىق بىر كىتابى بار بولۇپ، بۇ ئەسەر 1911 - يىلى پېتىربورگدا ئېلان قىلىنغان «ئاسىيا مۇزېيىدىكى مۇسۇلمانچە قوليازمىلار (590) 8772» ناملىق كاتولوگىنىڭ 14 - بېتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئەسلىي قوليازما لېنىنگراد (پېتىربورگ) ئىرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى م. ف. گاۋرىلوۋ 1927 - يىلى ئېلان قىلغان «قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ — دۆلەت تارىخى» (رۇسچە) ناملىق ئەسىرىنىڭ 125 - بېتىدە بۇ كىتاب ھەققىدە توختىلىپ، ئاپتورنىڭ قەشقەرلىك مىرئەھمەد دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئاپتور بۇ كىتابنى 1898 - يىلى يازغان.

ئون بىرىنچى، موللا ئەيت ئىبن موللا غەرىب

بۇ ئاپتورنىڭ «جامىئۇل ھېكمەت» ناملىق كىتابى بار. بۇ كىتاب ھازىر رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئا. م. موگىنوۋنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلار» ناملىق كىتابىدا

مەلۇمات ئېلان قىلىنغان. ئەمما، ئاپتورنىڭ ياشىغان زامانى، ئەسەرىنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ ئەسەر 1910-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر تەرەپتىن يىغىۋېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن شائىرلار ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ «غەرىب» تەخەللۇسىنى قويۇپ ئەسەر يېزىشى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر ھادىسە بولۇپ، مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## قۇرىغارخان ئانا قوشاقلىرى

قۇرىغارخان ئانا توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇچۇرلار قەيت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا «شىۋاڭمۇ 西王母» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. زامانىمىز ئالىملىرى غەربىي خان ئانا، باتىقان ئانا، قۇرىغارخان ئانا دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن ئىپادە قىلىپ كەلمەكتە. يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر، مەسىلەن ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھەسى «ئوماي» بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى «ئوماي» نامى بىلەنمۇ ئىپادە قىلىدۇ، ئايرىملار بولسا «ھوما» بىلەن بىر دەپمۇ قارايدۇ.

قۇرىغارخان ئانا توغرۇلۇق «تاغ - دېڭىزلار قۇرئى» (سەنخەيجىڭ)، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» قاتارلىق خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان.

قۇرىغارخان ئانىنىڭ ياشىغان زامانى توغرىسىدا بەزىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللاردا دەپ يازغان بولسا، بەزىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردا ياشىغان دەپ، يەنە بەزىلەر جوۇگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان دېگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

قۇرىغارخان ئانا پائالىيەت قىلغان زېمىننىڭ غەربىي يۇرت ئە-

كەنلىكى ھەققىدە تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە پىرىنسىپال ئىختىلاپ
يوق. ئەمما، غەربىي يۇرتنىڭ قايسى جاينى ئاساسىي ماكان قىلغانـ
لىقى توغرۇلۇق ئىككى خىل قاراشنىڭ تەسىرى چوڭراق. بەزى
ھۆججەتلەردە قۇرۇم تېغى ئەتراپىدا دېيىلگەن بولسا، بەزىلەر بوغدا
كۆلى ساھىلىدا ياشىغان دېيىشىدۇ. قۇرىغارخان ئانا ياشىغان چاغلار
ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچى بولۇپ، ئۇرۇق، قەبىلە - قوۋملار
كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۇنداق ئىكەن قۇرىغارخان ئانىنىڭ
غەربىي يۇرتتا يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ۋاھالەنـ
كى، ئۇنىڭ قۇرۇم تاغلىرىنىڭ تارىم بوستانلىقى ساھىلىدا كۆپ
ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇماتلار بىرقەدەر ۋەزمىن ئوـ
رۇندا تۇرىدۇ.

قۇرىغارخان ئانا غەربىي يۇرتتىكى چوڭ بىر ئۇرۇق بىرلەشمىـ
سىنىڭ يېتەكچىسى بولغىنى ئۈچۈن، سىياسىي، ئىجتىمائىي سەھنىـ
دە جانلىق، ئاكتىپ ۋە ئۈلگىلىك پائالىيەت قىلغان. گۈزەللىكتە
تەڭداشسىز، ئاقىل، تەدبىرلىك، كۆي - نەزمىلەرگە ماھىر، ئەلنى
باشقۇرۇشقا قابىل بولغانلىقى ئۈچۈن، داڭقى تىللاردا داستان بولغان،
نامى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادنامە بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نامى
بىلەن باغلىنىشلىق بىرقانچە كۆپلىت قوشاق كىتابتىن كىتابقا، ئېـ
غىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىرىنى ئۆتكۈزـ
گەن.

«ئاق بۇلۇت قوشىقى» ( 白云谣 ) ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ
كلاسسىك كىتابلىرىدىن بىرى بولغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» گە
كىرگۈزۈلگەن. قوشاق خەنزۇ شېئىرىيەت شەكلى ھېسابى بويىچە
ئالتە كۇپلېت بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىـ
سى مۇنداق:

ئاسماندا ئاق بۇلۇت لەرزان ئۈزۈشەر،
يەردە تاغ چوققىسى كۆككە تاقىشار.

ئاجايىپ يىراقتۇر بۇ يول مۇساپە،
تۇمەنمىڭ تاغ - دەريا ئايرىپ تۇرۇشار.
بىر كېلىش نىھايەت ئەمەستۇر ئاسان،
تىلەيمەن ئۆمۈر - قۇت زىيادە سىزگە.
كەلسىڭىز، كەمىنە سىز تامان باقار.

بۇ شېئىردا قۇرىغارخان ئانىنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى بۇ قوشاقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت تۇسىگە ئىگە مەلۇمات ساقلانغان: جۇۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇۋمۇۋاڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى X ئەسىرلەردە غەربكە سەپەر قىلىپ، قۇرۇم (كوئېنلۇن) تېغىغا كەلگەن ھەم بۇ يەردىكى ياۋچى كۆلى ساھىلىدا قۇرىغارخان ئانا بىلەن تەنتەنىلىك مۇراسىم پەيتىدە ئۇچراشقان. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىككى ئەلنىڭ بۇ بۇيۈك ئاتامانلىرى چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان ھالدا مۇشائىرەلەر ئوقۇشقان. قۇرىغارخان ئانا ئوقۇغان بۇ قوشاقنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېت بېيىتىدە قۇرۇم تاغلىرىنىڭ تەبىئىي، ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى يۈكسەك رومانتىك تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاندىن جۇۋ سۇلالىسى بىلەن قۇرىغار ئەللىرىنىڭ ئارىلىقىنى تۇمەنمىڭ تاغ - دەريالار ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزئارا ئۇچرىشىشنىڭ بەسى - مۈشكۈللۈكى سۆزلەنگەن. ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتىدا ئەدەپ - قائىدە ۋە ئىنسانىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن قۇرىغارخان ئانىنىڭ جۇۋمۇۋاڭغا دۆلەت ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەن سەمىمىي تىلىكى ھەم ئىمكانىيەت يار بەرسە قايتا زىيارەتكە كېلىشىنى ئۆتۈنگەن مېھماندوستلۇق خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن.

«قۇرىغارخان ئانا كۈيى» (西王母岭) دېگەن بۇ قوشاقمۇ «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە شېئىر شەكلى بويىچە 12 كۇپلېت، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى

يەشمىسى مۇنداق:

مېنىڭ ماكانىم قۇرىغار،
يولۋاس، يىلپىزلار بىلەن بىرگە ياشارمەن.
ئۇچار قۇشلار بىلەن بىرگە ئۆتەرمەن.
چۈنكى مەن تەڭرىنىڭ قىزى،
تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق پەرز.
ھاپىزلار نەغمىسى يۈرىكىمنى ئەزمەكتە،
شۇندا سىزنى پېقىر ھەقىقىي سېغىنماقتا.

بۇ قوشاقتىكى «يولۋاس، يىلپىزلار بىلەن بىرگە ياشاش»، «ئۇچار قۇشلار بىلەن بىرگە ئۆتۈش» دېگەن مىسرالار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىكى تۇتېمغا چوقۇنغان دەۋرلەردىكى كىشلەرنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسلانغاندا، قۇرىغارخان ئانا يېتەكچىلىكىدىكى ئۇرۇق - قوۋملار ئىچىدە يولۋاس، يىلپىز ۋە ئۇچار قۇشلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىرى بولغان.

## مىرزا ھەيدەر كورەگان

مۇھەممەد ھۇسەيىن ئوغلى مىرزا ھەيدەر 1499 - يىلى موغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە كەشتان رايونىغا قاراشلىق تاشكەنت شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كورەگان 1493 - يىلى موغۇلىستان خانى مۇھەممەدخان تەرەپىتىن ماڭلايسۇيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ماڭلايسۇيە موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم شەھەر - ۋىلايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى كۆرسىتەتتى. بۇ رايونلار XIII ئەسىردىن باشلاپ دوغلات قەبىلىسىگە سۇيۇرغال (ھەدىيە) قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ماڭلايسۇيەنىڭ

ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنىدى. دوغلات قەبى-لىسىنىڭ ئەجدادلىرى چىڭگىزخانىنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن نەسەپداش ئىكەنلىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىدۇ.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبنىگار خانىم موغۇلىستان خانى سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ قىزى ئىدى. ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى-نىڭ قۇرغۇچىسى بابىر شاھنىڭ ئانىسى (قۇتلۇق نىگارخانىم) ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئاتى-سى (سۇلتان ئەھمەدخان، يەنى ئالاچەخان) مۇ يۇنۇسخانىنىڭ قىز-ئوغۇللىرى بولۇپ، يۇنۇسخان موغۇلىستان تارىخىدىكى ئالاھىدە شەخس تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئالتىنچى نەۋرىسىدۇر.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن 1508 - يىلى مەلۇم سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزبېك خانى مۇھەممەد شەيبانىخان-نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېراتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، توققۇز ياشلىق مىرزا ھەيدەر ئانىسى بىلەن ئاۋۋال بۇخاراغا، ئۇ يەردىن بەدەخشانغا قېچىپ كېتىدۇ. بىر يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇ-شىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1509 - يىلى كابۇلدا ھاكىمىيەت يۈرگۈ-زۈۋاتقان نەۋرە ئاكىسى مىرزا بابىرنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە 1513 - يىلىغىچە ئەدىب، ئىقتىدارلىق ھەربىي قوماندان بابىرنىڭ تەربىيىسى-دە بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بابىرنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى-گە قاتنىشىپ، ھەربىي ماھارەت ئۆگىنىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ.

1531 - يىلى مىرزا ھەيدەرنىڭ يەنە بىر نەۋرە ئاكىسى سۇلتان سەئىدخان بابىر شاھنىڭ ياردىمىدە ئەندىجاندا تەختكە چىقىپ، سەئى-دىيە خانلىقىنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. مىرزا ھەيدەر كابۇلدىن ئەنجان-غا كېلىپ، سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ھامىيلىقى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدۇ. 1533 - يىلى سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قارىتا ھەربىي يۈرۈش ئۇستىدە ئىس تې-

گىپ قىلىپ، شۇ سەۋەب بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ قېتىملىق
ھەربىي يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلغان مىرزا ھەيدەر داۋاملىق ھالدا ئۆز
ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يېڭىدىن تەختكە چىققان
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ
تاغىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرمۇن-
چە ئادەمنى قەتل قىلىدۇ ھەمدە مىرزا ھەيدەرگە تىبەتتىن، شۇنداقلا
خانلىق چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىش توغرۇلۇق پەرمان ئەۋەتىدۇ.
بۇخىل مۇئامىلىدىن دىلى ئازار يېگەن مىرزا ھەيدەر تىبەتتىن بەدەخ-
شانغا كېتىدۇ ۋە بەدەخشان، قوقەن قاتارلىق جايلاردا بىرقانچە يىلنى
ئۆتكۈزۈپ، 1537 - يىلى ھىندىستانغا — بابىر شاھنىڭ ئوغلى
ھۇمايۇننىڭ يېنىغا بېرىپ، 1539 - يىلىغىچە ھۇمايۇننىڭ ئوردىسىدا
خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى مىرزا كامىران-
نىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوشۇن باشلاپ ئافغان توپىلاڭچىلىرىنى باستۇ-
رىدۇ. ھۇمايۇننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن مىرزا ھەيدەر 1540 - يىلى
ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن قوشۇن باشلاپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىدۇ ۋە
شۇ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 22 - كۈنى پونۇچ داۋىنىدىن ئۆتۈپ
كەشمىرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە
كەشمىردىكى توپىلاڭ ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى تىنچىتىپ، تاكى 1551-
يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە كەشمىر رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە
ئاۋاتلىقى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ تىرىش-
چانلىقى بىلەن ئەسلىدە ھۆكۈمەتسىز قېلىپ خارابىلىككە ئايلانغان
كەشمىر رايونى ئاۋات شەھەر قىياپىتىگە كىرىپ، تولۇق روناق تاپقان
باي - باياشات بىر ۋىلايەتكە ئايلىنىدۇ.

1551 - يىلى كەشمىردىكى تاغلىقلار تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قۇترى-
تىشى بىلەن ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىرزا ھەيدەرنىڭ
مۇھىم سەركەردىلىرىدىن بىرقانچىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان-
چىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مىرزا ھەيدەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاش
ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەشمىرنىڭ ھاكىمىيەت

ئۇرگىنى تۇرۇشلۇق سىرىنكىردىن سىرىنكىر بىلەن ھىرەپۇرنىڭ
ئارىلىقىدىكى چانپۇر دېگەن يەرگە بېرىپ، دۇشمەنگە تاقابىل تۇرۇش-
نىڭ تەدبىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئىسيانچىلار ئارىسىدىكى كامال ژىرىن
ئىسىملىك نامەردنىڭ خائىنلارچە ئاتقان يوشۇرۇن ئوقى ئۇنىڭغا كې-
لىپ تېگىدۇ. بۇ ئوق مىرزا ھەيدەرنى بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدۇ.
بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ خاتا
كېتىپ قالغان ئوقى كېلىپ ئۇنىڭغا تەگكەن... مىرزا ھەيدەر ۋاپات
بولغاندا 52 ياشتا ئىدى.

مىرزا ھەيدەرنىڭ تولۇق ئىسمى مىرزا ھەيدەر كورەگان. «مىر-
زا» ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى؛ بۇ نام ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىن باشلاپ
ئومۇملاشقان بولۇپ، موغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مۇسۇلمانلاشقاندىن كې-
يىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى موڭغۇلچە ئىسىملىرىنى ئەرەب تىلى-
دىكى مۇسۇلمانچە ئىسىملارغا ئۆزگەرتتى. شۇ جۈملىدىن بۇرۇنقى
لەشكىرى ئالىي قوماندانلارنىڭ ئەمەل نامى بولغان «نويان» (ياكى
«نويۇن») دېگەن سۆزمۇ «ئەمىر» دېگەن سۆز بىلەن ئالماشتى.
ئەمىرزادىلەر بولسا «مىرزا» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە بۇ نام ئاتىدىن
بالىغا مىراس قالىدىغان ئەنئەنىۋى ھۆرمەت نامى بولۇپ قالدى. مىرزا
ھەيدەرمۇ ئەمىرزادىلەردىن بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان؛ «مۇھەم-
مەد» ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى؛ «ھەيدەر» بولسا «ئارسلان» دېگەن مەنىدى-
كى سۆز بولۇپ، قوشۇمچە ئىسمىدۇر؛ «كورەگان» خاننىڭ كۈيئوغ-
لى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئەمىر تېمۇر زامانىدىن باشلاپ
خان ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى بىۋاستە خانغا كۈيئوغۇل بولغان ئەمىر
ياكى ئەمىرزادىلەرگە قارىتىلغان مەخسۇس نام.

مىرزا ھەيدەر كۆپ تەرەپلىمە يېتىلگەن دۆلەت ئەربابى، ئىقتى-
دارلىق ھەربىي قوماندان ئىدى. «بابىرنامە»دە بايان قىلىنىشىچە،
ئۇ خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ۋە ساداقلارنى ياساش، ئات
جابدۇقلىرىنى نەقىشلەشكە ئوخشاش ئىشلارغا ناھايىتى چېۋەر بولۇپلا
قالماي، شېئىردا ئىستېداتلىق، يېزىقچىلىقتا پىشقان بىر زات بول-

غان. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ۋە «جاھاننامە» قاتارلىق
ئېسىل ئەسەرلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

«تارىخى رەشىدىي» زور ھەجىملىك تارىخىي ئەسەر، شۇنداقلا
قىممەتلىك ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ۋەكىلـ
لىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە ئەمىر تېمۇر
ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدىن تاكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زاماـ
نىسىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا بولۇپ
ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر، شۇ دەۋرلەردىكى ئۇرۇقداش قەبىلە ۋە
مىللەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، نەسەبداش خان ۋە سۇلتانلارنىڭ
نىزاـ جاڭجاللىرى ۋاقىت تەرتىپى ۋە يىلنامىلىرى بىلەن، ھەتتا ئاي
- كۈنلىرىگە قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن سىرت، ئۇرغۇنلىغان
يەر - جاي نامىلىرى، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىنىك
مەنبەسى… قاتارلىقلار ناھايىتى ئېنىق ۋە مۇپەسسەل شەرھلەنگەن.
مىرزا ھەيدەر ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىك ئۇسۇلىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز
ئەسىرىگە سىرلىق ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنى ئارىلاشتۇرمىغان ھەم مۇباـ
لىغە ۋاستىسىدىن ساقلانغان. پەقەت ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىـ
لىرى بولغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ ۋارىسى ۋە بىۋاستە ئىشتىراكچىـ
سى بولغانلىقىدەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تارىخنى تارىخىي
تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلغان. تارىخىي چىنلىققا
ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن كونكرېت ۋەقە ۋە شەخسلەرگە
خالىس نىيەتتە توغرا مەيداندىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىپ، ئاتىسى
مۇھەممەد ھۈسەيىنىنىڭ نامى زىكرى قىلىنغاندا «تەڭرى ئۇنىڭ ھۆجـ
جەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي» دەپ دۇئا قىلغاندىن بۆلەك، ئاتا - بوۋىلىـ
رىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا مەدھىيە
ئوقۇمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئەينەن تەسۋىرـ
لىگەن؛ جۇملىدىن دۈشمەنلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسەتمەي،
ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغان.
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىرزا ھەيدەرگە دۈشمەنـ

لىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەزىلەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەش مۇددىئاسى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا بېغىشلىغان.

«تارىخى رەشىدىي» دىكى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى دەتالاشلارغا قارىتا ئىنىق ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈچلۈك پاكىتتۇر. چۈنكى، نەۋائى بىلەن بىر زاماندا ياشىغان مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىسپاتى باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا ئىناۋەت جەھەتتىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» نى كەشمىردىكى مەزگىلدە، يەنى 1541 — 1547 - يىللاردا يېزىپ تاماملىغان. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مىرزا ھەيدەر كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەن ناھايىتى بىلىمسىزلىكىمدىن تۈركىي تىلدىن نېسىۋىسىز قالدىم. ئىلاجىسىزلىقتىن ئىككى خىل پايدىنى كۆزلەپ، بۇ كىتابنى پارس تىلى بىلەن يازدىم. بىرىنچى پايدا، پارس تىلىنى ئاۋام خەلق چۈشىنەلمىسىمۇ، قانداق بولمىسۇن ئىختىساسلىق ئالىملار بىلىم تەقەززاسى سەۋەبلىك ھەرقانداق تىلدىن پايدىلىنالايدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى پايدا پارس تىلىنى ھەرقايسى دىياردىكى ئىلىم ئەھلىيلىرى ياقتۇرىدۇ. بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسەت — ئىلىم تارقىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ۋە كۆپچىلىككە پايدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. پارس تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇكى، ئۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىكنىڭ (ئابدۇرەشىدخان كۆز تۇتۇلغان) ياخشى نامى بارلىق ۋىلايەتلەردە مەشھۇر بولغۇسى ۋە تىلغا ئېلىنغۇسى...»

«تارىخى رەشىدىي» دىن كەلتۈرۈلگەن بۇ نەقىلنىڭ كېيىنكى جۈملىسىدىكى چىن ئىخلاس ۋە سەممىي تىلەك، ئەمەلىيەتتە مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىگە قايتتى.

قىسقىسى، «تارىخى رەشىدىي» غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى، ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى تېپىلغۇسىز بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر.

## ھىرودوتوس ۋە ئۇنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى

ھىرودوتوس مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 484 - يىلى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي ساھىلىدىكى گالىكارناس دېگەن يۇنان شەھەر دۆلىتىدە مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىنلا ئوبدان تەربىيە ئالغان ۋە كېيىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ مول بىلىم ئىگىلىگەن. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 455 - يىلدىن 447 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىمالدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىغىچە، جەنۇبتا مىسىرغىچە، شەرقتە ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىغىچە، غەربتە ئىتالىيىگىچە بولغان جايلارنى ساياھەت قىلغان. ھىرودوتوس ھەربىر جايغا بارغاندا، شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. مەشھۇر قەدىمكى يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلغان، خەلق رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي ھېكايىلەرنى توپلىغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن مول ماتېرىيال تەييارلىغان.

ھىرودوتوس مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445 - يىلى ئافىناغا كەلگەن، بۇ يەردە يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ يۇنان- پېرسىيە ئۇرۇشىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 443- يىلى ئەتىيازدا، ئافىنالىقلار ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كارانتو قولتۇقى قىرغىقىدا توررىئون شەھەر دۆلىتىنى قۇرغاندا، ھىرودوتوس ئافىنا كۆچمەنلىرىگە ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن ۋە بۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولغان. ھىرودوتوس توررىئوندا ئاساسىي كۈچ- قۇۋۋىتىنى «تارىخ»نى يېزىشقا سەرپ قىلغان. لېكىن، ئەسەر پۈتمەي تۇرۇپ، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 425 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

«تارىخ» يۇنانىنىڭ تارىخشۇناسلىق تارىخىدا ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر-

لەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر يۇنان داستانلىرى ۋە نەسرىي ئەسەر-لىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا يېزىلغان. «تارىخ» نىڭ يەنە بىر نامى «يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» بولۇپ، ئۇ توققۇز تومغا، مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئالدىنقى قىسىمدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى شىفىيلىكلەر، يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسى، كىچىك ئاسىيادىكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى-نىڭ پېرسىيىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرى-كى 479- يىلىدىكى پلاتىيە، مىكال جەڭلىرى بايان قىلىنغان.

پۈتۈن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قارىغاندا، ئالدىنقى قىسـ-مىدا خەلق رىۋايەتلىرى ھەم رەسمىي تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپرەك جايلىرى ماۋزۇدىن چەتنەپ كەتكەن. كېيىنكى قىسىمدىكى بايانلار بىرقەدەر مەركەزلىك ۋە ئەمەلىي بولغان. «تارىخ» نى ئەينى زاماندىكى غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە يۇناننىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى دېيىشكىمۇ بولى-دۇ. ئۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، ھىرو-دوتوس غەربتە «تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان.

«تارىخ» تا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تۇمارىس توغرىسى-دىكى رىۋايەتلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، «تارىخ» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى ئۆگىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

## ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ھۇۋەيدا

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات ئالىمىدە جاھانكەشتى شائىر، ئىسيانكار روھ يۇلتۇزى بابارەھىم مەشرەبتىن كېيىنكى يەنە بىر نامايەندە — مۇتەپەككۇر شائىر خوجا نەزەر غايىپ

نەزەر ئوغلى هۇۋەيدا (1780 — ؟) دۇر.

هۇۋەيدانىڭ بالىلىق چاغلىرى پەرغانە ۋادىسى بىلەن قەشقەر بوستانلىقى ئارىسىدىكى «تەختى سۇلايمان» تېغى ۋە بۇغرام دەرياسى بويىدىكى ئوش شەھىرىدە ئۆتكەن. ئىلىم تەھسىلىنى بولسا قوقان شەھىرىدە ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، چىم- ياندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەدرىسەدە مۇدەررىس — مائارىپچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئۇنىڭدا نەزم، شېئىرغا بولغان هەۋەس قوقان مەدرىسەدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئويغانغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئۇ شەرق ئەدەبىيا- تىنىڭ دۇنياۋى نامايەندىلىرىدىن خوجا هاپىز شىرازى، فەرىدىدىن ئەتتار، ئەلىشىر نەۋائى... لارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە مۇھەببەت ۋە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ مۇتالىئە قىلغان. يۇقىرىقى ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىلاھىي بۈيۈكلۈككە بولغان پاكىز ئېتىقاد، ئىنسانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، نادانلىق، جاهالەتكە بولغان ئېچىنىش ۋە غەزەپ - نەپرەت، ئىلىم - مەرىپەت ۋە هەقىقەتكە بولغان كۈچلۈك دەۋەت - چاقىرىق سادالىرى ئۇنىڭ كېيىنكى دۇنياقارىشى ۋە ئىجادى- يىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

شائىر ئوتتۇرا ئەسىر جاهالەتچىلىكى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يېگانە تەپەككۇر دۇنياسىدا نادانلىق، جاهالەت ۋە فېئودال مېشچانلىقىقا بولغان كۈچلۈك غەزەپ- نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئاجايىپ ئىسيانكار لىرىكىلار- نى يارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە نۇرانە ئوبرازىنى تىكلىگەن.

شائىرنىڭ لىرىكىلىرى كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەت- پەرۋەرلىك روھىغا تويۇنغان بولۇپ، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدىن هالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. جۈملىدىن شىنجاڭ- دا هۇۋەيدانىڭ ئەسەرلىرى مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىنىپ ئوقۇتۇل-

غان. هاپىزلارنىڭ ھېكمەتلىرى، 12 مۇقام نەغمىلىرى ھۆۋەيدانىڭ ئاتەشنەپەس بېيىتلىرى بىلەن تېخىمۇ مول مەزمۇن ۋە كۈچلۈك جەزبىگە ئىگە قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقى ھېلىھەم ئۆزبېك خەلقىگە ئوخشاشلا شائىرنى ئۇ-لۇغلاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭ چەۋ-رىسى ھاجى سالاھىددىن ساقىبى ۋە مىرزا ھاكىم ئىبنى مىرزا ئۇمىد مەرغىلانىلەر ھەرقايسى جايلاردا رەتسىز ھالەتتە تارقالغان ئەسەرلىد-رىنى جەمــلەپ ۋە رەتلەپ، ھىجرىيــىــنىڭ 1326 - يىلى (مىلادىيە 1908 — 1909 - يىللار) تاشكەنتتە «كىتابى ھۆۋەيدا چىميانى» نامىدا تاش مەتبەئەدە باستۇرغان بولۇپ، مەزكۇر كىتابقا 351 غەزەل، 28 رۇبائىي، 41 مۇرەببە، ئۈچ مۇخەممەس، بىر مۇسەددەس، بىر مۇسەممەن، ئىككى مۇستەھزاد ھەم «راھەتى دىل» ناملىق دىداكتىك داستانى كىرگۈزۈلگەن.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1-، 2-، 3-توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.
2. لى يىنپىڭ: «بۇددا ئىلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.
3. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
4. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
5. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
6. «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
7. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
8. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
9. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
10. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى.
11. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.
12. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.
13. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
14. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
15. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
16. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
17. «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
18. «ئالتۇن يارۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxOTIzOTEuemlw",
"filename_decoded": "40192391.zip",
"filesize": 14387308,
"md5": "029e9e5e8dd83412d39a264a44065aba",
"header_md5": "b16928e11c23a518ed3999f6acff8129",
"sha1": "df3ea6235f0f7e87bf7700b9e554939df84ac3ca",
"sha256": "d027dbb26f7418b7ff8562c7221a77ab178a380e2ac2f9da0823e5b509e2bc45",
"crc32": 686829389,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 14642572,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2563\u253c\u2561\u03a3\u256c\u2500\u2564\u00ba\u2502\u00fa\u2559\u251c\u251c\u221a\u2524\u2569\u255c\u0393\u2569\u2550 3 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40192391",
"pdg_main_pages_found": 233,
"pdg_main_pages_max": 233,
"total_pages": 248,
"total_pixels": 1067592768,
"pdf_generation_missing_pages": false
}